مەمتمن يۈسۈپ

# بلم ۋە زيارەت

مللەتلەر نەشرياتى

责任编辑：穆罕默德·伊明
封面设计：刘家峰
封面书名：亚森·买买提

图书在版编目(CIP)数据

访问与探索：维吾尔文/买买提明.玉素甫著，一北京：民族出版社，1997.11

ISBN 7－105－02922－6

Ⅰ.访… Ⅱ.买… Ⅲ.散文－作品集－中国－当代－维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1267

中国版本图书馆CIP数据核字(97)第21061号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号　邮编100013)
博格达微机照排　　民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1998年4月北京第1版　　1998年4月北京第1次印刷
开本：850×1168毫米　1/32　印张：10
印数：0001－1000册　　定价：25.00元



تەتقىقاتچى مەتنمن يۇسۇپ



مەمتىمىن يۈسۈپ 1987-يىل 7-ئاينىڭ 24-كۈنى لېنىنگراد
سمولنى سارىيىدىكى لېنىن ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلدى



مەمتىمىن يۈسۈپ لېنىنگرادتىكى شەرق ئىنستىتۇتىدا ئېچىلغان
قوتادغۇبىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا

# نەشرىياتتىن

تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ 1927-يىل 6-ئاينىڭ 15-كۈنى قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسىنىڭ كۆنچى مەھەللىسىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1937-يىلدىن 1943-يىلغىچە دارىلئېيتام ۋە قەشقەر سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1943-يىلدىن 1946-يىلغىچە قەشقەر شەھىرى نوبېشى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا، ئۈرۈمچى سىفەن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1946-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئىلى «ئۇيغان» گېزىتىدە تەھرىر، ئىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدا، 3-بىخەتەرلىك باشقارمىسىدا ئىشلىگەن. 1950-يىلدىن 1992-يىلغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل رەئىسى بولغان. بۇ جەرياندا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە تۆت قارار ئوقۇغان.

"مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نىڭ بالايىئاپەتلىك يىللىرىدا تۆت

كىشىلىك گۇرۇھىنىڭ زىبالىقنى ئاڭلىسا ئۇچراپ، ئېغىر جاپا-مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن روھىي جەھەتتىن سۇنماي، «تۆكۈلمەس كۆز يېشىم»، «ئەمدى بىلدىم»، «نامەرد» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئۇمىدۋارلىقنى، بېسىمغا تىز پۈكمەيدىغان قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ، ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرغان.

1993-يىلدىن 1997-يىلغىچە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

تەتقىقاتچى مەتىمىن يۈسۈپ «تونۇگون ۋە بۈگۈن»، «دىۋان مەشھۇرى»، «دىۋان قىدىر»، «بەھرام گۇر داستانى»، «تارىخىي ساۋاق»، «قۇتادغۇبىلىكنىڭ نەزمىي يەشمىسى» (ئۈچ كىشى بىرلىشىپ ئىشلىگەن)، «باياز — 1»، «باياز — 2»، «بىلىم ۋە زىيارەت» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان ۋە نەشرگە تەييارلىغان. بۇ ئەسەرلەر مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ يەنە 76 پارچە شېئىرى، 54 پارچە ئىلمىي ماقالىسى «بۇلاق»، «تارىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، «غەربىي دىيار»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشكەن.

تەتقىقاتچى مەتىمىن يۈسۈپ كۆرۈنەرلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بىر قاتار

تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئامېرىكا، گېرمانىيە، روسىيە، لىتۋا، ئۇكرائىنا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى. بۇ خەلقئارا يىغىنلاردا ”ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن قىسقىچە بايان“، ”ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شەرق ۋە غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى“، ”قۇتادغۇبىلىك ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر“، ”ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى“ دېگەن ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ چەت ئەل ئالىملىرى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپنىڭ يۇقىرىقى دۆلەتلەردىكى زىيارەت خاتىرىسىنىڭ جەۋھىرىدۇر.



# ئاپتوردىن

1986-يىل 1-ئايدا ئامېرىكىدا ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا باردۇق، بۇ يىغىنغا 13 دۆلەتنىڭ ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشتى. يىغىننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگەتكەندىن كېيىن، نيۇ-يورك، ۋاشىنگتون، بوستون شەھەرلىرىدىكى تارىخىي مۇزېي، كۇتۇپخانا ۋە ئاسارئەتىقە كۆرگەزمىلىرىنى زىيارەت قىلدۇق. 1986-يىلى 7-، 8-ئايلاردا روسىيە، لىتۋا، ئۇكرائىنا، گرۇزىيە قاتارلىق جايلاردا ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، 1989-يىل 3-ئايدا گېرمانىيىدە ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇق. بۇ جەرياندا يەنە نۇرغۇن داڭلىق مۇزېي، كۇتۇپخانا ۋە ئاسارئەتىقە كۆرگەزمىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا توغرا كەلدى. مانا شۇلار ئىچىدە مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى گېرمانىيىنىڭ تىرىر شەھىرىدىكى كارل ماركسنىڭ مۇزېيى، كرېمل سارىيىدىكى لېنىن مۇزېيى بىلەن لېنىن كۇتۇپخانىسى، 1917-يىلدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددەس جايى بولغان سمولنى سارىيى بىلەن لېنىن ئىشخانىسىدىكى قولىيازمىلار، گرۇزىيىنىڭ گورى شەھىرىدىكى ستالىن مۇزېيى، 2-دۇنيا ئۇرۇشى خاتىرە سارىيى، بۇ مۇقەددەس جايلاردا قويۇلغان پاكىت، ماتېرىيال، كىتاب، ھۆججەت، تۈرلۈك قارار، بايانات، سانسىزلىغان قولىيازما، پاكىتلار بولدى. شۇنداقلا، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي

تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە، ئامېرىكىلاردىكى مەن كۆرگەن كۆپلىگەن تارىخىي مۇزېيلار، ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە چېركاۋلاردا قويۇلغان، خارابىلاردا ساقلانغان ئاسارەتىقە، قەدىمكى زامان يادىكارلىقلىرى، ئويما نەقىش، مېمارچىلىق، ھەيكەلتاراشلىقلارنىڭ ئاجايىپ خىسلەتكە ئىگە مۆجىزىلىرى بولدى. بۇلار ئىلىم-پەن تەتقىقاتىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن چەكسىز، ئورتاق بايلىق ئىكەنلىكىنى، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ، ئىجادىيىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسەتتى. مەن يۇقىرىقى زىيارەتلەر ئارقىلىق خۇددى بىرنەچچە پەنگە دائىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ چىققاندەك بولدۇم. مۇشۇ تەسىراتلىرىم ئاساسىدا ئۇشبۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللار ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئېتنوگرافىيە-تارىخ قاتارلىق پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان خادىملار ئۈچۈن ئېيتقاندا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىتابتا يەنە بەزى يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ سەمىمىي پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب

**ئامېرىكىدا ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى توغرىسىدا**

1. يىغىننىڭ ئېچىلىش جەريانى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە ئەھۋالى ........................................ (1)

2. بىزنىڭ تەسىراتىمىز ........................................ (4)

ئىككىنچى باب

**روسىيە زېمىنىدىكى بىلىم ۋە زىيارەت**

مۇقەددىمە ........................................ (8)

كرېمل سارىيى ........................................ (11)

كرېملدىكى لېنىن مۇزېيى ........................................ (14)

قىزىل مەيدان ........................................ (16)

موسكۋا ........................................ (20)

موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىقتىسادى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ........................................ (31)

سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ........................................ (42)

لىتۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ........................................ (57)

ۋىلنىيۇس ئۇنىۋېرسىتېتى ......................... (65)
ئىلمىي سۆھبەت ۋە زىيارەت ......................... (70)
لېنىن كۇتۇپخانىسى ۋە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى......... (73)
لېنىنگرادتىكى سۆھبەت......................... (76)
بىزمۇ لېنىننى ئەسلەيمىز ......................... (83)
نىۋا دەريا ۋادىسى ......................... (85)
قىشلىق ساراي مەيدانى ......................... (87)
ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددەس جايى ............. (92)
دۇنياغا مەشھۇر ئېرمىتاژ......................... (94)
يەنە بىر قېتىم لېنىن قەبرىسى ئالدىدا ............. (102)
ئۈچىنچى باب
**رۇس سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى توغرىسىدا**
پيوتر ئىلئىچ چايكوۋسكى ......................... (107)
لېنىنگراد دۆلەتلىك بالېت ئۆمىكى ................. (111)
بۇ ئۆمەك توغرىسىدا مەتبۇئاتلاردىكى باھا ........... (112)
ئۇكرائىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ بوكوۋىن ئاكادېمىيە ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبىلى ......................... (114)
تۆتىنچى باب
**لىتۋا زېمىندىكى بىلىم ۋە زىيارەت**
مۇقەددىمە......................... (117)
لىتۋا ھەققىدە سۆز ......................... (118)
ۋىلنىيۇس شەھرى......................... (127)
بەشىنچى باب
**ئۇكرائىنا زېمىندىكى بىلىم ۋە زىيارەت**

لېنىن مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە ...................... (131)

ئالتىنچى باب

**گرۇزىيە زېمىندىكى بىلىم ۋە زىيارەت**

گورى شەھىرى ۋە ستالىن توغرىسىدا .............. (148)
ۋىلادىمىر ئىلئىچ لېنىن بىلەن ئۇچرىششتىن بۇرۇنقى ستالىن
.................................................. (150)
تامىر فورىس يىغىنىدىن كېيىنكى ستالىن.......... (154)
2-دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ستالىن .............. (161)
ئوردېن ۋە پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ستالىننىڭ مۇناسىۋىتى
.................................................. (164)

يەتتىنچى باب

**گېرمانىيە زېمىندىكى بىلىم ۋە زىيارەت**

فرانكفورت........................................ (169)
مۇقەددىمە ........................................ (169)
مـايـــن دەريـاســى بويىدىكى فرانكفورت ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇش ئالاقە مەركىزى .................... (170)
كايسېرساد ........................................ (177)
«Minerra» ۋە «Justitia» ........................ (179)
ھىستورىسكى مۇزېيى .............................. (179)
دۇنياغا مەشھۇر يەر ئاستى يولى .................. (181)
ئوپېرا تىياتىرخانا ............................... (182)
قەدىمكى ئويما ھەيكەل مۇزېيى .................... (183)
پوچتا مۇزېيى...................................... (184)
قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى مۇزېيى............. (185)

گېرمانىيە كىنو مۇزېيى .............................. (186)
يەھۇدىلار مۇزېيى .............................. (186)
گىئوتىنىڭ قەدىمكى جايى ..................... (188)
مۇزېيشۇناس، شائىر گىئوتى مۇزېيى .............. (189)
جوھان ۋولفگان ئۇنىۋېرستېتى ..................... (191)
Gio pomodoro فونتانى ..................... (192)
رېيىن-مايىن ئايرودرومى ......................... (193)
كيولىن ........................................ (196)
كيولىننىڭ تارىخى، قەدىمكى رىم دەۋرى ........... (196)
قەدىمكى رىم سېپىلى .............................. (199)
قەدىمكى رىم مۇنارى ............................. (200)
كيولىننىڭ ۋېيدىندىكى قەدىمىي روھان قەبرىلىرى ... (200)
روھان، فرانكى قەبرىستانلىقى........................ (201)
ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى
رىم ............................................. (201)
15-، 18-ئەسىردىكى كيولىن........................ (205)
كيولىن شەھىرىنىڭ 1531-يىلدىكى مەنزىرىسى ......... (207)
19-ئەسىردىكى كيولىن.............................. (207)
20-ئەسىردىكى كيولىن.............................. (209)
چوڭ چېركاۋ ...................................... (211)
قۇرۇلۇش تارىخى.................................. (212)
چوڭ چېركاۋنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان بۇيۇملار
.................................................. (214)
دۇنيا سەنئىتىنىڭ خەزىنىسى ......................... (215)

روھان-گىرمان مۇزېيى ........................ (218)
شەرقىي ئاسىيا سەنئەت مۇزېيى ...................... (219)
سكنۇنگېن مۇزېيى .............................. (219)
مۇزىكا، دراما ...................................... (219)
رېيىن دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمىي يادىكارلىقلار ... (222)
كيولىن تارىخى توغرىسىدا يىلنامىلار ................. (240)
تىرىر ........................................ (250)
تىرىر شەھىرىدىكى كارل ماركسنىڭ مۇزېيى ......... (250)
چوڭ ئىشلار يىلنامىسى.............................. (256)
تىرىرنىڭ قىسقىچە تارىخى ........................ (259)
ئائۇلا ئوردىسى ................................. (263)
پادىشاھلارنىڭ ئارقا ئوردىسى ..................... (264)
ماھارەت مۇسابىقە مەيدانى ........................ (265)
رىم چوڭ كۆۋرۈكى ............................. (267)
لاندىس مۇزېيى.................................. (267)
پوپ مۇزېيى (Bischüf lich musenm) ............ (268)
دومسىخات ئامبىر.................................... (268)
شەھەرلىك ھۆكۈمەت مۇزېيى.......................... (269)
شەھەرلىك كۇتۇپخانا .......................... (269)
ئەۋلىيا سىمئون ئىنستىتۇتى ....................... (269)
تىرىرنىڭ يىلنامىسى .......................... (270)
بونن ........................................ (273)
بونن 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە شەھەر ............ (273)
بونن ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىرى ..................... (276)

بونىنىڭ پايتەخت بولۇشى ........................ (278)
كولنىر ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ (281)
هاننوۋېر ........................ (283)
هاننوۋېردا ساقلانغان مىسىر سەنئىتى ........................ (283)
هاننوۋېردىكى مۇزىكا-دراما بېغى ........................ (285)
مۇزىكا-دراما بېغىدىكى ھەيكەل ۋە مەنزىرىلەر ھەققىدە ئىزاھات ........................ (288)
بامبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىيات بۆلۈمى توغرىسىدا ........................ (289)

## بىرىنچى باب

# ئامېرىكىدا ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى توغرىسىدا

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى چارلىز لىنو ئەپەندىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت نامىدىن ئەۋەتكەن تەكلىپىگە بىنائەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان "جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل، مەدەنىيەت، تارىخ بويىچە خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى"غا قاتنىشىش ئۈچۈن 1986-يىل 1-ئاينىڭ 24-كۈنى شائخەي ئارقىلىق لوس-ئانژېلېس شەھىرىگە يېتىپ باردۇق.

## 1. يىغىننىڭ ئېچىلىش جەريانى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە ئەھۋالى

يىغىن لوس-ئانژېلېسنىڭ 168 كىلومېتىر شىمالىدىكى مەشھۇر ساياھەت ئورنى سانتا بار-بارا شەھىرىنىڭ "مارىيە ئۆيى" ناملىق ئاتاقلىق مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلۈپ، 26-يانۋاردىن 29-يانۋارغىچە ھەر كۈنى سەككىز سائەتتىن جەمئىي تۆت كۈن داۋام قىلدى. يىغىنغا جۇڭگو، ئامېرىكا، كانادا، مېكسىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە، شۋېتسىيە، گوللاندىيە، غەربىي گېرمانىيە، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق 13 دۆلەت ئالىملىرىدىن 56 كىشى قاتناشتى. جۇڭگودىن جەمئىي 11 كىشى قاتناشتۇق. چەت ئەللەردىن يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە ئامېرىكىدىكى مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن 13 ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پروفېسسورلىرى، دۇنيا بويىچە ئاتاقلىق تىلشۇناس، 86 ياشلىق نىكراس پوپپى (POPPI) ۋە مەشھۇر ئانترا پولوگ ۋىلھېلىم سولخۇ، مەشھۇر ياپون تارىخچىسى پروفېسسور ئوكادا، يېقىن شەرق مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم ئاتاقلىق پروفېسسور ئېلىسسىن لائودى سېرتاۋتاس ۋە باشقىلار بار.

دەپ ئىككىمىزنىڭ سۆزىنى ئۆزى ئىنگلىزچىگە تولۇق تەرجىمە قىلىپ بەردى.

مېنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن قىسقىچە بايان» ماۋزۇلۇق لېكسىيەم ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى ساھەسىدىكى تەتقىقاتلىرىمىز نەتىجىسىدە ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ داۋاملىق قېزىپ چىقىرىلىپ، يېڭى-يېڭى ئەدىب، شائىر ۋە ئەسەرلەرنىڭ بايقىلىۋاتقانلىقى، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنى جۇڭگودا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن نەزمىي شەكىلدە نەشر قىلىنغانلىقى، جۇملىدىن، خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇ ئەسەر ھەققىدە قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ كەڭ قانات يېيىپ «قۇتادغۇبىلىك شۇناسلىق»قا ئاساس يارىتىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلىرىم يىغىنغا قاتناشقان ئالىملارنى ئىنتايىن قىزىقتۇردى. بىرمۇنچە ئالىملار جۇڭگودا مەيدانغا كەلگەن بۇ يېڭىلىقلارغا ئاپىرىن ئېيتتى.

مەن ئىلمىي جەمئىيەتلەر نامىدىن يىغىنغا «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئۇيغۇر تارىخى»، «شىنجاڭ» ناملىق رەسىملىك مەجمۇئە ۋە بىرمۇنچە ئۇيغۇر ئەدىب، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە دوستلارغا كىيگۈزۈپ قويۇلىدىغان دوپپىنى تەقدىم قىلغىنىمدا يىغىن ئەھلى گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. يىغىنغا قاتناشقان ئالىملارغا، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ۋاكالىتەن پروفېسسور چارلىز لىنو جۇڭگوغا رەھمەت، شىنجاڭغا رەھمەت دېدى.

يىغىن جەريانىدا ئەڭ قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات تارىخىنىڭ شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل ۋە

يىغىنغا 36 پارچە ئىلمىي ماقالە سۇنۇلغان بولۇپ، بۇ ماقالىلەر موڭغۇلشۇناسلىق، زاڭزۇشۇناسلىق، ئۇيغۇر، مياۋزۇ، ياۋزۇ، بەيزۇ، دەيزۇ، ئاۋا، سېرىق ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، تاتار قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، تارىخىغا، تىل-ئەدەبىياتىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى، خەنزۇ ئورتاق تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە مانجۇ، ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر تىللىرىنىڭ رولى، جەنۇبىي جۇڭگودىكى بەزى مىللەتلەردە شامانىزم تەسىرى، خۇيزۇلار ئارىسىدا سوپىزمنىڭ تارقىلىشى، قازاق ئاقىنچىلىقى، ھاۋاي ئاراللىرى يەرلىك خەلقىنىڭ مەدەنىيەتكە قەدەم تاشلاش تارىخى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىغىندا 27 كىشى رەسمىي سۆزگە چىقتى. يىغىندا ئىنگلىز تىلى ۋە خەنزۇ تىلى ئىشلىتىلدى. خەنزۇچە سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سۆزى ئىنگلىزچىگە تولۇق تەرجىمە قىلىپ بېرىلدى.

بىزنىڭ ماقالىلىرىمىز يىغىنغا ئالدىن ئەۋەتىلمىگەنىدى، شۇنداق بولسىمۇ، يىغىن رەئىسى بىزگە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى، شۇڭا يىغىنىنىڭ بىرىنچى كۈنىلا چۈشتىن ئىلگىرى نيو-يورك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مورىس روسسابى ۋە ياپون تارىخچىسى پروفېسسور ئوكادادىن كېيىنلا ماڭا سۆز بېرىلدى. چۈشتىن كېيىن ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، مەشھۇر تىلشۇناس نىكراس پوپپې ۋە ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى چىن نەيشۇڭدىن كېيىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە سۆز بېرىلدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇدى. يىغىن باشقۇرغۇچى ئامېرىكا كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى چارلىز لىنو بىزگە ئۇيغۇرشۇناسلىقنى تەتقىق قىلمىغان ئالىملار ئۈچۈن سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار يېڭىلىق بولىدۇ، شۇڭا سىلەرگە جىقراق سۆزلەشكە ۋاقىت بېرىمىز،

ئاشىمايۋاتقانلىقىغا ئىچىنىدىكەن ۋە بۇ ئارزۇلىرىغا يېتىشكە تەقەززالىقى كۈچلۈك ئىكەن. بىرمۇنچە مەملىكەت ئالىملىرى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ قەدىمكى يىپەك يولىنى ۋە قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى ياراتقان خەلقىنىڭ هازىرقى رېئال ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ جاھان جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇشنى بەكمۇ خالايدىكەن.

2. بەزى دۆلەتلەردىكى "تۈركولوگلار"ئىچىدىكى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتتا ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈرك مىللىتى ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدىلا قارىلىپ كەلگەچكە، ئۇيغۇر خەلقىنى بىر مىللەت سۈپىتىدە ئەمەس، پەقەت ئومۇمىي تۈرك مىللىتى دەپ تەتقىق قىلىنىپ كەلگەن. شۇڭا، مۇشۇ دائىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇر مىللىتى دېگەن نامنى ئىشلەتمەستىن، ئۇيغۇرلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ "تۈرك" دەپ ئاتايدىكەن. يېقىن جەريانىدا ئوتتۇرا شەرق ئىسلام دىنىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئېلىسسىن لائودى سېرتاۋتاس "ئۇيغۇر مىللىتىنى تۈرك دەپلا ئاتاش يەنىگە توغرا ئەمەس، پروفېسسور كابايىنىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ھەممىنى قوشۇپ تۈرك مىللىتى دەپ ئېيتىش پانتۈركىزم بولىدۇ. بىر قېتىملىق تۈركىيىدە ئېچىلغان فولكلور يىغىنىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلورى تۈركنىڭ فولكلورىغا قوشۇۋېتىپ سۆزلەنگەن. مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى فولكلورلىرى مۇقەددەس..." دېدى. شۇنداقلا، نيۇ-يورك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناس ئالىمى نىكراس پوپپى سۆز قىلىپ: "ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئەنئەنىۋى سەنئىتىدىكى ئۇن ئىككى مۇقامى شەرقتىن چىققان چولپان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ" دېدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، دۆلىتىمىز

ئەدەبىياتىنى، ئومۇمەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ نەقەدەر مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەر ئالىملىرىنىڭ ئۆزئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئارزۇسى بويىچە ھەمكارلىشىپ، بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بىرلىكتە تەتقىق قىلىش ھەققىدە ئېيتقانلىرىمىزنى يىغىن ئەھلى قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. بىرمۇنچە ئالىملار يىغىن سىرتىدىكى ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش سۆھبەتلىرىدە "بىز ئۇيغۇرلارنى تۈركلەرنىڭ بىر پۇتىغى دەپ ئاددىي قارىغان ئىكەنمىز، ئۇيغۇر مىللىتى ھەقىقەتەن ئەڭ قەدىمكى شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مىللەت ئىكەن. بۇندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن ئۇيغۇرشۇناسلىق ھەققىدە ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر شۇناسلىقى ھەققىدە ئىلمىي مۇناسىۋەت ئورناتساق" دېگەن ئارزۇلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. قىسقىسى، بۇ يىغىن ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئۆزئارا ئۆگىنىش يىغىنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ شان-شۆھرىتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىش، خەلقئارادىن تېخىمۇ كۆپلەپ دوست تېپىش يىغىنى بولدى.

## 2. بىزنىڭ تەسىراتىمىز

1. خەلقئارادا جۇڭگو بىلەن ھەقىقىي دوست بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئالىملار ئاز ئەمەس ئىكەن، جۇڭگودىكى بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقىش ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن، ئەمما تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئارزۇلىرىنىڭ تولۇق ئەمەلگە

يىغىننى ئېچىش نۇتقى، يېپىش نۇتقى دېگەنلەرمۇ بولمىدى. باشقا خىلدىكى ئۇزۇن-ئۇزۇن نۇتۇقلار سۆزلەنمىدى. ھەربىر ئالىم ئۆزى تاللىغان مەخسۇس بىرلا تېمىدا 10 — 15 مىنۇت، يىغىن مەسىلىلەردە ئېشىپ كەتسە 25 مىنۇت سۆز قىلىش بىلەن، قالغانلار ئايرىم گۇرۇپپا مەجلىسى ئېچىپ ئولتۇرماستىن، يىغىننىڭ ئۆزىدىلا دەل دېمەكچى بولغان پىكىرلىرىنى قىسقىغىنە بايان قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

يىغىننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، نيۇ-يورك، ۋاشىنگتون، بوستون شەھەرلىرىدىكى تارىخىي مۇزېي، ئاسارئەتىقە كۆرگەزمىلىرىنى زىيارەت قىلدۇق. ئاندىن 2-ئاينىڭ 2-كۈنى بېيجىڭگە قايتىپ كەلدۇق.



بىلەن ھەقىقىي دوست بولۇشنى خالىغان چەت ئەل ئالىملىرى بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنىڭمۇ كۈچلۈك ئارزۇيىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز تۈرلۈك يوللار بىلەن جۈملىدىن دۆلەت ئورگانلىرى، يەرلىك ئورگانلار ۋە ھەرقايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا زىيارەت، ئۆزئارا ئىلمىي لېكسىيە ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى چاقىرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى تەشۋىق قىلىپ، چەت ئەللەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

بۇ ئەھۋاللار يەنە ئۇيغۇرشۇناسلىقنى تىكلەش توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆرۈش لازىملىقىنى ئىسپاتلايدۇ. دەرۋەقە، ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ «ئۇيغۇرشۇناسلىق» ئايرىم بىر پەن سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

3. بۇ قېتىمقى يىغىن خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بولسىمۇ، پۈتۈن يىغىن جەريانى بەشلا كىشىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئۆتتى. يەنى پروفېسسور چارلىز لىنو ھەم يىغىن ئۇيۇشتۇرغۇچى ھەم تەرجىمان ھەم شوپۇر ھەم باشقۇرغۇچى ھەم ئىلمىي ماقالىلەرنى بېسىپ تارقاتقۇچى ھەم يىغىننىڭ ئىلمىي مۇھاكىمىچىسى بولدى. ئۇنىڭغا پەقەت ئىككى پروفېسسور يېقىندىن ياردەملەشتى. يىغىن جەريانىدا بىزدىكىگە ئوخشاش كاتىبات گۇرۇپپىسى، يىغىن گۇرۇپپىسى، ئارقا سەپ گۇرۇپپىسى، رەھبەرلىك كومىتېتى دېگەنگە ئوخشاش قاتمۇقات تەشكىلىي ئاپپاراتلار، مىڭلاپ ماتېرىيال تارقىتىشلار، ئۇنلىغان خىزمەتچى خادىملار بولمىدى. شۇنىڭدەك،

# ئىككىنچى باب

# روسىيە زېمىندىكى بىلىم ۋە زىيارەت

# مۇقەددىمە

1987-يىل 7-ئايدا موسكۋادا، جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئاكادېمىك چىخۋىنىسكىنىڭ "سوۋېت بىلەن جۇڭگودىن ئىبارەت ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى مەڭگۈ گۈللەپ ياشىسۇن" دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئېلىپ، بۇ چاغدىكى زىيارەتتىن ئالغان بىلىم ۋە تەسىراتلىرىمنى ئىلىم-پەن تەتقىقاتى بىلەن، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىگە، ئېتنوگرافىيە تارىخىغا دائىر تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش قارارىغا كەلدىم.

مەن خېلى ئۇزۇندىن بېرى لېنىن ۋە ستالىنىنىڭ ۋەتىنى سوتسىيالىستىك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مەركىزى بولغان موسكۋا، لېنىنگراد، كىيېۋلارنى، بولۇپمۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا گىتلېر فاشىزمى ئۈستىدىن ئالەمشۇمۇل غەلىبە قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانلىرىنىڭ خاتىرە، قەبرىگاھلىرىنى زىيارەت قىلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ ئارزۇيۇمنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغان كۈنلىرى يېتىپ كەلدى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئالاقە باغلاش جەمئىيىتى بىلەن جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان لىن جاۋنەن ئۆمەك باشلىقلىقىدىكى 15 كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى 1987-يىل 7-ئاينىڭ

20-كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى ئەتىگەن سائەت ئوندا پايتەختىمىز بېيجىڭ ئايرودرومىدىن موسكۋاغا قاراپ يولغا چىقتۇق. چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى ئالتە يېرىمدا، موسكۋا ۋاقتى 1 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە 18-ئەسىردىكى رۇسلارنىڭ مەدەنىيەت ئەربابى شىرىمى جىبىپ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان موسكۋا خەلقئارا ئايرودرومىغا چۈشتۇق. شۇ ئايروپىلاندا بىز بىلەن بىللە كەلگەن ھەر مىللەت، ھەرخىل تىلدىكى چەت ئەللىك دوستلار، موسكۋاغا سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولسا كېرەك، چاۋاك چېلىپ ھۇررا تووۋلايتتى. شۇ خۇشاللىق مىنۇتلاردا مەن ئەستايىدىللىق بىلەن كۆرۈش، ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىش، ئەستايىدىللىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىش ھېسسىياتىغا چۆمدۈم، ئوقۇغۇچىلىق، ئوقۇتقۇچىلىق ۋە ئەمەلىي خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا، رۇس ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يازغۇچىلىرىنىڭ موسكۋا توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈنمۇ موسكۋا ماڭا بىر قەھرىمانلىقنىڭ، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە خېلى ئۇزۇندىن بېرى تونۇشتەك بىلىنەتتى. ئاپتوبۇس بىلەن لېنىن كوچىسىنى بويلاپ شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق. تەرجىمان ئالىيوشا بىلەن لىنا بىزگە لېنىنگراد يولىغا ئايرىلىدىغان كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئورنىتىلغان 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ خاتىرە مۇنارىنى، يول بويىدىكى پادىشاھ پېترنىڭ 17-ئەسىردە دەم ئېلىش ئۈچۈن كونا رۇس شەكلى بىلەن ياساتقان يەتتە قەۋەتلىك ئىبادەتخانىسىنى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى پادىشاھ پېترنىڭ رۇس چىركاۋى شەكلىدىكى جۇغراپىيىلىك ئاكادېمىيىسىنى، 1920-يىلى سېلىنغان 20 مىڭ كىشىلىك ئۇنىۋېرسال ياۋروپا ستادىيون مەركىزىنى، لېنىن نامى بىلەن مۇجەسسەملەنگەن «پراۋدا» گېزىتخانىسى بىناسىنىڭ قەيسەر كەچۈرمىشلىرىنى، ماركس مەيدانى،

مېتىر ئېگىزلىكتىكى كۈمۈش رەڭلىك مۇنارى، 1935-يىلى ستالىن تەستىقلىغان موسكۋانىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇش پىلانى ئىچىدىكى 200 كىلومېتىرلىق مېترونىڭ گۈمبەز شەكىللىك شەرقىي بېكەت ئاشيانىسى، بۇ مېترونىڭ تارماق يوللارغا بۆلۈنىدىغان مەركىزىي ۋوگزاللىرىدىكى خۇددى گۈزەل سەنئەت مۇزېيلارغا ئوخشاش ئۈستۈن ماھارەت بىلەن ئويۇلغان گۈزەل تام سۈرەتلەر، ھەيكەللەر، نادىر مىللىي ئويما نەققاشلار بىلەن بېزەلگەن بۇ يەر ئاستى شەھىرى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى.

موسكۋانى زىيارەت قىلىشىمىز 1987-يىل 7-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن باشلاندى. 22-چىسلا ئەتىگەن سائەت سەككىز يېرىمدا كرېمل دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان، 1941-يىلدىن 1945-يىلغىچە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇلۇغ ۋەتەننى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ قەبرىگاھى ئالدىدا ھۆرمەت بىلدۈردۇق، گۈل چەمبىرەك قويدۇق.

## كرېمل سارىيى

موسكۋا بىرنەچچە ئېگىز-پاكار تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزى دەل كرېمل سارىيىدۇر.

"كرېمل" دېگەن سۆزنىڭ مەنبەسى "قورغان" ياكى "ئىچكى شەھەر" دېگەن بولىدىكەن. رۇسلارنىڭ بىرنەچچە چوڭ شەھەرلىرىدە، مەسىلەن، سمولىنسكى، روتىستوۋ قاتارلىق شەھەرلىرىدىمۇ

سـۇۋوردولوۋسكى مەيدانى، دىرژىنسكى مەيدانى، ماياكوۋسكى مەيدانى، گوركى مەيدانلىرىدا خۇددى ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى ساداسىنى تەگكەش قـىـلىۋاتقاندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرىنى، بىزنىڭ دىـقـقىتىمىزنى بەكمۇ جەلپ قىلغان 17-، 18-، 19-ئەسىردىكى رۇس نـەقـقـاشـچـىـلـىقى بىلەن بېزەلگەن ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەرنىڭ، رۇس مېمارچىلىقىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنى ئەستايىدىل ھالدا قىزىقارلىق قـىـلىپ تونۇشتۇرغانلىقى ئۇچۇنمىكـىـن، كـوسـمـوس (Космос) مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى 44 كىلومېتىرلىق يول بىردەمدىلا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ مېھمانخانىنىڭ 24-قەۋىتىدىن (لېنىن تېغى بـىـلەن موسكۋادىكى 66 مۇزېي، 420 كۇتۇپخانا، 100 نەچچە ئالىي مـەكـتـەپ) لـومونوسوف نامىدىكى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كرېمل ئالدىدىكى تارىخ، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىناسى قاتارلىقلارنىڭ ئالتۇن بىلىش كۇمۇش رەڭلىك گۇمبەز مۇنارلىرى، ھەر كۈنى 2 مىليون ئادەم قوبۇل قىلىدىغان بەش چوڭ خەلقئارا ئايرودروم بىلەن 16 پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئارتىرىيە قان تومۇرىغا ئوخشاش توختىماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان جانلىق پائالىيىتى موسكۋا شەھىرىنىڭ تارىخىي گۈزەل مەنزىرىسىگە ھۆسىن قوشۇپ ئۇلۇغۋار بولۇپ كۆرۈنەتتى.

كوسموس مېھمانخانىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە جايلاشقان س س س ر دۆلەت ئىقتىسادىي كۆرگەزمىخانىسى، يەر شارى سۈنئىي ھەمراھ خاتىرە مۇنارىسى ئالدىدىكى ئايغا چىقىش ئالەم كېمىسىنىڭ ئىجادچىسى، ئاتاقلىق ئـالـىم س ۋولىشوسكىنىڭ ھەيكىلى، بۇ ھەيكەل مۇنبىرىگە بارىدىغان قارىغايلىق يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئالەمشۇمۇل بۇ ئىجادىيەتكە قاتناشقان تـىـتوۋ، تېرېچكوۋا، كرالىيوۋ، دوبرووۋسكى، ليانوۋ، روكاۋسكوۋ قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەيكەللىرى، گوركىي نامىدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 533

قىزىقىنىمىز مۇنداق بىرنەچچە مەسىلە بولدى، ئۇ بولسىمۇ كرېمل سارىيىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدىكى ئۈچ بۆلۈكلۈك مەيدانىنىڭ سول تەرىپى قەدىمكى زاماندىكى ھەربىي زاۋۇتنىڭ ئىمارىتى بولۇپ، تامنىڭ تۈۋىگە بىرنەچچە يۈز چوڭ زەمبىرەك قويۇلغان، بۇلار 1812-يىلى ناپالېئون قوشۇنىنى چېكىندۈرگەندە قولغا چۈشۈرۈلگەن ئولجىلار ئىكەن. غەربىي بۇرجىكىدە بىر ھەربىي قورال‌لار مۇزېيى بولۇپ، ئۇ قىممەتلىك تارىخىي مىراسلار ئىسكىلاتى ئىكەن. بۇ يەردە پەقەت قورال-ياراغلا ئەمەس، بەلكى ھەربىي كىيىم-كېچەكلەر، سائەتلەر، جاھازىلار، ئەينى ۋاقىتنىڭ پوچتا ھارۋىلىرى، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملار قويۇلغان.

موسكۋا شەھىرىنى قۇرغۇچى كىنەز دىمېتىرىنىڭ تۇتقان قورال-ياراغ، ئىچكۈلۈك جامى، ئىمپېراتور پېتر I نىڭ كىيگەن كىيىم-كېچىكى، شۇنداقلا رۇس ئۇستازلىرىنىڭ ياغاچتىن ياسىغان سائەتلىرى قويۇلغان.

1712-يىلى موسكۋانىڭ ئورنىنى يېڭى پايتەخت پېتربۇرگ ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، كرېمل يەنىلا رۇس پادىشاھلىرىنىڭ موسكۋاغا كەلگەندە تۇرىدىغان دەم ئېلىش جايى بولۇپ قېلىۋەرگەن. 18-ئەسىردە كرېملنىڭ قەدىمىي بىنالىرىغا يانداپ رۇس كلاسسىك بىناكارلىقىنىڭ نامايەندىسى بولغان سېنات بىناسى سېلىنغان. ھازىرمۇ بۇ بىنا سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ خىزمەت بىناسى ئىكەن. بۇ بىنانىڭ گۈمبىزى ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت بايرىقى قادالغان. شەرقىي شىمالى بۇرجىكى ھەيۋەتلىك سىياكايا مۇنارى بولۇپ، ئۇنىڭ چوققىسىغا ئۆزلۈكىدىن داڭ ئۇرىدىغان بىر چوڭ سائەت ئورنىتىلغان، ئۇنىڭ بىر ئىسترېلكىسىنىڭ ئېغىرلىقىلا 30 كىلوگرام چىقىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ۋە يېقىملىق ئاۋازى بىلەن كىشىلەرگە يېقىملىق ئاڭلىنىدىكەن.

كرېمل سارىيىدىكى يەنە بىر ئاتاقلىق ئىمارەت ئېگىزلىكى 81 مېتىر

"قەدىمىي كرېمل"لەر بار ئىكەن، ئۇلار فېئوداللىق جەمئىيەت مەزگىلىدە، سىياسىي ۋە دىن مەركىزى بولغان. 1156-يىللىرى موسكۋادا كېنەز دىمېترىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاق خىشتىن كرېملىنىڭ يېڭى سېپىللىرى، پېشىل قورغانلىرى قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ ياساش ئارقىلىق، كرېمل سارىيى روسىيە قۇرۇلۇش-بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بىر جەۋھىرىگە ئايلىنىپ قالغان. كرېمل نۇرغۇن ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك چېركاۋ، ساراي ۋە مۇنارلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كرېمل سارىيىنىڭ سىرتقى تېمى 2316 مېتىر چىقىدىكەن، چوڭ-كىچىك مۇنار 20 بولۇپ، 1935-يىلى بەش ئاساسلىق مۇنارنىڭ ئۈستىگە بىردىن قىزىل يۇلتۇز ئورنىتىلغان، كېچىسى قىپقىزىل يۇلتۇزلارنىڭ پارلاق نۇرى موسكۋا شەھىرىنىڭ ئاسمىنىنى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن.

كرېمل سېپىلى بىلەن موسكۋا دەرياسىنى پەقەت 50 نەچچە مېتىر كەڭلىكتىكى ئاپتوموبىل يولىلا ئۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. كرېملىنىڭ يەتتە مۇنارى موسكۋا دەرياسىنىڭ بويىدىكى سېپىلگە جايلاشقان بولۇپ، موسكۋاغا چىرايلىق ھۆسن قوشقان. موسكۋا دەرياسىنىڭ شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان 80 كىلومېتىرلىق شاۋقۇنى كرېمل مۇنارلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىكەن.

كرېمل ئىچىدىكى چوڭ ساراي 1838، 1849-يىللىرى سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ھەيۋەتلىك ۋە ھەشەمەتلىك ئورۇكىپ زالى بار ئىكەن. بىنانىڭ ئۈستىدىكى ئاندرېيېۋ زالى بىلەن ئالېكساندىروۋ زالى 1934-يىلى بىرلەشتۈرۈلۈپ يىغىن زالىغا ئۆزگەرتىلگەن. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئورگانلىرى كرېمل سارىيى ئىچىگە تەسىس قىلىنغان.

كرېمل سارىيىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا، بىزنىڭ تولىمۇ

مـــىنـــىـــســـتـــىـــرلار سوۋېتى بىناسى)نىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە لېنىننىڭ 1918-يىلدىن 1923-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئۆيلىرىدە بولغان پائالىيەتلىرىگە دائىر بۇيۇملار خۇددى ئۇ هايات چاغدىكىگە ئوخشاش ساقلانغان. بۇ يەردە يېشىل رەڭلىك شىرە چىرىقى، ئاق ھېقىقتىن ئىشلەنگەن مەدەنىي بۇيۇملار، كونا شەكىلدىكى ئىككى دانە تېلېفون، قـولـــدا توقـۇۋالـغـان يۇلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق، زىيارەتكە كەلگەنلەر ئـولتۇرىدىغان تېرە قاپلىق ئورۇندۇقلار بار. سائەت 8 دىن 15 مىنۇت ئـۆتـكەندە ئۇستەلدىكى توختاپ قالغان سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسى بىزگە گۇۋاھلىق بېرىپ، 1922-يىلى 12-ئاينىڭ 12-كۈنى لېنىننىڭ كرېملدىكى ئىشخانىسىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنلۈك خىزمەتنى بېجىرىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ تۇرغان ئۆي تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، بۇ ئۆيگە بىر يېزىقچىلىق شىرەسى، بىر ئاددىي ئىشكاپ، بىر سىم كارىۋات قويۇلغان، سـىـم كـارىۋات ئۈستىگە بالداقلىق يۇڭ ئەديال (ئانىسى بەرگەن بۇ ئەديالنى لېنىن ناھايىتى بەك قەدىرلەيتتى) يېپىلغان، ئۇندىن باشقا بۇ ئۆيدە يەنە بىر يۇملاق شىرە ۋە بىر ئۇستەل بار ئىكەن. 1923-يىلى 10-ئاينىڭ 19-كۈنى لېنىن كرېملدىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كېلىپ كەتكەن. مەسىلەن، تۇمەنلەپ كىشىلەرنىڭ بۇ يەرنى زىيارەت قىلغاندا ھاياجان بىلەن قالدۇرۇپ كەتكەن خاتىرىلىرى بار بولۇپ، ھازىر بۇ خاتىرىلەر 30 توم بولۇپتۇ. بۇ ئىنسانلار ھېسسىياتىنىڭ ھەقىقىي ئالبومى.

بـۇلار مۇنداق بىر پاكىتنى يېگىباشتىن ئېسىمىزگە سالدى: 1918-يىلى 3-ئايدا ياش سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ئەڭ قىيىن چاغدا لېنىن قـەدىـمـكى يادىكارلىقلارنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە بىرىنچى بۇيرۇقنى چۈشۈرگەن. بۇ بۇيرۇق كرېملدىن ئىبارەت كۆپ ئەسىرلىك تارىخى بار رۇس مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك تەۋەرۈكىنى ياساپ رېمونت قىلىش

كېلىدىغان سائەت بىناسىدۇر. ئۇ قەدىمكى زاماندىكى يىراقنى كۆزىتىش مۇنارىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ 30 كىلومېتىر يىراقلىقنى كۆرگىلى بولىدىكەن. سائەت بىناسىنىڭ سىرتىدىكى تاش مۇنبەرگە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان، ئېغىرلىقى 200 نەچچە توننا كېلىدىغان "سائەت پادىشاھى" قويۇلغان. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى بەش-ئالتە ئادەمنىڭ بويى بىلەن تەڭ كېلىدىكەن. ئۇ شۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق ھۈنەرۋەن ماتولىننىڭ 1733-يىلى ياسىغان نەمۇنىسىدۇر.

پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە بىر "زەمبىرەك پادىشاھى" قويۇلغان بولۇپ، ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ زەمبىرەك ھېسابلىنىدىكەن، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 400 توننا كېلىدىكەن. ئېغىز دىئامېتىرى ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۈچ-تۆت ئادەم ئۆملەپ كىرەلەيدىكەن. زەمبىرەك ئوقىنىڭ ئېغىرلىقلا ئىككى توننا كېلىدىكەن. مانا مۇشۇنداق ئاجايىباتلار كۆپ بولغاچقا، كرېمل توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرلىرى، يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان شېئىر، داستان، ھېكايە، رومانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

## كرېملدىكى لېنىن مۇزېيى

يورغىلاپ ئۆتكەن ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى كرېملدا ئۆزىنىڭ ئىزىنى قالدۇرغان. مۇشۇ ئەسىرنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، كرېمل سارىيىدىكى ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى ۋلادىمىر ئىلىئىچ لېنىننىڭ يېتىپ-قوپقان ئورنىدىكى مۇزېيىدۇر. بۇرۇنقى مەخپىيەت نازارەت مەھكىمىسى (ھازىرقى

كېيىن، قىزىل مەيدان سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ بايراملاردا تەنتەنىلىك تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىدىغان ۋە قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان، ئۇلۇغ سوۋېت ۋەتىنىنىڭ غەلىبىلىرىنى تەنتەنە بىلەن نامايىش قىلىدىغان پارات مەيدانى بولۇپ قالغان، تەنتەنىلىك كۈنلەردىكى ئۇلۇغ سوۋېت ۋەتىنىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ ئۇلۇغ لېنىننىڭ قەبرىسى قىزىل مەيداندا بولغىنى ئۈچۈن، رۇس شائىرلىرى قىزىل مەيداننى ۋەتەننىڭ سىمۋولى دەپمۇ ئاتىشىدىكەن.

7-ئاينىڭ 22-كۈنى سائەت 10 دا لېنىن قەبرىسىگە گۈل چەمبىرەك قويۇش ئۈچۈن، يېرىم ئاي شەكلىدە ئايلىنىپ، ھەرقايسى قىتئە، ھەرقايسى دۆلەتلەرگە، ھەرقايسى مىللەتلەرگە مەنسۇپ بولغان مىڭلىغان كىشىلەر قوللىرىدا يېڭى ئېچىلغان گۈلدەستىلەرنى تۇتۇپ لېنىن ماۋزو لېيىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

قىزىل مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كرېمل سارىيىنىڭ سېپىل ئالدىغا قارا ۋە قىزىل رەڭلىك مەرمەر تاشتا ياسالغان لېنىننىڭ قەبرىسى ئورنىتىلغان بولۇپ لېنىننىڭ جەسىتى شۇنىڭ ئىچىگە قويۇلغان.

لېنىننىڭ قەبرىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە، مۇنبەر كەينىگە بىر قۇر قارىغاي دەرەخلىرى قويۇلغان. قەبرىنىڭ يان تەرىپىدىكى پەلەمپەيدىن مۇنبەرگە چىققىلى بولىدىكەن.

لېنىننىڭ قەبرىسى بېغىر رەڭ گرانىت تاشتا ياسالغان، بۇ دۇنيا خەلقى تەلپۈنىدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر ئىمارەت بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى شاھمات تاختىسىغا ئوخشايدىكەن. قەبرە ئىچىدىكى تاملارغا سۈزۈك كۆك رەڭلىك مەرمەر تاشلار قويۇلغان، ئۇدۇل تامدىكى مەرمەر تاشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت گېربى ئويۇلغان، قەبرىنىڭ ئىچى تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، ئۇلۇغ لېنىننىڭ كرىستال ئەينەك ئىچىگە قويۇلغان جەسىتى دەل ئوتتۇرىغا

ھەققىدە چۆشۈرۈلگەن بۇيرۇق ئىدى.

## قىزىل مەيدان

قىزىل مەيدان سوۋېت ئىتتىپاقى پايتەختى موسكۋا شەھىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى كرېمل سارىيىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

16-ئەسىردە، يەنى 1552-يىلى تۇنجى رۇس پادىشاھى ئىۋان گروزنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كرېملنىڭ شەرق دەرۋازىسىنىڭ قارشىسىغا بىر ئىبادەتخانە (پوكروۋ ئىبادەتخانىسى) سېلىنغان، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ تاملىرى ناھايىتى نەپىس، چىرايلىق نەقىشلەر بىلەن ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىنچە خەلق ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەيدانىنى قىزىل مەيدان (يەنى "چىرايلىق"، "گۈزەل" مەيدان) دەپ ئاتاشقا باشلىغان.

قىزىل مەيدان ئەتراپىدا قەدىمىي رۇس شەكلىدىكى چىرايلىق، ئاتاقلىق ئىمارەتلەر بار.

قىزىل مەيدان 15-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ چاغدا "بازار" دەپ ئاتىلىپ، سودىگەرلەر سودىلىشىدىغان ئورۇن بولۇپ قالغان.

17-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا "قىزىل مەيدان" دەپ ئۆزگەرتىلگەن، رۇسچىدىكى "قىزىل" دېگەن ئاتالغۇنىڭ يەنە "گۈزەل" دېگەن مەنىسىمۇ بار. "قىزىل مەيدان"نىڭ ئەينى چاغدىكى مەنىسى "گۈزەل مەيدان" دېگەن بولىدىكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن

جەسەت ئىنتايىن ياخشى ساقلانغانلىقى ئۈچۈن، لېنىننىڭ دىدارى بەئەينى تىرىك ۋاقتىدىكىدەك نۇرانە قىياپەتتە تۇرۇپتۇ. تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن ئىختىيارسىز ھالدا ئەتراپىمدىكى يولداشلارغا قاراپ، لېنىننى كۆردۈم، لېنىننى كۆردۈم دەپ تەكرارلاپتىمەن. شۇ چاغدا يۈزلىگەن، مىڭلىغان سوۋېت شائىرلىرىنىڭ لېنىنغا بېغىشلاپ يازغان شېئىر، داستانلىرى ئېسىمگە چۈشتى.

شۇلارنىڭ بىرسى بولغان رۇس شائىرى ج.خا.جېتروف مۇنداق دەپ يازغان:

زەپەر بايراقدارى، ئەقىلنىڭ كانى،
سوۋېت خەلقلىرىنىڭ شەرىپى-شانى،
پۈتۈن مىللەت، يۇرتنىڭ تىنچلىق پاسىبانى،
زوقىم، جاسارىتىم يالقۇنلايدۇ لېنىن دېسەم.
ئىسمى يۈرىكىمگە مەھكەم ئورناشقان،
خەلقىم يۈرىكىدە سۆيگۈسى تاشقان،
يۈرىكىگە يۈرىكىمىز تۇتاشقان،
ياشلىقىم ھۆر، بەختلىك لېنىن دېسەم.
بۇ بىر يۇرتكى، ئۇندا مۇتلەق قايغۇ يوق،
ئىنسانلار قەلبى يايراپ تۇرار شوخ،
ھەربىر چوپان، ھەر بېلىقچى ياشار توق،
تۇرمۇش گۈلدەك ياشنار لېنىن دېسەم.
مېھنەت قىلىپ ئۈستۈم، دۆۋلەتلىك بولدۇم،
ئامۇ كەبى تاشتىم، غەيرەتكە تولدۇم،
بەش يىللىقلار بىناسىغا خىش قويدۇم،

قويۇلغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى ۋ. ئى. لېنىننىڭ قەبرىگاھى داڭلىق سوۋېت ئارختېكتورى ئا. ۋ. شۇسېۋنىڭ لايىھىسى بويىچە ياسالغان. دۇنيادا بىناكارلىق بويىچە مەشھۇر ئەسەرلەر ئاز بولمىسىمۇ، لېكىن لېنىنغا خاس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ بۇنداق بىناكارلىق يادىكارلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن تەس.

ئۇ، كرېملىنىڭ قەدىمىي تاملىرىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

لېنىن قەبرىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قارىغاي، چىمەنلىك بىلەن كرېمل سېپىلى ئارىلىقىغا سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان دەھشەتلىك جەڭلەردە قۇربان بولغان ئاتاقلىق ئىشچى ۋە ئەسكەرلەرنى دەپنە قىلىش قارار قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سوۋېت دۆلىتىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەربابلىرى، مەشھۇر ھەربىي قوماندانلىرى، مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئالەمدىن ئۆتكەندە شۇ يەرگە قويۇلىدىغان بولغان.

جۈملىدىن سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ داھىيلىرى، مەشھۇر ئەربابلىرى ستالىن، سۋېردلوۋ، كالىنىن، دزېرژىنسكىي، ۋارشلوۋ، كىرۋولار؛ خەلقئارا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرى كلارا تسېتكىن، سېن كاتايامالار؛ «دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئون كۈن» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى، ئامېرىكا يازغۇچىسى چون رىد؛ سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ماكسىم گوركىي؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى ئالەم ئۇچقۇچىسى گاگارىنلارنىڭ ھەيكەل خاتىرە تاشلىرى ئەنە شۇ يەرگە قويۇلغان، بۇلاردىن باشقا، بۇ يەردە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مارشاللىرىدىن ژوكوۋ قاتارلىقلارنىڭ ۋە باشقا مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بىزمۇ ئالىي ھۆرمەت، چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە لېنىن ماۋزولېيىغا كىرىپ، لېنىننىڭ دىدارىنى كۆردۇق.

ياقىسىدىكى قەدىمكى تاشلىقلار بۇ "ماكان"نى يېتەرلىك تاش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەنىكەن.

لېكىن، موسكۋا دېگەن ئىسمنى موسكۋا دەرياسىنىڭ نامىدىن كەلگەن دەپ قارايدىغانلارمۇ بار ئىكەن. موسكۋا دەرياسى ئۆتمۈشتىكى ۋاتىسلار قەبىلىسى ئولتۇراقلاشقان جايدىن ئېقىپ ئۆتىدىكەن، ۋاتىسلارنىڭ تىلىدا "موسكۋا" دېگەن ئاتالغۇ "سۇ" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن.

موسكۋا رۇس يىلنامىلىرىدا تۇنجى قېتىم 1147-يىلى تىلغا ئېلىنغان، شۇڭا شۇ يىل ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگەن يىلى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. شۇ يىلى كېيىۋ كېنەزى يۇرى دولگورۇۋكى موسكۋا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى بويىدىكى قارىغايلىق دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە بىر قورغان — كرېملنى سالدۇرغان. كېيىن موسكۋا ئاھالىسى شۇ قورغان ئۈستىدە باتۇخاننىڭ ئەسكەرلىرىگە شىددەت بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر مەغلۇپ بولغان ۋە بۇ قورغان باتۇخان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

كېيىنچە بۇ يەرگە يەنە ئاھالە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە بارا-بارا موسكۋا ئۇرۇش خارابىلىرى ئىچىدىن تېخىمۇ قۇدرەتلىكرەك تۇس بىلەن قەد كۆتۈرۈشكە باشلىغان. شۇڭا رۇس دۆلىتى چەت ئەللەردە "موسكۋىيە" دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان.

ئالتۇن ئوردا ئىستىلاسىغا قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتتىق ئۇرۇشلار داۋامىدا، پۈتۈن رۇس خەلقى موسكۋا ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشقا باشلىغان. ئاخىرى 1380-يىلى 8-سېنتەبىردە رۇس خەلقى موسكۋا كېنەزى دىمېترى ئىۋانوۋىچ يېتەكچىلىكىدە، دون دەرياسى بويىدىكى كۇلىكوۋ دالاسىدا تۇنجى قېتىم موڭغۇللارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. بۇ، رۇس زېمىنىنىڭ موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن قۇتۇلۇشقا قاراپ ماڭغان ۋە 15-ئەسىرنىڭ

مېھمانتتە بەخت تاپىمەن لېنىن دېسەم.
كۆرەشلەردە مەدەتكارىم، تىرىكىم،
قايناق ياشلىق، ئۇرۇپ تۇرغان يۈرىكىم،
ھاياتىمدا ئەڭ ئەزىزىم، كېرىكىم،
لېنىننى كۆردۈم شادمەن، لېنىن دېسەم.

## موسكۋا

موسكۋا بىر قەدىمىي شەھەر ھەم بىر يېڭى شەھەر. ئۇ — سوۋېت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن رۇس مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، شۇنداقلا 800 يىللىق تارىخقا ئىگە شەھەر.

موسكۋا دېگەن ئىسىم سلاۋىيان تىلىدىن كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ”تاشچىلار ماكانى“ دېگەن بولىدىكەن. بۇ ئىسىم شۇ جاينىڭ ئەڭ قەدىمىي ئاھالىلىرىنىڭ تاشچىلىق قاتارلىق قول سانائەتچىلەر ئىكەنلىكىدەك ئېھتىمالنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شەرقىي ياۋروپادىكى رۇس تۈزلەڭلىكىدە ئورمان ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان تاش ماتېرىياللىرى ئىنتايىن كەمچىل بولىدىكەن. قەدىمكى زاماندا باشقىلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن سېلىنغان ”سېپىل“لارمۇ ياغاچتىن قۇراشتۇرۇلغان ئىكەن. لېكىن، موسكۋادىكى ھەيۋەتلىك چېركاۋلار، چار پادىشاھنىڭ سارايلىرى ۋە قەلئەلىرى ياغاچ بىلەنلا ئەمەس، بەلكى باشقا ماتېرىياللار بىلەن ھەيۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان. موسكۋا بۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىكەن، موسكۋا دەرياسىنىڭ ئىككى

سوۋېتىنى قۇرغان، 12-ئايدا سىياسىي ئىش تاشلاپ، كەينىدىنلا قوزغىلاڭ قىلغان. يولداش لېنىن: "موسكۋادىكى بۇ ئىنقىلابىي ۋەقە پەقەت شىددەتلىك يامغۇردىن ئىلگىرىكى چاقماق، ئۇ يېڭى جەڭ مەيدانىنى يورۇتتى" دېگەن. خوپىرسىنىيە رايونىنىڭ يېنىدا يەنە بىر مەيدان بار بولۇپ، شۇ قېتىمقى ئىنقىلابنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا "قوزغىلاڭ مەيدانى" دەپ نام بېرىلگەن.

موسكۋا شەھىرىنىڭ يېنىدىكى لېسنايا كوچىسىدىكى 55-نومۇرلۇق ئۆيدە بىر مۇزېي بولۇپ، 1905-، 1906-يىللىرى بۇ ئۆيگە روسىيە سوتسىيال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشقان، شۇ چاغدا بۇ ئۆينىڭ ئاستىدا بىر مەخپىي باسمىخانا تەسىس قىلىنغان. بۇ باسمىخانىنىڭ سىرتىدىكى ئۆي كاۋكاز، ئوكرائىنانىڭ مېۋىلىرىنى ساتىدىغان دۇكان بولغان. 1917-يىل ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە، موسكۋا پېتىربۇرگدىن كېيىنلا قوراللىق قوزغىلاڭ قىلغان. قانلىق كۈرەش ئارقىلىق قىزىل ئارمىيە ۋە ئىنقىلابىي ئەسكەرلەر ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ قىپقىزىل غەلىبە تۇغىنى قەدىمىي پادىشاھ ئوردىسىنىڭ چوققىسىغا قادىغان.

لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ غەلىبىسىگە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ئەزەلدىنلا تەن بەرمىگەن. 1941-يىلى گېرمانىيە فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ خىل قىسىملىرىنى تاللاپ موسكۋاغا تەھدىت سالغان. گىتلېر موسكۋانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆز غەلىبىسىنى خاتىرىلەش مۇنارىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن نۇرغۇن قوڭۇر رەڭلىك گرانىت تاش ئەكەلدۈرگەن. لېكىن، گىتلېر چۆچۈرىنى خام سانىغان. موسكۋا شەھىرى ئۆز قەھرىمانلىق ئوبرازى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋەرگەن. گىتلېرنىڭ موسكۋاغا ئېلىپ كەلگەن گرانىت تاشلىرى ھازىر

ئاخىرىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن رۇس دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشقا باشلىغان بىر دەۋرى بولغان.

19-ئەسىرنىڭ بېشىدا موسكۋا يەنە بىر مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى بولۇپ قالغان، ئۇ بولسىمۇ 1812-يىلى 6-ئايدا ناپالېئون قوشۇنلىرى غەربتىن موسكۋاغا بېسىپ كەلگەن، موسكۋادىكى مورۇسكى كوچىسىنىڭ ئەڭ بېشىدا بىر كىچىك ياغاچ ئۆي بولۇپ، 1812-يىلى ناپالېئون فرانسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى باشلاپ موسكۋاغا بېسىپ كىرگەندە، رۇسىيىنىڭ ئاتاقلىق گېنېرالى كوتوزوۋ مۇشۇ ئۆيدە ناپالېئوننى مەغلۇپ قىلىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرغان. شۇ يىلى 26-ئاۋغۇستتا موسكۋانىڭ يېنىدىكى بورودىنو دېگەن يېزىدا رۇس قوشۇنلىرى بىلەن ناپالېئون قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك جەڭ بولغان. جەڭدىن كېيىن رۇسلار ئەينى ۋاقىتتىكى رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى كوتوزوۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەقسەتلىك چېكىنىپ، ناپالېئون قوشۇنلىرىنىڭ موسكۋاغا بېسىپ كىرىشىگە يول قويغان، لېكىن ناپالېئون قوشۇنلىرى موسكۋاغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۇزۇق-تۈلۈك بولمىغان شەھەردە تۇرۇشى مۇمكىن بولماي، چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغان، قېچىپ چىقىش ئالدىدا ناپالېئون موسكۋا، كرېملنى تامامەن پارتلىتىۋېتىشنى بۇيرۇغان بولسىمۇ، موسكۋا خەلقىنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى بىلەن موسكۋا، كرېملنىڭ خېلى بىر قىسىم بىنالىرى ساقلىنىپ قالغان.

فرانسىيە قوشۇنلىرى قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، موسكۋانىڭ، كرېملنىڭ ئورۇشتا ۋەيران بولغان جايلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپلا قالماي، بەلكى يېڭىدىن چوڭ كرېمل سارىيى سېلىنغان.

1905-يىلى، موسكۋانىڭ ئىنقىلابىي تارىخىغا بىر شەرەپلىك داستان يېزىلغان. شۇ يىلى، موسكۋا ئىشچىلىرى 11-ئايدا ئىشچىلار ۋەكىللىرى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى گوركىينىڭ مىس ھەيكىلىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. موسكۋادىكى نۇرغۇن كوچىلارغا ئاتاقلىق يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار ۋە بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ، داھىيلارنىڭ نامى بېرىلگەن. مەسىلەن، شەھەرنىڭ مەركىزى پۇشكىن كوچىسى، گوگول كوچىسى، چېخوف كوچىسى، گوركىي كوچىسى، ستانىسلاۋسكى كوچىسى، چاپايېف كوچىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سوۋېتلەر دەۋرىدە، موسكۋا كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلىپ ياسالغان ۋە كېڭەيتىپ ياسالغان بولۇپ، قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. مەسىلەن: ئىلگىرىكى گوركىي كوچىسى بىر تار كوچا بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆيلەر ھەم كونا، ھەم پاكار ئىكەن، ھازىر بولسا ئۇلارنىڭ ئورنىنى گۈزەل، ئېگىز، زامانىۋى، ھەيۋەتلىك بىنالار ئىگىلىگەن، شەھەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1932-يىلدىن باشلاپلا يەر ئاستى تۆمۈريولى ياسالغان بولۇپ، 1980-يىلغا كەلگەندە، كۆنىگە يەر ئاستى تۆمۈريولىدا ئوتتۇرىچە توشۇلغان يولۇچىلارنىڭ سانى 5 مىليون 500 مىڭ ئادەم (قېتىم)غا يېتىپ، ئومۇمىي قاتناش مىقدارىنىڭ 41%نى ئىگىلەپ، ئاپتوبۇستا توشۇلغان يولۇچىلار مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن؛ موسكۋا-ۋولگا قانىلىنىڭ ياسىلىشى بىلەن موسكۋا بالتىق دېڭىزى، ئاق دېڭىز، قارا دېڭىز، ئازوۋ دېڭىزى، كاسپىي دېڭىزىدىن ئىبارەت "بەش دېڭىز پورتى"غا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىگە بارغىلى بولىدىغان تۆمۈريولدىن 16 سى بار ئىكەن. ئۇ يەنە ئاساسلىق خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە پونكىتى بولۇپ، ئالتە چوڭ خەلقئارا ئايرودروم بار ئىكەن.

موسكۋا ئەڭ چوڭ ئۇنىۋېرسال سانائەت مەركىزى بولۇپ، شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. موسكۋا يەر كۆلىمى

گوركىي كوچىسىدىكى قاتار-قاتار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ قالغان.

موسكۋا — دۇنيادىكى مۇھىم ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە پەن-مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى، ئاھالىسى 8 مىليون 733 مىڭ، 1918-يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن ئېتىبارەن موسكۋا دۇنيا بويىچە تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ پايتەختى بولغان ۋە ئۇنىڭ قەدىمىي يادىكارلىقلىرىنى ھەممىلا ئادەم كۆرەلەيدىغان بولغان. موسكۋا سوۋېت دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغاندىن كېيىن، ۋىلادىمىر ئىلىئىچ لېنىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى موسكۋاغا كۆچۈپ كەلگەن.

موسكۋانىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى چەمبىرەك شەكلىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆت ئەتراپىغىچە خۇددى كىچىك چەمبىرەكنىڭ سىرتىغا چوڭ چەمبىرەك قويۇلغاندەك چوڭ-كىچىك 4000 نەچچە كوچا بار ئىكەن، بۇ كوچىلاردىن پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىگە بارغىلى، شەھەر مەركىزى بولغان كرېمل سارىيى ۋە قىزىل مەيدانغا بارغىلى بولىدىكەن. ئەڭ ئاساسلىق كوچىلاردىن بولغان ماركس كوچىسى، لېنىن كوچىسى، گوركىي كوچىسى، كىرفىۋ كوچىسى، ئاربات كوچىسى، كالىنىن كوچىسى قاتارلىقلار قاتناشتىكى مۇھىم يوللار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەم سودا مەركىزى ئىكەن.

گوركىي كوچىسىنى ئالىدىغان بولساق، شەھەر مەركىزىدىن چىقىپ سوۋېتلەر مەيدانىدىن ئۆتۈپ، ئازراق مېڭىپلا پۇشكىن مەيدانىغا بارغىلى بولىدىكەن. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا شائىرنىڭ چوڭ مىس ھەيكىلى قويۇلغان، سىرتقا قاراپ ماڭغاندا ماياكوۋسكى مەيدانىغا، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ گوركىي كوچىسىغا چىققىلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئەڭ چېتى ئاق ئورۇس ۋوگزالىغا تۇتىشىدىغان جاي بولۇپ، ئۇ يەردىن ”ئىنقىلاب لاچىنى“ —

ئىتتىپاقىدىلا داڭلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۇنيا بويىچىمۇ داڭلىق. مـوسـكـۋاغـا پۈتۈن مەملىكەتتىكى توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ 50%ى مەركەزلەشكەن. ماشىنىسازلىق سانائىتى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 20% نــى ئىگىلەپ، مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا خىمىيە سانائىتى، يېمەكلىكلەر سانائىتى ۋە باسمىچىلىق سانائىتى قاتارلىقلارمۇ پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىكەن.

موسكۋا يەنە ئىلىم-پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت مەركىزى. ئۇ يەردە 100 دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ، جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئەڭ ئالىي بىلىم ئورنى بولغان موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى بار ئىكەن. بۇ مەكتەپنىڭ يېڭى ئوقۇتۇش بىنالىرى لېنىن تېغىغا سېلىنغان بولۇپ، 32 قەۋەتلىك بىناسى بار ئىكەن، كىشىلەر ئۇنى "ئىلىم-پەن سارىيى" دەپ ئاتايدىكەن. موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتى 1755-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىرغا قـەدەر 220 يــىــل بــوپــتۇ، نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، مۇئەللىملەر، گېنېراللار مۇشۇ يەردە ئوقۇغانىكەن.

موسكۋادا يەنە پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئىلىم-پەن تەتقىقات ئــورگــانلىرىدىن 500 نەچچىسى، ئاكادېمىيە تىياتىرىدىن 40ى، دۆلەت مۇزېيىدىن 30 نەچچىسى بار ئىكەن.

ئىشلەپچىقىرىلىدىغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرى ۋە ئىشچىلار سانىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىدا موسكۋاغا يېتىدىغان شەھەر يوق ئىكەن. ھازىر موسكۋادا رادىئو، ئېلېكترون، ئاۋىئاتسىيە، ئاپتوموبىل ســانــائــەتــلــىرى تەرەققىي قىلغان، موسكۋا سانائىتى پۈتۈن سوۋېت مەملىكىتىنى ھەر خىل ستانوك، ئۇسكۈنە، خىمىيىلىك بۇيۇملار، سائەت ۋە ھەر خىل رەختلەر بىلەن تەمىنلەيدىكەن.

بــىــزگە تونۇشتۇرغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، موسكۋادا ھەر كۈنى

جەمەتتىن 1960-يىلى كۆزگە كەلگەندە، شەھەر ئەتراپىدىكى باغچا ۋە ئورمان بەلۋېغىنىلا ھېسابلىغاندا، كېڭىيىپ 875 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. موسكۋادا نۇرغۇن ئەڭ يېڭى تېپتىكى ماشىنىلاشقان ۋە ئاپتوماتلاشقان چوڭ زاۋۇتلار بار ئىكەن. مەسىلەن: ستالىن ماشىنا زاۋۇتى، «ئوغاق ۋە بولقا» پولات-تۆمۈر زاۋۇتى، «قىزىل پرولېتارلار» ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قاتارلىقلار. بۇ زاۋۇتلار ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن.

1987-يىلى 7-ئاينىڭ 22-كۈنى، لىخاچوف نامىدىكى زاۋۇتقا باردۇق، زاۋۇت باشلىقى داۋىدوروف بىزنى ئىنتايىن قىزغىن، دوستانە قارشى ئېلىپ، سەمىمىيەت بىلەن ئەھۋال تونۇشتۇردى. بۇ زاۋۇت 1916-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، لېنىن بۇ زاۋۇتقا 1918-، 1920-يىللىرى ئىككى قېتىم كېلىپ، رېمونتتىن رەسمىي ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىشقا كۆچۈش توغرىسىدا يازما يوليورۇق بەرگەن، 1924-يىلدىن باشلاپ ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. 1941-يىلى 2-دۇنيا ئۇرۇشى تۇپەيلىدىن، بۇ زاۋۇت ئورال تېغىغا كۆچۈرۈلۈپ، ئۇرۇش قوراللىرى ۋە تانكا ئىشلەپچىقارغان، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ زاۋۇتنا ئالتە قېتىم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، چوڭ ئۆزگىرىش قىلىنغان. ھازىر بۇ زاۋۇتتا 120 مىڭ ئىشچى، 700 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان بىر ئىنستىتۇت، بەش تېخنىكۇم مەكتەپ، مەدەنىيەت سارىيى، تەنتەربىيە سارىيى بار ئىكەن. باللار يەسلىلىرىنىڭ ھەممىسى زامانىۋىلاشقانىكەن. 170 ئۇرۇش قەھرىمانى، 201 ئەمگەك قەھرىمانى، 17 نەپەر ئالىي دەرىجىلىك مۇتەخەسسىس-ئالىمنىڭ ھەيكەل-خاتىرە تاش شەرەپ تاختايلىرى قارىغاي، گۈل-چىمەنزارلىق ئىچىگە تولىمۇ كۆركەم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. زاۋۇتتىكى بۇ ئالىي ھۆرمەت مۇنبىرى سىرتتىن كىرگەن ھەرقانداق ئادەمنى ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ زاۋۇت سوۋېت

## موسكۋا

ھەققانىيەت ئارقىلىق ئالەمگە ياقتى موسكۋا،
سورمە توپراقى كۆزگە گەۋھەر دەرەختى موسكۋا.
داھىيلارنىڭ مەسكەنى[1] روھلارنىڭ رەھتى[2] موسكۋا،
ئالىي تۇرمۇشقا ئىگە ئالتۇن بولاقتۇر موسكۋا،
قىز ۋە ئەر مېھنەتچىنىڭ ئىقبالى-بەختى موسكۋا،
ئىتتىپاقنىڭ ياشاش ئۈچۈن پايتەختى موسكۋا.

ئالەم ئىچرە بەرھە[3] ئۆسمەكنى مەقسۇد ئەيلەگەن،
زەربەسىدىن قانچە زالىملارنى نابۇت ئەيلىگەن،
قەھرىمان قوشۇنلىرى خەلقىنى خۇشنۇد ئەيلىگەن،
ئېسكى[4] خانلار تەختىنى ئۆزىگە تابوت ئەيلىگەن،
قىز ۋە ئەر مېھنەتچىنىڭ ئىقبالى-بەختى موسكۋا،
ئىتتىپاقنىڭ ياشاش ئۈچۈن پايتەختى موسكۋا.

ئىلمى، قانۇنى سەۋەب دەرمان ياشاش دەۋرانىگە،
تەڭ ھوقۇقنى لازىم ئەتكەن، ئەر ۋە قىز ھۆرانىگە،
ئۆتكەزىپ قويغان ھەممەمىزغا ئۇتۇق جەۋلانىگە،
تېخنىڭ ئىشنى قۇۋەت ئەتكەن بەرھە كۈچ كامىگە،

① مەسكەن — ماكان، جاي.
② رەھت — زىننەت.
③ بەرھە — دائىم، مۇدام.
④ ئېسكى — كونا، بۇزۇلغان

ئۆلچەملىك زاكلىس 40 مىڭ قول سائىتى، 80 مىڭ ئاياغ، 490 ئاپتوبۇس، 400 ستانوك، 35 مىڭ تېلېۋىزور، 1600 دانە رادىئو، 2 مىليون كۋادرات مېتىر رەخت ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن.

موسكۋا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ چوڭ پەن-مەدەنىيەت مەركىزى، سوۋېت ئىلىم-پەنىنىڭ باش شتابى. دۇنيا بويىچە ئەڭ زور كۇتۇپخانىلارنىڭ بىرى بولغان لېنىن كۇتۇپخانىسى قاتارلىقلار مۇسكۋاغا جايلاشقان. موسكۋادىكى ئالىي مەكتەپلەردە لۇمۇمبا نامىدىكى مىللەتلەر دوستلۇقى ئۇنىۋېرسىتېتىدا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىن، شۇنداقلا ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىن كەلگەن نەچچە مىڭلىغان ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن.

موسكۋادىكى 100 دىن ئوشۇق يەرنىڭ نامى پۇشكىننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن، جۈملىدىن كوچىلار، مەيدانلار، مۇزېيلار، ئىنستىتۇت، مەكتەپ ۋە باشقىلارمۇ پۇشكىن نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن. بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى پۇشكىن موسكۋادا تۇغۇلغان، ئۇنىڭ باللىق دەۋرى شۇ يەردە ئۆتكەن، ئۇ شۇ يەردە توي قىلغان.

سوۋېت ھۆكۈمىتى دەۋرىدە، بولۇپمۇ يېقىنقى 15 — 20 يىلدىن بۇيان، موسكۋانىڭ دائىرىسى ئۈچ ھەسسە كېڭەيگەن، لېنىن تېغى ئۈستىدىن موسكۋا شەھرىگە قارىسىڭىز، ئۇ گويا بىر گۈزەل رەسىمدەك كىشىنىڭ دىققىتىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق خەلق شائىرى ق.ن.ئاتا موسكۋا توغرىسىدا مۇنداق يازغان:

ئىتتىپاقنىڭ ياشاش ئۇچۇن پايتەختى موسكۋا.

ياشنىدىم شانلىق ۋەتەنلەرنى كۆرۈپ مەن قىرى چال،
كۆرمىسۇن خەلقىم جاھاندا ياشنابان ھەرگىز زاۋال،
موسكۋا ئالىيىنى كۆردۇم مىھنەتىم ئەركىن ھالال،
خىۋەلىك قۇربان ئاتا مەن خەلققە سۆزۈمدۇر جامال،
قىز ۋە ئەر مىھنەتچىنىڭ ئىقبالى-بەختى موسكۋا،
ئىتتىپاقنىڭ ياشاش ئۇچۇن پايتەختى موسكۋا.

مانا بۇ شېئىردىنمۇ موسكۋانىڭ خەلق قەلبىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىقتىساد تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا

1987-يىلى 7-ئاينىڭ 22-كۈنى چۈشتىن كېيىن س س س ر موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىقتىساد تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا باردۇق. بۇ ئىنستىتۇت بىلەن سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى، ئامېرىكا، كانادا ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى، خەلقئارا ئىقتىسادىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى قاتارلىقلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئىنقىلابچى كىراشى كىيوۋا نامى بىلەن ئاتىلىدىغان مەنزىرىلىك كوچىغا جايلاشقان، كوچىنىڭ بېشىدىكى قىپقىزىل چىمەنزارلىق ئىچىگە ۋىلادىمىر ئىلىئىچ لېنىننىڭ ھەيكىلى، كوچىنىڭ

قىز ۋە ئەر مېھنەتچىنىڭ ئىقبالى-بەختى موسكۋا،
ئىتتىپاقنىڭ ياشاش ئۈچۈن پايتەختى موسكۋا.

سىېزدىنى[1] ئۆتكۈزدى ئوتتۇز توققۇزىنچى شانلىق يىل،
قانچە ئۆسكەن ئىشلارىن كۆرسەتتى شەھرو بارچە ئەل،
ستاخانوۋچە ئىشىنى كورىبان ئۆستى كۆڭىل،
بارچە رسپوبلىكىلەردە ئوقۇلۇپ لېنىنچە تىل،
قىز ۋە مېھنەتچىنىڭ ئىقبالى-بەختى موسكۋا،
ئىتتىپاقنىڭ ياشاش ئۈچۈن پايتەختى موسكۋا.

كۆپ سانائەت فابرىكىلەرگە ئىگە قىلدى بىزنى،
ئالغا ئوتقازدى كوممۇنىست پارتىيەنى خوپ سۆزى،
كۆچنى كامىندە چىقاردى ئەھلى مېھنەتنىڭ يۈزى،
نۇرىنى سەپتى ھەممەگە مەدەنىيەت يۇلتۇزى،
قىز ۋە ئەر مېھنەتچىنىڭ ئىقبالى-بەختى موسكۋا،
ئىتتىپاقنىڭ ياشاش ئۈچۈن پايتەختى موسكۋا.

ئېيتىمۋەرسەم بارچە نۇتقىنى بولغۇسى سۆزۈم داراز[2]
موسكۋا ئالىيىنىڭ سۆزىنى قانچە ژۇرنال قىلسام ئاز،
قىلمىغىم لازىم مېنىڭ ۋېستاۋكىسىنى[3] بىر باياز،
كسلوۋودسكا[4] تەرەپتىن كەلدىم ئۈستىگە، خالاس،
قىز ۋە ئەر مېھنەتچىنىڭ ئىقبالى-بەختى موسكۋا،

---

[1] سىېزد — قۇرۇلتاي
[2] داراز — ئۇزۇن
[3] ۋېستاۋكا — كۆرگەزمە
[4] كىسلوۋودسكى — سوۋېت ئىتتىپاقنىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر، ئارشاڭ سۇلىرى كۆپ.

قاتارلىق مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنىدىكەن. ئۈچىنچى بۆلۈمدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىنىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى، ئىقتىسادىي ئىسلاھات مەسىلىسى، ئىـقتىسادىي ئىسلاھات، مال باھاسى، پۇل مۇئامىلە مەسىلىلىرىگە دائىر سىـــيـاســەت مــەسىلىلىرى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تارىخىي تەرەققىيات قــانــۇنــىــيەتلىرى، ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات ئۇسۇللىرىدىكى تەجرىبە-ساۋاق قاتارلىق مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنىپ، بۇ ھەقتە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ماتېرىيال ئارقىلىق مەسلىھەت بېرىلىدىكەن. تۆتىنچى بۆلۈمدە سوتسىيالىزمدىكى ئەمگەك كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەت مــەســىــلــىــســى، ئــىــشــلــەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مــۇنــاســـۋەتــلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەگپۇگلۇق خاراكتېرى مەسىلىسى، سوتسىيالىستىك مۇسابىقە مەسىلىسى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي مەسىلىسى قــاتــارلــىقلار تەتقىق قىلىنىپ، بۇ ھەقتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىسلاھات كومىتېتىغا نىسبەتەن مەسلىھەتچىلىك رول ئوينايدىكەن. بەشىنچى بۆلۈمدە ســوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي ئىسلاھات پىلانى، سانائەت تەرەققىياتى پىلانى تەتقىق قىلىنىدىكەن. ئالتىنچى بۆلۈمدە چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تــەرەقــقــىياتى، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە تــەجــرىــبــىلىرى، كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرى تەتقىق قىلىنىدىكەن. ئىنستىتۇت باشلىقى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى بەزى نۇقسانلار ئۈستىدە توختىلىپ مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ ئــىــســلاھــاتــنــى چــۆرىدىگەن ھالدا بەلگىلىگەن تەتقىقات يۆنىلىشىنى تــونــۇشــتــۇردى، ئۇ يەنە ئاساسىي قاتلامدىكى بىر زاۋۇت باشلىقىنىڭ گېزىت-ژۇرنال تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمىسىگە قاتناشقاندا ئوتتۇرىغا قــويغان "نېمە ئۈچۈن ياپونىيىنىڭ 100 كىشىلىك كىچىك زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1000 كىشىلىك چوڭ زاۋۇتىنىڭ

ئاخىرقى ياقىسىدا بىرىنچى قېتىم ئالەم كېمىسى بىلەن ئوربىتىغا چىققان گــاگارىنىنىڭ يۈز مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەيكىلى ئورنىتىلغان، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملار ئىنستىتۇتىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بىزنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى. ئىنستىتۇت باشلىقى پروفېسسور ئابالكىن ئــېۋانوۋىچ قارشى ئېلىش سۆزى سۆزلىدى. خەلقئارا ئىقتىساد تەتقىقات ئــىــنــســتىتۇتىنىڭ باشلىقى پروفېسسور ئىسمالوپمۇ قاتناشتى. ماددىي ئىنستىتۇت باشلىقى پروفېسسور كاشىن: جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى غەلىبىلىرى چوڭ، بۇ ھەقتە قولغا كەلتۈرگەن مول تــەجــرىــبــەڭلەرنى ئۆگىنىشنى ئالقىشلايمىز دەپ قايىللىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئىنستىتۇتنىڭ تەتقىقات ۋەزىپىسىنىڭ دائىرىسى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، ســوۋېــت ئــىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتقا دائىر ئەھۋاللارنى تــونۇشتۇردى. بۇ ئىقتىساد تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا 550 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 320 تەتقىقاتچى، 130 كاندىدات تەتقىقاتچى، 100 ياردەمچى تەتقىقاتچى بار ئىكەن. ئىنستىتۇت قارمىقىدا تۆت چوڭ ئىلمىي تەتقىقات بۆلۈمى، ئىككى تەتقىقات بۆلۈمچىسى بار ئىكەن. بىرىنچى بۆلۈمدە 100 نەچچە ئالىم بولۇپ، ئۇلار سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلىرىنى، ســوتــســىــيــالــىــســتــىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ســوتــســىــيــالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىكەن. ئىككىنچى بۆلۈمدە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە دائىر مەسىلىلەر، ئىقتىسادقا دائىر ئومۇمىي مــەســىــلــىــلەر، ســوتسىيالىزمدا ئۇنۇم جەھەتتىكى پەرق مەسىلىلىرى، سوتسىيالىستىك سودا ئىقتىسادىنىڭ سىلىشتۇرما مەسىلىسى، ئىقتىسادىي تــەتــقــىــقاتنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئۇنۇمى، تۈزۈم ئىسلاھاتىغا دائىر سىياسەت مەسىلىلىرى، ئىنسان ھاياتىنى مۇھىت بۇلغىنىشىدىن ساقلاش

"تــىرىلىش" دېگەن نېمە؟ "ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى يــۇقــىرى كۆتۈرۈش" دېگەن نېمە؟ ئۇلار مۇقىم شۇ مەنىلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، "تىرىلىش"نىڭ مەنىسى بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە كەڭ. ھازىر ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى سان جەھەتتىكى كۆرسەتكۈچلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتى؛ ئىشلەپچىقىرىش فوندىلىرىنى كېڭــەيتىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى يېڭىلاش، بايلىقلارنى ئاشۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. 12-بەش يىللىق پىلان جەريانىدا (1986 — 1990) ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكا جەھەتتىن قايتا قوراللاندۇرۇش ۋە يېڭىلاش ئۈچۈن سېلىنىدىغان مەبلەغ 200 مىليارد رۇبلىدىن كۆپرەك مۆلچەر قىلىنماقتا. بۇ، ئالدىنقى ئىككى بەش يىللىق پــىلان مــەزگىلىدىكىدىنمۇ كۆپرەك. "تىرىلىش"، "يېڭىلاش" دېگەن ئۇقۇملار بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلانغان، جۈملىدىن ئىقتىسادىي ساھەدىمۇ شۇنداق. تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىگىلىك مېخانىزمىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىپ، ئۈنۈملۈك ۋە جانلىق باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ. قۇرۇلتاي يەنە شۇنى تەكىتلىدىكى، مەلۇم دائىرىدىكى ياخشىلاشلار بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، بۇ يەردە پۈتكۈل ئــىشلەپچىقىرىشنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرىدىغان جىددىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇنداق بولۇشى كېرەككى، مىنىستىردىن تــارتــىپ ئــىشچىغىچە بولغان ھەربىر خىزمەتچى مەھسۇلات سۈپىتىنى ئــۆســتۈرۈشكە، پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆيۈنىدىغان بولسۇن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەممە تارماقلىرىدا ماھىرلىق بىلەن سوتسىيالىستىك تەدبىر كۆرسىتىش جەھەتتە مۇسابىقىلىشىدىغان كەيپىيات بارلىققا كەلسۇن. "تــىرىــلــىش" ۋە "يېڭىلاش"دىن ئىبارەت بۇ يۈزلىنىشلەر پارتىيىنىڭ ئــىجــتــىمائىي سىياسەتلىرىگىمۇ سىڭىشى كېرەك. 2000-يىلغا بارغاندا

مەھسۇلات قىممىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ؟» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: يېقىندىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىدا پات-پاتلا «تىرىلىش» ۋە «يېڭىلاش» (ئىسلاھات) دېگەن ئۇقۇملار ئىشلىتىلمەكتە، ئۇلارنىڭ مەنىسى نېمىدىن ئىبارەت؟

«تىرىلىش»، «يېڭىلاش» دېگەن بۇ ئۇقۇملار سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىنىڭ ھاياتىغا، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 27-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق ھۆججەتلىرىگە، ئالدى بىلەن پروگراممىسىنىڭ يېڭى نۇسخىسىغا سىڭگەن. پارتىيىنىڭ ئۈچ پروگراممىسى 25 يىل جەريانىدا سوۋېت جەمئىيىتىنى تەرەققىي تاپتۇردى، سوۋېت كومپارتىيىسى بۇ ئوتتۇزلارنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە شۇنى قەتئىي تەكىتلىدىكى، مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا ياخشى بولمىغان خاھىشلار، سەۋەنلىكلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ كۆرۈلدى. بەزى جەھەتلەردە سۈرئەت ئاستا بولدى، بىر ئورۇندا تۇرۇپمۇ قالدى، باشقۇرۇش جەھەتتە بيۇروكراتلىق ۋە پاسسىپلىق ئەھۋاللىرىمۇ سادىر بولدى. ئوتتۇقلىرىمىز قانچىكى كۆرۈنەرلىك بولغاندا، جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئىمكانىيەتلىرىدىن يۇكسەك دەرىجىدە پايدىلىنىشىغا دەخلى قىلىدىغان ئامىللارمۇ شۇنچە روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ قارىمۇقارشىلىقلارنىڭ تۈگۈنىنى يېشىش ئۈچۈن جىددىي تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كەلدى، يەنى پارتىيە پرىنسىپ جەھەتتىن تامامەن توغرا بولغان ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە فاكچىنىي — مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش فاكچىنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ فاكچىن سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاپرېل ئومۇمىي يىغىنىدا (1985-يىللىق) ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كېيىن 27-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىدە تەپسىلىي رەسمىيلەشتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىش ھەققى 160% ئاشۇرۇلدى، باھانىڭ ئۆسۈشىدىكى سانلىق كۆرسەتكۈچ 10% ئاشتى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىقى لىن جاۋنەن ئىلگىرى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق جاي مەسىلىسى ھەققىدە بىز بىلەن پاراڭلاشقانىدى. بۇ يەردىمۇ يەنە شۇ مەسىلە ھەققىدە گەپ قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرار جاي جەھەتتە مەسىلە بارمۇ-يوق؟ دەپ سورىدى. كاشىن مۇنداق دېدى: ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى تۇرار جاي مەسىلىسىنى يېشىۋاشتىن ھەل قىلىشقا مەجبۇر قىلغانىدى. ئۇ چاغدا، ئومۇمەن ھاياتلا بولغان يەتتە كىشىنىڭ بىرسى ماكانسىز ئىدى، يۈز مىليونلىغان كىشى تۇرار جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە مۇھتاج ئىدى. 50-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماشىنىلاشقان "قۇرۇلۇش ئايلانما تاسمىسى"نىڭ يولغا قويۇلىشى بىلەن يىلىغا ئىككى مىليون يۇرۇش تۇرار جاي تېزلىكتە سېلىنىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، تۇرار جايلار ئەنە شۇنداق كۆلەم ۋە تېزلىكتە سېلىنىۋاتقاچقا، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ناھايىتى ئازادە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش تەس ئىدى. شۇڭا، يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەنلەرنىڭ 20 — 25 يىللاردىن كېيىن يەنە بىر قەدەر ئېسىل ئۆيلەرگە كۆچۈش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەملىكەت ئاھالىسى يىلىغا ئىككى-ئۈچ مىليون ئادەم قوشۇلۇشتەك تېزلىك بىلەن كۆپىيىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالىي قۇتۇپ، يىراق شەرقتە يېڭىدىن ئېچىلغان ئىگىلىك رايونلىرىدا قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشمۇ كۆپ مەبلەغ تەلەپ قىلاتتى. سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مەملىكەت ئىچىدىكى تۇرار جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشنىڭ ئاساسلىق يۆنىلىشى توغرىسىدا» دېگەن مەخسۇس قارارىدا (1986-يىلى 4-ئاي) 12-بەش يىللىق پىلاندا بەلگىلەنگەن تۇرار جاي كۆلىمىنى كېڭەيتىشتە

تـۇرمۇش شارائىتىمىزنى ياخشىلاشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆلىمىنى بىر ھـەسـسـە ئـاشـۇرۇش مۆلچەرلەنمەكتە. ئاھالىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئەمەلىي كىرىمىمۇ 0.6 — 0.8 ھەسسىگىچە ئاشىدۇ. گەرچە بۇلار پەقەت سان جەھەتتىكى كۆرسەتكۈچلا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سۈپەت جەھەتتىكى مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

پروفېـسـسـور كـاشـىـنىنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولغانلىقىمىزنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئارىمىزدىكىلەردىن بىرى ئەمگەك ھەققى مەسىلىسىنى سورىدى. كاشىن يەنە مۇنداق دېدى: ھازىر سوتسىيالىستىك تەقسىمات پرىنسىپىغا خىلاپ بولغان تەڭ تەقسىماتچىلىق ھالىتىگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىلماقتا، ئەمگەك ھەققى ئەمگەكنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىغا قەتئىي بويسۇنۇشى كېرەك. بۇنداق تۈزۈم قەتئىي ئىجرا قىلىنىشى كېرەك. پارتىيە ۋە پۈتۈن جەمئىيەت بۇنداق سىياسەتنى ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ ۋە سوتـسىيالىستىك جەمئىيەت تۈزۈمى پرىنسىپلىرىنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلىششى دەپ قارايدۇ. مەن يەنە باھا مەسىلىسىنى سورىدىم. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: باھا مەسىلىسىگە كەلسەك، 1954-يىلغىچە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ھەر يىلى تۆۋەنلىتىلدى، جەمئىي يەتتە قېتىم تۆۋەنلىتىلدى، 1955-يىلغا كەلگەندە باھا 1947-يىلدىكىدىن بىر ھەسسە تۆۋەنلەپ، ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يېقىنلاشتى. ئومۇمەن، باھانىڭ تۆۋەنلىشى نەتىجىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئاھالىسى 300 مىليارد رۇبلىدىن كۆپرەك پايدىغا ئىگە بولدى. مەملىكىتىمىزدىكى ئاشلىق، شېكەر، ماي قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ھازىرقى پارچە سېتىلىش باھاسى 1955-يىلى بېكىتىلگەن، بۇلار، كۆپ ھاللاردا، دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇقىم تۆۋەن باھا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز پۈتكۈل ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى پىلانلىق ھالدا ئۆستۈرۈشكە قەدەم قويدۇق. يېقىنقى 25 يىل ئىچىدە

باھادا ياكى تامامەن ھەقسىز ھالدا تەمىنلىنىدۇ. ھازىر ھەممىلا سوۋېت ئائىلىلىرى بىرەر ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ياكى ئېيتايلۇق شەھەر سىرتىدىن بىرەر ئۆي سېتىۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن ھەممە كىشىنىڭ قۇدرىتى يېتىۋەرمەيدىغان بىر يۈرۈش بۇيۇملار، مەسىلەن: تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، رادىئو قوبۇللىغۇچ، گىلەم ۋەھاكازالار ھازىر ھەممە كىشىنىڭ سېتىۋالالايدىغان بۇيۇمى بولۇپ قالدى، لېكىن بۇنىمۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىردىنبىر كۆرسەتكۈچ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ھازىر كىشىلەردە يەنە ساياھەت، مەدەنىي مەشغۇلات، تەنھەرىكەت قاتارلىقلارغا بولغان ھەۋەسمۇ خېلىلا ئاشتى، بۇ خىل ھەۋەس ئۇلارنىڭ يېشى، تۇرۇۋاتقان جاي ياكى قانداق قاتلامغا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇميۈزلۈك بىر ئەھۋال بولۇۋاتىدۇ. 1987-يىللىق پىلاندا ئىجتىمائىي تارماقلارنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش مۆلچەرلەنمەكتە. مىللىي دارامەتنىڭ ئۆسكەن قىسمىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. سوۋېت كىشىلىرى تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش سۈرئىتىنى بەش يىللىق پىلاندا بەلگىلەنگەندىكىدىنمۇ تېزلىتىش مۆلچەرلەنمەكتە. بۇ يىل ئىچىدە سېلىنىدىغان تۇرار جاي كۆلىمىنى 1262 مىليون كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈش مۆلچەرلەندى. بۇ مۇشۇ بەش يىللىق پىلاندا بەلگىلەنگەندىكىدىن خېلى يۇقىرى بولۇپ قالماستىن، ئۆتكەن بەش يىللىق پىلان ئىچىدە ئوتتۇرىچە ھەر يىلى رەسمىي ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان تۇرار جاي كۆلىمىدىن 15.8 مىليون كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق. تۇرار جاي قۇرۇلۇشىغا كارخانىلار فوندىدىن خېلى كۆپ ساندا مەبلەغ ئاجرىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 8.2 مىليون كۋادرات

مۆلچەر قىلىنغان بارلىق مەبلەغ مەنبەلىرى، يوشۇرۇن كۈچ ۋە ئىمكانىيەتلەردىن تېخىمۇ تولۇق پايدىلىنىپ، 2000-يىلغا بارغاندا ھەربىر ئائىلىنى بىر يۈرۈش ئايرىم ئۆي بىلەن ياكى ئايرىم بىنا بىلەن تەمىنلەش مۆلچەر قىلىنماقتا. دەرۋەقە، بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى سوۋېت بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمىز.

— سوۋېت ئائىلىلىرىنىڭ ھېساباتى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ —، دەپ يەنە سورىدى لىن جاۋنەن.

— 70% ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ئائىلىۋى كىرىمىدە مائاشى (ئەمگەك-ئىش ھەققى) ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، — دېدى كاشىن جاۋابەن.

ئەمگەك-ئىش ھەققى جەھەتتىكى ئوتتۇرىچە ئايلىق كۆلەم 1988-يىلى 1985-يىلدىكى 96.5 رۇبلىدىن 190 رۇبلىغا كۆپەيدى، 1990-يىلغا بارغاندا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق مائاشى 215 — 220 رۇبلىغا يېتىدۇ. بولۇپمۇ ماددىي ئاساسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان ئائىلىلەرنىڭ ۋە كولخوز ئەزالىرىنىڭ مائاشىدىكى ئۆزگىرىش بىرقەدەر كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، يەنى يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى 1.6 ھەسسە ئاشتى. سوۋېت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە كەلسەك، ئاساسلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى مۇقىم. ئىجارە ھەققى ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ، ئوتتۇراھال سەۋىيىدىكى ئىشچى ئائىلىلىرى راسخوتىنىڭ (ئائىلە راسخوتى) 30% نى ئىگىلىمەكتە (پار، سۇ، گاز ۋە باشقا مۇلازىمەت تۈرلىرى ئىچىدە). سوۋېت ئىتتىپاقى ئاھالىلىرىنىڭ ئائىلە راسخوتى قۇرۇلمىسىدا ئوقۇتۇش ۋە داۋالىتىش خىراجىتى ھېچقانداق مەسىلە ئەمەس، دورىلارنىڭ باھاسى تەننەرخىدىن كۆپ تۆۋەن، بىر قىسىم ئائىلىلەر دورىلار بىلەن تۆۋەن

ئامىللاردىن بىر قەدەر تولۇق پايدىلىنىش ئاساسىغا قۇرۇلدۇ، ئىجتىمائىي ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 4% ئاشۇرۇلدۇ، جۇملىدىن سانائەتتە 4.4%، قۇرۇلۇشتا 3.8%، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىدا 4.6% ئاشۇرۇلدۇ. ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان سانائەت كارخانىلىرىدىكى جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە كونىراپ كەتكەن مۇقىم مەبلەغلەرنى ئالماشتۇرۇش ئىشى ئەسلىدىكىدىن 1/3 دىگۈدەك ئاشۇرۇلدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى دېڭىز فلوتى مىنىستىرلىكى ۋە سودا تارماقلىرى ئۆزى مەبلەغ چىقىرىش، ئۆز چىقىمىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش ئاساسىدىكى ئىگىلىك ھېساباتى تۈزۈمگە كۆچىدۇ.

1987-يىللىق پىلان-كۆرسەتكۈچلەر پەن-تېخنىكىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەردىن تولۇق پايدىلىنىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن، پەقەت ئىلىم-پەن ئىشلىرىنى قەتئىي راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىدىن كەڭ ۋە نىسبەتلىك ھالدا پايدىلانغاندىلا، يۇكسەك پەللىلەرنى ئىشغال قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كەلگۈسىدە ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكلىرى بويىچە دۇنيا سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن بولغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنىڭ نىسبىتى 0.6 ھەسسە ئاشۇرۇلىدۇ.

ھېسابلاش تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئاجرىتىلغان مەبلەغ 19.5% ئاشۇرۇلۇپ (بەش يىللىق پىلاندا 16% ئاشۇرۇش بەلگىلەنگەندى)، ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئېلېكتىرونلۇق ھېسابلاش ماشىنىلىرى كەڭ كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلايدۇ. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ 2000-يىلغىچە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئومۇمىي پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

تارماق ئايلىدىغان پەن-تېخنىكا بىرلەشمە گەۋدىلىرى خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىرقەدەر تېز سۈرئەتتە زامانىۋى پەن-تېخنىكا ئاساسىغا

مېتىر كۆلەمدە تۇرار جاي سېلىش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنىڭ ماددىي ئاساسى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. 880 مىڭ 500 ئورۇندا يەسلى ۋە بالىلار باغچىسى، بىر مىليون 283 مىڭ 700 كىشىلىك ئومۇمىي ساۋات چىقىرىش مەكتەپلىرى (باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر)، 150 مىڭ 500 كىشىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرى رەسمىي ئىشقا چۈشۈرۈلدى. 72 مىڭ 900 كارۋاتلىق دوختۇرخانا ۋە بىر ئىسمېنىدا 182 مىڭ 100 كېسەل كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئامبۇلاتورىيە ۋە ئامبۇلاتورىيىلىك داۋالاش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى (بۇمۇ بەش يىللىق پىلاندا بەلگىلەنگەندىكىدىن يۇقىرى)، قىرى، مېيىپلار ئۈچۈن سېلىنىدىغان ياتاق ئۆيلەر كۆلىمى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كېڭەيدى. ئۇ يەنە ئاھالىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىلەن ئىقتىدارىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى:

1987-يىللىق پىلاننىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، 1987-يىلى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىلغان مىللىي دارامەتتىكى ئۆسۈش 1986-يىلدىكى سۈرئەتتىن تېز بولىدۇ ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش فاكچېنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇلدۇ. 1987-يىلى ئورۇنداشقا تېگىشلىك مۇھىم كۆرسەتكۈچلەر بەش يىللىق پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئىگىلىك تەرەققىياتى سۈرئىتىنىڭ بەش يىللىق پىلاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوتتۇرىچە يىللىق سۈرئەتكە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەتنىڭ مۇداپىئە ئىقتىدارىنى تېگىشلىك سەۋىيىدە ساقلاپ قېلىشمۇ نەزەردە تۇتۇلدى. 1987-يىلى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىلغان مىللىي دارامەتتىكى ئۆسۈش 1986-يىلدىكى 3.9%تىن 4.1%كە، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىدىكى ئۆسۈش 4.3%تىن 4.4%كە كۆتۈرۈلدى. 1987-يىلى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈنۈملۈك

ئىنستىتۇتنىڭ 25 تەتقىقات بۆلۈمى بولۇپ، 300 ئالىم ئىشلەيدىكەن. پروفېسسور م. ئۇ. كىرىكوف دوستلۇق كەيپىياتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىزگە ئومۇمىي ئەھۋاللارنى خەنزۇچە تىل بىلەن ئەستايىدىل تونۇشتۇردى. ئۇ سۆزىنى مۇنداق باشلىدى: سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلەر ئەڭ كۆپ جايلاشقان دۆلەت، ھازىر پەقەت موسكۋانىڭ ئۆزىدىلا 100 گە يېقىن مىللەت بار. كۆپ مىللەت مەسىلىسى مۇرەككەپ بولغىنى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەم باشقا دۆلەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنىمۇ تەتقىق قىلىمىز. بىز جۇڭگونىڭ مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بەكمۇ قىزىقىمىز. خەنزۇ مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا بەش توم كىتاب چىقاردۇق، بىز يەنە جۇڭگونىڭ يىگى دەۋردىكى موڭغۇل مىللىتى، زاڭزۇ مىللىتى، ئۇيغۇر مىللىتى، چاۋشيەن مىللىتى، خەنزۇ مىللىتى توغرىسىدا ئايرىم-ئايرىم كىتاب چىقارماقچىمىز. پروفېسسور كىرىكوف سۇڭ سۇلالىسى توغرىسىدا توختىلىپ، مەن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئېتنوگرافىيىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بېرىۋاتىمەن، قاراخانىيلار سۇلالىسى چوڭ سۇلالىلارنىڭ بىرى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسلىق خەلقى ئۇيغۇرلاردۇر، دېدى.

ئۇ يەنە مۇنۇلارنى تونۇشتۇردى: ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىسلاھات مەسىلىسى گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى. بىز سوۋېت ئىتتىپاقىدەك مىللىي رېسپۇبلىكا، مىللىي ئاپتونوم رېسپۇبلىكا، مىللىي رايون، مىللىي ئوبلاستلار كۆپ دۆلەتتە سىياسىي-ئىقتىساد مەسىلىسىنى مىللەتشۇناسلىق مەسىلىسى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، دەپ قاراپ تەتقىق قىلىمىز.

يۆتكىلىشىگە تۇرتكە بولغۇسى.

پروفېسسور كاشىن بىزگە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال تـونـۇشـتـۇرۇشـنى سـوۋېـتـ-جـۇڭگو ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىقى بىلەن ئاياقلاشتۇردى. سوۋېت-جۇڭگو ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى، مانا شۇ ئىمزالانغان ھۆججەتلەر ئاساسىدا سوۋېت-جۇڭگو سودىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1986-1990-يىللار ئىچىدە 12 مىليارد رۇبلىغا يېتىدۇ. سوۋېت ئـىـتـتـىـپاقى جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. پروفېسسور كاشىن ئىسلاھاتقا دائىر تـونـۇشتۇرغان بەزى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىسلاھاتىغا بولغان توسالغۇلار ئاز ئەمەس ئىكەن. مەسىلەن: بىز موسكۋا گوركىي نامىدىكى كىنو ستۇدىيىسىنىڭ مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى بارغىنىمىزدا، ستۇدىيىنىڭ ئىسلاھاتقا قارشى جاھىل ئىدىيە-قاتمال بـيـۇروكراتلارنى تەنقىد قىلىدىغان كىنولارنى كۆچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

## سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا

1987-يىلى 8-ئاينىڭ 2-كۈنى موسكۋا ۋاقتى چۈشتىن كېيىن س س س ر موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتشۇناسلىق (ئېتنوگرافىيە) ئىنستىتۇتىغا باردۇق. ئىنستىتۇتنىڭ مەسئۇلى پروفېسسور م. ئۇ. كىرىكوف باشلىق بىرقانچە ئالىم بىزنى قىزغىن ۋە سەمىمىي قارشى ئالدى. بۇ

مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىمىز، كۆپرەك كېلىڭلار، كۆپرەك باردى-كەلدى قىلايلى، ئىلىم ئالماشتۇرايلى، دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم تەكرارلىدى.

ئېتنوگرافىيە — دۇنيادىكى مىللەتلەر توغرىسىدىكى پەن، ئۇ مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئوخشاشلىقلارنى، پەرقلەرنى، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئورۇنلىشىشى، شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىدىكى ئۆزلىرىگە خاس ئېستېتىكىلىق قىياپىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئەنئەنىۋى خاراكتېرگە ئىگە تەرەپلەر (تىلمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئېتنوگرافىيە ئاساسلىق تەتقىق قىلىدىغان ئوبيېكت، ئېتنوگرافىيە ئىرقچىلىققا، شوۋىنىزمغا قارشى كۈرەشتە، شۇنداقلا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە دوستلۇقنى مۇستەھكەملەشتە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەرقانداق پەننىڭ تارىخى مۇنداق ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ، بىرى، ئەمەلىي بىلىملەرنى توپلاش تارىخى، يەنە بىرى، پاكىتلارنى يەكۈنلەش ۋە مۇھاكىمە قىلىش. ئېتنوگرافىيە ئىلمى بىر ئىلىم سۈپىتىدە 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇ مەزگىلدە پارچە-پارچە، بەزىدە ھەتتا ناھايىتى خىرە بولغان بىر قىسىم ئېتنوگرافىيىگە ئائىت پىكىرلەر بىر-بىرىگە باغلانغان ئۇقۇم، پرىنسىپ ۋە تەدبىرلەر سىستېمىسى بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغان. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ پەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەمەس، سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى سوراۋاتقانلىقىمنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ روشەن ھالدا سوۋېت مەنبەلىرى ئۈستىدە توختالدى. بۇ پەن روسىيىدە بىستۇرنىڭ «ۋاقىتلىق يىللار ھەققىدىكى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا 70 يىل بولغان بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى تېخى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭكىگە يېتەلمەيۋاتىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ مەن شۇنداق دەپ قارايمەنكى، بۇنىڭدىكى تۈپ مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا. ئەنئەنىۋى كونا ئىدىيەلەرنى پاچاقلاپ تاشلىماي تۇرۇپ، قىسمەن ئىسلاھات ئېلىپ بارغان تەقدىردىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇنقى ئىسلاھاتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى. ئۇ يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈلمە ۋە ئەنئەنىۋى ئەندىزىلەرنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ لېنىننىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى نېمە ئۈچۈن ئىزچىللاشمىدى دېگەن مەسىلىگە، ستالىنغا يېڭىباشتىن باھا بېرىشكە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى، بۇ مەسىلىگە قارىتا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قىيىنلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىكىنىڭ ئىسلاھاتقا بولغان ئىرادىسى زور، ئىسلاھات ئۈچۈن بىر قاتار جامائەت پىكرى، نەزەرىيە ۋە تەشكىلىي تەييارلىقلارنى كۆرۈۋاتىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى يېقىندا ئېلان قىلغان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا قانۇنى» كېلەر يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ، جۇڭگونىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھات تەرەققىياتىدىكى نەتىجىلىرى دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى خېلى جەلپ قىلدى، بىزمۇ جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتىدىكى ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىمىز، سوۋېت-جۇڭگو دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ۋە تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى 10 نەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قالدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ساھەسىدە داۋاملىق

قالدى.

روسىيىدىكى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئەدىبلىرى ۋ. ن. تاشىيفنىڭ (1689 — 1750) ئىلمىي پائالىيەتلىرىدە، جۈملىدىن ئېتنوگرافىيە ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرىدە ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. رۇس تارىخى ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ بوۋىسى تاشىيفنىڭ «روسىيە ياكى ھازىر ئاتىلىپ كېلىۋاتقىنىدەك روسىيە» (1739-يىل)، «ئۇلۇغ رۇس ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىي ۋە جۇغراپىيىۋى باياننىغا كىرىش سۆز» (1744)، «روسىيە تارىخى»، «رۇس لېكسىكسى» دېگەن ئەسەرلىرى رۇس ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1725-يىلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيىلەر ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ "قۇرۇقلۇق ئېكسپېدىتسىيىلىرى"نىڭ ئىشتىراكچىلىرى: گ. ف. مىللېر، ئى. گ. گمېلىن، گ. ۋ. شتېللېر، س. پ. كراشېنىنكوف، ئى. فىشېر، يا. لىندېنا قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتنوگرافىيە ئىلمىگە قوشقان تۆھپىلىرى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك.

ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنىڭ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئېنىق پروگراممىا بويىچە پىلانلىق ھالدا ماتېرىياللارنى توپلاشلىرى نەتىجىسىدە 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىغا كەلگەندە روسىيىدىكى كۆپ ساندىكى مىللەتلەر توغرىسىدا مول ئېتنوگرافىيىلىك مەلۇماتلار توپلاندى ھەمدە 1776-، 1780-يىللىرى ئى. گ. گېئورگىينىڭ «روسىيىدە ياشاۋاتقان مىللەتلەر ھەققىدە بايان» ناملىق تۆت توملۇق تۇنجى ئېتنوگرافىيە ئەسىرى بارلىققا كەلدى.

روسىيە ئېتنوگرافىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، نوقۇل رۇس خەلقى بىلەن ئۇلارغا يېقىن

پوۋېست» دېگەن كىتابىدىلا (1113-يىلى) تۇنجى بولۇپ رۇس زېمىنىدا شۇنداقلا ئۇنىڭغا قوشنا زېمىنلاردا ياشاۋاتقان جىمىكى مىللەتلەرنى تونۇشتۇرۇشنى باشلانغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇستىدە بىر قەدەر ئېنىق تارىخىي ئېتنوگرافىيىلىك قاراش — بارچە سلاۋىيانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ بىردەكلىكى ئىدىيىسى — ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

16-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋر ئىچىدە روسىيىنىڭ ئۇرال ئەتراپىدىكى رايونلارنى، غەربىي ۋە شەرقىي سىبىرىيە رايونلىرىنى، شۇنداقلا يىراق شەرق رايونىنى ئېچىش بىلەن، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى ياكى تىجارەتچى رۇسلارنىڭ يوقىرىغا سۇنغان "مەكتۇپ" ياكى "ماقالىلىرى" نەتىجىسىدە ئېتنوگرافىيىگە ئائىت يازما مەلۇماتلارنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەن.

پېتر I نىڭ ئۇلۇغ ئىسلاھاتلىرى بىلەن باشلانغان دەۋر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈتكۈل مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلەتتى، پېتر دەۋرىنىڭ روھى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى ۋە رۇس تىلىدىكى ئېتنوگرافىيىگە ئائىت تۇنجى مەخسۇس ئەسەر — گىئورگىي نوۋىتسكىنىڭ 1713-يىلى يازغان «ئوستياك خەلقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»[①]دا ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

1714-يىلى پېتربۇرگتا پېتر I نىڭ داڭلىق ئاجايىباتلار كۆرگەزمىسى تەسىس قىلىندى. بۇ، خېلى كېيىنكى دەۋرلەردە قۇرۇلغان سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارمىقىدىكى ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئېتنوگرافىيە مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس بولۇپ

---

① ئوستياك — (سىبىرىيىدە ياشايدىغان خانتىلارنىڭ قەدىمىي ئاتىلىشى).

1836-يىلى پېتر I نىڭ ئاجايىباتلار كۆرگەزمىسى ئاساسىدا روسىيىدىكى تۇنجى ئېتنوگرافىيە مۇزېيى تەسىس قىلىندى ۋە 1879-يىلى ئانتروپولوگىيە① ۋە ئېتنوگرافىيە مۇزېيى بولۇپ ئۆزگەردى. بۇ ئىككى پەننىڭ تەرەققىي قىلىپ بىر-بىرىگە يېقىنلىشىشىدىكى سەۋەبنى 1864-يىلى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان تەبىئەت ئىلمى ھەۋەسكارلىرى جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن چۈشىنىۋېلىش قىيىن ئەمەس.

چۈنكى، ئۇ جەمئىيەت ئېتنوگرافىيە بىلەن ئانتروپولوگىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئېلىپ بارغان چوڭ پائالىيىتى 1867-يىلى پۈتۈن روسىيە ئېتنوگرافىيە كۆرگەزمىسىنى تەشكىل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

كۆرگەزمە يېپىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قويۇلغان ماتېرىياللار موسكۋا ئاممۋى مۇزېيىغا "داشكوۋسكى ئېتنوگرافىيە مۇزېيى" نامى بىلەن ئۇنىڭ ئايرىم بىر قىسمى بولۇپ قوشۇلدى. شۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدىن ھاسىل قىلىنغان تەسىراتلار ئىلھامى ئاستىدا بۇ جەمئىيەت 1879-يىلى ئانتروپولوگىيە كۆرگەزمىسىنى ئاچتى ۋە ئۇنىڭغا ئانتروپولوگىيىگە ئائىت ماتېرىياللاردىن تاشقىرى ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيىگە ئائىت ماتېرىياللارنىمۇ قويدى. كېيىنچە بۇ جەمئىيەت پولتېخنىكا مۇزېيىنى (ئۇنىۋېرسال تېخنىكىلارغا ئائىت) تەشكىللىدى. ئۇنىڭغا قويۇلغان نۇرغۇن ماتېرىياللار بىۋاسىتە ئېتنوگرافىيىگە ئائىت ئىدى. بۇ كۆرگەزمىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى كېيىنچە پولتېخنىكا مۇزېيىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولۇپ قالدى، بۇ مۇزېي ئۆز نۆۋىتىدە مەدەنىيەت-ئاقارتىش، جۈملىدىن ئېتنوگرافىيە ساھەسىدە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

① ئانتروپولوگىيە — ئادەمنىڭ بىئولوگىيىلىك قۇرۇلۇشى تەتقىق قىلىنىدىغان پەن.

بولغان ئۇكرائىن، بىلورۇس خەلقلىرىنى تەتقىق قىلىش، روسىيەدىكى باشقا مىللەتلەرنى (خەلقلەرنى) تەتقىق قىلىشقا باشلىغانلىغا قارىغاندا، خېلى بۇرۇنلا باشلانغان، بۇ تامامەن چۈشىنىشلىك بىر پاكىت. چۈنكى، ئانچە تونۇش بولمىغان مىللەتلەرنى ئالدىن تەتقىق قىلىشقا بولغان قىزىقىش، ئالدى بىلەن روسىيە تەۋەسىدىكى سلاۋىيان بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا سەۋەب بولدى.

م. ۋ. لومونوسوف (1711 — 1765) بىۋاستە رۇس خەلقىنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلغان بولسا، ئۇزۇن ئۆتمەي خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ۋە مۇزىكا ئىجادىيىتى تەتقىق قىلىنىشقا، قوليازمىلار نەشر قىلىنىشقا باشلىغان.

1803-، 1849-يىللىرى ئارىلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قاتار دېڭىز ئېكسپېدىتسىيىلىرىنىڭ نەتىجىلىرى، 18-ئەسىردىكىگە ئوخشاشلا (كۆپ ھاللاردا دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىش خاراكتېرىنى ئالغان) روسىيە ئېتنوگرافىيە ئىلمىنى ناھايىتى مول ئۇزۇق بىلەن تەمىن ئەتتى.

1830-، 1840-يىللىرى روسىيەدە جامائەت پىكرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە دېڭىزدا، كېيىنچە قۇرۇقلۇقتا ئېلىپ بېرىلغان يېڭى-يېڭى ئېكسپېدىتسىيەلەر (روسىيىنىڭ شىمالىغا، سىبىرىيىگە، ئوتتۇرا ئاسىياغا، كاۋكازغا) ئېتنوگرافىيە ئىلمىنى سوۋېت جەھەتتە تامامەن يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى، ئېتنوگرافىيە ئىلمىدە ئورتاق نەزەرىيىۋى قۇرۇلما شەكىللەندى.

1845-يىلى روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى قۇرۇلدى. ئۇ قۇرۇلغان بىرىنچى يىلىلا قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنىڭ بىرى — روسىيىنىڭ تۇنجى ئېتنوگرافىيە خەرىتىسىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى نەشر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

كوللېكتىپ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 19 توملۇق «روسىيە»، «ئېلىمىزنىڭ تولۇق جۇغراپىيىلىك تەسۋىرى» (1900-، 1915-يىللار) ناملىق ئەسەر ۋە كۆپ توملۇق «مەنزىرىلىك روسىيە» دېگەن ئەسەر ئىنقىلابتىن بۇرۇن روسىيە خەلقىنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە ئائىت مەلۇماتلارنى بىر سىستېمىغا چۈشۈرۈش جەھەتتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. 1910-يىلى روسىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى ئىچىدە روسىيىنىڭ ئېتنوگرافىيىلىك خەرىتىسىنى تۈزۈش كومىسسىيىسى تەسىس قىلىندى. بۇ كومىسسىيىنىڭ كەڭ كۆلەملىك خىزمىتى نەتىجىسىدە سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا روسىيىنىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىنىڭ بىر قاتار تەپسىلىي ئېتنوگرافىيىلىك خەرىتىسى دۇنياغا چىقتى.

ھالبۇكى، ئىنقىلابنىڭ ئالدىدىكى دەۋردە ئېتنوگرافىيىگە ئائىت تەتقىقاتلار ئانچە پىلانلىق ئېلىپ بېرىلمىغان، مەلۇماتلار كۆپىنچە يەكۈنلەنمىگەن، ئېتنوگرافىيە ئوقۇتۇش ئىشلىرى رەسمىي يولغا قويۇلمىغان، بەلكى قوشۇمچە ھالەتتە ئىدى.

سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، دەسلەپكى يىللاردىن باشلاپلا ئېتنوگرافىيە خىزمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېڭى ئاساستا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1917-يىلىلا پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەركىبىدە روسىيە ۋە ئۇنىڭغا چېگرىداش ئەللەر ئاھالىسىنىڭ قەبىلە تەركىبىنى تەتقىق قىلىش كومىسسىيىسى تەسىس قىلىندى، كېيىنچە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئاھالىسىنىڭ قەبىلە تەركىبىنى تەتقىق قىلىش كومىسسىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1919-يىلى پېتروگراد ۋە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى قارمىقىدا ئېتنوگرافىيە مەركەزلىرى قۇرۇلدى. 1924-يىلى شىمالىي كاۋكاز تىللىرىنى ۋە ئېتنىكىلىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش كومىتېتى، 1930-يىلى شىمال

رۇس جۇغراپىيە جەمئىيىتى ۋە تەبىئەت ئىلمى ھەۋەسكارلىرى جەمئىيىتىنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر قىسمىدا ھەرخىل ئېكسپېدىتسىيىلىك تەكشۈرۈشلەر كەڭ قانات يېيىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ مىكلوخو-ماكلاينىڭ ساياھىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ھەقىقەتەنمۇ پىلانلىنىش ۋە قازانغان نەتىجىلىرى جەھەتتە ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولغان ئوكيانىيە ئاراللىرىغا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا قىلىنغان بۇ ساياھەت ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

تەبىئەت ئىلمى ھەۋەسكارلىرى جەمئىيىتىنىڭ جايلاردا يەرلىك جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى؛ رۇس جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭمۇ تارماقلىرى قۇرۇلۇپ، بىر پۈتۈن تور بولۇپ شەكىللەندى.

شۇ ۋاقىت ئىچىدە ماركسىزمنىڭ رۇس ئېتنوگرافىيە ئىلمىگە بولغان تەسىرى كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. بۇ خىل تەسىر بولۇپمۇ ئېتنوگرافىيە ئالىملىرى ن. ئى. زىبېرنىڭ (1844 — 1888) ۋە م. م. كوۋالېۋسكىنىڭ (1851 — 1916) ئەسەرلىرىدە ئالاھىدە روشەن ئىپادىلەندى.

ئېتنوگرافىيە ئىلمىدە رايونشۇناسلىقنىڭ ئېنىق تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا (19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بۇ جەھەتتە ب. س. بېخمېنكو، ن. ئا. ئىۋانتسكى، م. ب. بىرىمسكى، ئا. ۋ. ئانوخىن، ۋ. ئى. ئانۇچىن، د. ك. زىلىنىن قاتارلىقلار ئالاھىدە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن) رۇس ئېتنوگرافىيىسىدە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنۈشكە باشلىدى. خارۇزىنلار، بولۇپمۇ ن. ن. خارۇزىن ۋە ئۇنىڭ ھەدىسى ۋ. ن. خارۇزىنا، ئا. ن. پىپىن، ئا. ن. ماكسىموف، م. ئى. كۇلشېر، د. ن. ئانۇچىن قاتارلىق رۇس ئېتنوگرافىيە ئالىملىرى بىر قاتار نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ناھايىتى

ئېتىبارەن سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى س. پ. تولستوف بۇ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ كەلدى. 1966-يىلدىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى يۇ. ۋ. برومليېيى رەھبەرلىك قىلىپ كەلمەكتە.

ئىنستىتۇتنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات تارماقلىرى سېكتورلار. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تەتقىقات تۈرلىرىنىڭ بىر-بىرىگە يېقىنلىقىغا ئاساسەن بىر بۆلۈمگە بىرلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئومۇمىي مەسىلىلەر بۆلۈمى چەت ئەل ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى سېكتورىنى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنى، ئېتنىكلىق ستاتىستىكا ۋە خەرىتىلەشتۈرۈش لابوراتورىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىر قىسىم رايونلار سېكتورلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلسا، يەنە بىر قىسىم رايونلار سېكتورلىرى چەت مەملىكەتلەر خەلقلىرىنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئىنستىتۇتنىڭ لېنىنگراد بۆلۈمى تەركىبىدىكى ئېتنوگرافىيە ۋە ئانتروپولوگىيە مۇزېيى ئۆزىگە خاس خىزمەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە.

ھازىرقى باسقۇچتا سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتى ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ، شۇنداقلا چەت مەملىكەتلەر خەلقلىرىنىڭ ھازىرقى ئېتنىكلىق ئۆزگىرىشلىرىنى (مىللەت ئۆزگىرىشلىرىنى)، تۇرمۇش مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىش؛ ئۇلارنىڭ مىللەت كېلىپ چىقىشى، مىللەت تارىخى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىش تارىخى؛ شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ماكانلىشىشىغا ئائىت ئومۇمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ناھايىتى مۇھىم ۋە يىراق ئىستىقبالغا ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېتنىكلىق ئورتاقلىقلارنىڭ شەكىللىنىش

خەلقلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى تەسىس قىلىندى.

1933-يىلى ئېتنوگرافىيە ۋە ئانتروپولوگىيە مۇزېيىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئانتروپولوگىيە، ئېتنوگرافىيە ۋە ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەسىس قىلىنىپ، 1937-يىلى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېتنوگرافىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلدى (ئورنى لېنىنگرادتا).

1926-يىلدىن باشلاپ "ئېتنوگرافىيە" ناملىق ماقالىلەر توپلىمى چىقىشقا باشلىدى. كېيىنچە ئۇ ئېتنوگرافىيە ئىلمى ساھەسىدىكى مەركىزىي نەشرىيات ئورگىنى بولۇپ قالدى. شۇ يىللار ئىچىدە، ئۇكرائىنا، بېلورۇسسىيىدە، كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئېتنوگرافىيە مەركەزلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى، تەدرىجىي ھالدا مەملىكەتلىك كەسپىي كادىرلار قوشۇنى، جۇملىدىن يەرلىك كەسپىي كادىرلار قوشۇنى شەكىللەندى.

ئېتنوگرافىيە ئالىملىرىنىڭ دالا تەكشۈرۈش ئىشلىرى مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەرگىمۇ قانات يايدى. ئېتنوگرافىيە ساھەسىدە ئۇرۇشتىن بۇرۇن ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىللاردا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر موسكۋادا، لېنىنگرادتا، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پايتەختلىرىدە، بىر قىسىم رايون ۋە ئوبلاستلارنىڭ مەركەزلىرىدە چىقىدىغان قەرەللىك گېزىت-ژۇرناللاردا، شۇنداقلا «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى»، «خەلق ئېتنوگرافىيىسى»، (ئۇكرايىنانىڭ كېيىۋ شەھىرىدە چىقىدۇ) قاتارلىق مەخسۇس ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

1943-يىلدىن باشلاپ ئېتنوگرافىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئىككى بۆلۈم — موسكۋا ۋە لېنىنگراد بۆلۈمى ئۆز پائالىيىتىنى باشلىدى. لېنىنگراد بۆلۈمى ئۇرۇش يىللىرىدا لېنىنگراد مۇھاسىرىدىكى ۋاقىتتا تاشكەنتكە كۆچۈرۈلگەندى، ئۇرۇشتىن كېيىن موسكۋا بۆلۈمى بۇ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئاساسلىق خىزمەت ئورنى بولۇپ قالدى. 1942-يىلدىن

قىلىدۇ. ئۇدۇنتولوگىيىنىڭ ئەڭ يېڭى تارماقلىرىنىڭ بىرى — ئېتنىكلىق ئۇدۇنتولوگىيە. ئۇ تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدا يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئوخشىمىغان ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنىڭ چىش تۈزۈلۈشىدىكى مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گېنېتىكا جەھەتتىكى تۇغقانچىلىقلارنى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي باغلىنىشلارنى، مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىش يوللىرىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. ئوخشىمىغان ئىرقلارنىڭ تېرە تۈزۈلۈشىدىكى ئوخشىماسلىقلاردا (بارماق ئايلانما سىزىقچىلىرىنىڭ تىپى، تاپان ۋە ئالقان سىزىقچىلىرىنىڭ يۆنىلىشى، ئايلانما سىزىقچىلىرىدىكى سىزىق سانى، تېرە ئايلانما سىزىقچىلىرىدىكى ئايرىم ئېلېمېنتلارنىڭ بۆلۈنۈش مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار) مەلۇم مۇناسىۋەتلەرنىڭ بارلىقى ئىسپاتلاندى. ئوخشىمىغان ئىرقلارنىڭ تاپان ۋە ئالقان تېرىسىدىكى بۇ خىل پەرق — ئېتنىكلىق ئۆزگىرىش. ئۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تەتقىق قىلىنماقتا. ھازىر بۇ تەتقىقات ئىنسانلارنىڭ ئىنتايىن نۇرغۇن ساندىكى ئىرق ۋە ئېتنىكلىق گۇرۇپپىلىرى ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇ ئىش يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان بىرقەدەر ئۈنۈملۈك قانات يايماقتا.

ھازىر مەيلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولسۇن ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن، پروفېسسور گېراسىموفنىڭ (1907 — 1970) بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرى بىلەن تونۇش بولمىغان بىرەر مەدەنىيەت ئىگىسىنى تېپىش، ئېھتىمال، ئوڭاي بولمىسا كېرەك. ئۇنىڭ نامى، بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ مېڭە ئىسكىلىتىگە قاراپ ئۇنىڭ يۈز شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن كىشىلەرگە تونۇلغان. بۇ ئۇسۇل پەقەت تارىخ پەنلىرى ياكى ئېتنوگرافىيە ۋە ئارخېئولوگىيىدىلا ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى جىنايى ئىشلار ئىلمىدىمۇ چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. گېراسىموف ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ

ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلمەكتە.

ئېتنوگرافىيە بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنستىتۇتتا يەنە ئۇنىڭغا ئۇرۇقداش پەنلەر — ئانتروپولوگىيە، فولكلورىستىكا (فولكلورچىلىق) تەتقىقاتى يولغا قويۇلغان. ئانتروپولوگىيە (سۆز مەنىسىدىن ئالغاندا "ئادەم توغرىسىدىكى پەن") ئىرقلارنىڭ تەبىئىي تەرەققىيات تارىخى ۋە فىزىكىلىق قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىش بىلەن 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئانتروپولوگىيىنىڭ ئاساسىنى مورفولوگىيىلىك مەلۇماتلار تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان، ئانتروپولوگىيە خەزىنىسى فىزىئولوگىيە، بىئوخىمىيە، مالىكۇلا بىئولوگىيىسى قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت مەلۇماتلار بىلەن تولۇقلانماقتا.

ئانتروپولوگىيىنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرى — ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، ئىرقلارنى تۈرلەرگە ئايرىشتىكى ئاساسلىق ئامىللار (ئەتراپتىكى مۇھىتقا كۆنۈكىشى، ئىرقلارنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ گېنېتىكىلىق مېخانىزمى)دىن ئىبارەت.

ئانتروپولوگىيە تارماقلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىرقشۇناسلىق بىئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن باشقا، يەنە ئىجتىمائىي پەن(ئېتنوگرافىيە)، ئارخېئولوگىيە، تىلشۇناسلىق، تارىخ ۋە باشقىلار) مەلۇماتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىرقلار ۋە ئادەملەرنىڭ تېخىمۇ كىچىك كوللېكتىپلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا باغلىق مەسىلىلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدۇ.

ئانتروپولوگىيىلىك ئودونتولوگىيە (ئىنسانلارنىڭ چىش تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۈرگە ئايرىش ئىلمى) ئانتروپولوگىيىنىڭ يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر يېڭى تارمىقى. ئۇ ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ۋە قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئادەملەرنىڭ چىش تۈزۈلۈشىنىڭ تۈرلىرىنى تەتقىق

بۆلۈمچىلەر بار. ئىنستىتۇت خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ يېزىقىنى يارىتىشتىن ئىبارەت.

ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتى «سوۋېت ئېتنوگرافىيىسى» ناملىق ژۇرنالدىن باشقا يەنە بىر يۈرۈش كىتابلارنى: «ن. ن. مىكلوخو-ماكلاي نامىدىكى ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئەمگەكلىرى يېڭى تۈركۈمى» (1947-يىلىدىن بۇيان چىقىۋاتىدۇ)، «ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ قىسقىچە مەلۇماتلىرى» (1946 — 1963)، «ئانتروپولوگىيە ۋە ئېتنوگرافىيە مۇزېيى توپلىمى» (1900-يىلدىن بۇيان چىقىرىلىۋاتىدۇ)، «ئىرقلار ۋە مىللەتلەر» (1971-يىلدىن بۇيان چىقىرىلىۋاتىدۇ) نەشر قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنستىتۇت تەرىپىدىن يەنە «دۇنيا مىللەتلىرى» (18 توم)، «ئومۇمىي ئېتنوگرافىيە ھەققىدە ئوچېرىكلار» (بەش نەشرى) نەشر قىلىندى.

ھازىر ھەممە جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىدە بۇ ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات تارماقلىرى قۇرۇلدى.

## لىتۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا

1988-يىل 7-ئاينىڭ 29-كۈنى ئەتىگەن ھاۋا ئوچۇق ئىدى، بىز لىتۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدۇق.

ۋىلنيۇس — لىتۋانىڭ پايتەختى، تېررىتورىيىسى جەھەتتە

سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىنىڭ يۈز شەكلىنى كۆچۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەجرىبىخانىسىدا ياراتقان ئاجايىپ بىر يۈرۈش ھەيكەللىرى ئادەملەرنىڭ ھازىرقى تۈرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قەدىمكى زامانلاردا ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى توغرىسىدا بىزنى ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە قىلىدۇ.

ھەرخىل فولكلور ژانىرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلاردىن تارىخى ئېتنوگرافىيىلىك مەنبەئە سۈپىتىدە پايدىلىنىش — فولكلورچىلىقنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلەر. خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى خەلق تۇرمۇشىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىر قەدەر زىچراق بىرلەشتۈرۈش ھازىرقى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىۋاتقان يۈزلىنىش.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېتنوگرافىيە بىلەن ئۇنىڭغا يېقىن پەنلەر ئارىسىدىن پەيدا بولغان ئىككى تارماق خېلىلا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بولسىمۇ ئېتنوپسىخولوگىيە (مىللەتلەر پسىخولوگىيىسى) ۋە ئېتنوسوتسىيالوگىيە (مىللەتلەر سوتسىيالوگىيىسى) شۇنداقلا يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتىدا تەسىس قىلىنغان خاس ئىسىملار تەتقىقاتى گۇرۇپپىسى ھازىر مەملىكەت بويىچە شۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ يېتەكچى مەركىزىي ئورنى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتى تارمىقىدا يەنە مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشكەن ئايرىم ئارخېئولوگىيە تارماقلىرىمۇ شەكىللەنگەن. ئىنستىتۇتنىڭ ئايرىم ئېتنوگرافىيە تارماقلىرىدا (مەسىلەن ئافرىقا خەلقلىرى تەتقىقاتى سېكتورى قاتارلىقلار) يېزىقى بولمىغان ياكى يېزىقى يېڭىدىن يارىتىلغان مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىلشۇناسلىق

ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە سەۋەب بولغان. ۋىلنيۇس ھۈنەرۋەنلىرى (كىيىم تىكىش ۋە زەرگەرلىك) سېخلارغا ئۇيۇشۇشقا باشلاپ، تۇنجى كارخانىلار: ئەينەك، قەغەز ئىشلەش، قۇيمىچىلىق ۋە تەڭگە پۇل ياساش ئورۇنلىرى پەيدا بولغان. 16-ئەسىرلەرگە بارغاندا، قىرىم تاتارلىرىنىڭ ھۇجۇمىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن شەھەر خەلقى 2400 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەردە شەھەر مۇداپىئە سېپىلىنى قۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەر قۇرۇلۇشى سېپىل سىرتىغا كېڭىيىپلا قالماي، بەلكى نيارس ۋە ۋىلنى دەريالىرىنىڭ قارشى قىرغىقىغا قەدەر كېڭەيگەن. 16-ئەسىردە ۋىلنيۇس شەھىرىدە 30 مىڭغا يېقىن نوپۇس بولۇپ، شەرقىي ياۋروپا بويىچە ئاھالىنىڭ مىللەت تەركىبى ناھايىتى رەڭگارەڭ بولغان چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى.

پۈتۈن دۇنيا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورناتقان ۋە تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ شەھەر ئۆز زامانىسىدا شەرقىي ياۋروپانىڭ كىتاب بېسىش مەركىزى بولۇپ قالغان. 16-ئەسىرنىڭ بېشىدا بۇ يەردە ئۇلۇغ لىتۋا كىنەزلىكى بويىچە تۇنجى باسمىخانا ئېچىلىپ، ئۇنىڭدا رۇس، بېلورۇس، لاتىن يېزىقىدىكى كىتابلار بېسىلىشقا باشلىغان. 1579-يىلى بۇ يەردە ئۇنىۋېرسىتېت تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ باسمىخانىسى ئۆزىنىڭ 230 يىللىق تارىخىدا 3500 خىل كىتاب نەشر قىلغان. ئۇنىۋېرسىتېتتا دەسلەپتە ھۆكۈمەتنىڭ مۇددىئالىرى كەڭ تەشۋىق قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇ تەدرىجىي مىللىي ئويغىنىش مەركىزىگە ئايلانغان.

1830-، 1831-يىلدىكى قوزغىلاڭدىن كېيىن، ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتى تاقىۋېتىلگەن، 1863-، 1864-يىلدىكى قوزغىلاڭدىن كېيىن لىتۋا يېزىقىدىكى باسما ئىشى تاكى 1904-يىلغا قەدەر مەنئى قىلىنغان. 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ۋابا كېسىلى،

جۇمھۇرىيەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شەھەر تېررىتورىيىسى 262 كۋادرات كىلومېتىر، قورۇلۇش كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىر؛ ئاھالىسى 500 مىڭدىن ئوشۇق. شەھەر چوڭ-كىچىك دۆڭلۈكلەر يانباغرىغا، دۆڭلۈكلەر ئارىلىقىدىكى ۋادىلارغا جايلاشقانلىقى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل بىر تۈس ئالغان.

ۋىلنيۇس شەھىرى قەدىمىي زامانلاردا نيارىس دەريا ۋادىسىدا، يەنى ۋىلنى دەرياسىنىڭ نيارىس دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جايىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇ كونا شەھەر تا ھازىرغا قەدەر شۇ يەردە ساقلانماقتا.

ھازىر بۇ شەھەر باش پىلان بويىچە داۋاملىق قۇرۇلماقتا، بۇرۇنقى شەھەر سىرتىدىكى رايونلاردا (خائۇيىنكاي، كىرتىماي، ئائۇكشتىي-يانبراي، ژالكىرىس) پۈتۈنلەي يېڭى تۇرار جاي رايونلىرى پەيدا بولغان، ئۇلار ژىرمۇناي (1918-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت موكاپاتىغا ئېرىشكەن)، لازدىناي (1924-يىلى لېنىن موكاپاتىغا ئېرىشكەن)، كارولىنشكېس، ۋىرسۇلشكېس، سېشكىنە، جالتۇپاي، يۇسىنىشكېسىندىن ئىبارەت. شەھەرنىڭ شىمالىدىكى سانتارىشكېس رايونىغا بىر قاتار دوختۇرخانىلار ۋە تەتقىقات ئىنستىتۇتلىرى مەركەزلەشكەن، ھازىر شەھەرنىڭ كونا رايونلىرى ئۆزگەرتىلىپ قايتا قۇرۇلماقتا.

ۋىلنيۇس شەھىرى ھەققىدىكى تۇنجى يازما تارىخىي مەنبەلەر 1323-يىلىغا تەئەللۇق بولۇپ، شەھەرگە ئاساس سالغۇچى دەپ قارىلىدىغان لىتۋانىڭ كىنەزى گېدىمىناسنىڭ نامى بىلەن باغلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ شەھەر شۇ چاغلاردىلا ئۇلۇغ لىتۋا كىنەزلىكىنىڭ پايتەختى ئىدى. دېمەك، ئۇ ئېھتىمال شۇ چاغلاردىلا ئانچە ياش شەھەر بولمىسا كېرەك. 1387-يىلى ۋىلنيۇس شەھىرى ماگدېبورگ ئىمتىيازى دەپ ئاتىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. بۇ، ئۇنىڭدا ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا

ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، لىتۋا تىلىدىكى تۇنجى گېزىت-ژۇرناللار چىقىشقا باشلىدى. 1907-يىلى لىتۋا ئىلىم-پەن جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، لىتۋا تىلىدا كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكلىرى، سەھنە ئويۇنلىرى ئويۇشتۇرۇلۇشقا باشلىدى.

1918-يىلى دېكابىردا ۋىلنيۇس شەھرىدە ۋ. مىتسكاۋىچيۇس-كاپسۇكاس باشچىلىقىدا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ئىشچى-دېھقانلار ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىتىلغانلىقى جاكارلاندى.

لېكىن 1920-يىلى كۈزدە ۋىلنيۇس شەھرىنى بۇرژۇئازىيە-پومېشچىكلار باشچىلىقىدىكى پولشا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسكەرلىرى بېسىۋېلىپ، 20 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە شەھەر ۋە ئۇنىڭ رايونلىرى شۇلارنىڭ ئىشغالىيىتىدە بولدى. 1939-يىلى قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغان ۋىلنيۇس شەھرى توختام بويىچە لىتۋاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

لىتۋادا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرىشى بىلەن ۋىلنيۇس شەھرى جۇمھۇرىيەتنىڭ پايتەختىگە ئايلاندى. 1940-يىلى 25-ئاۋغۇستتا قارار چىقىرىلىپ، جۇمھۇرىيەتنىڭ ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت ئىدارىلىرى ۋاقىتلىق پايتەخت كائۇناستىن ۋىلنيۇسقا كۆچۈرۈلدى.

بۈگۈنكى كۈندە ۋىلنيۇس شەھرى سوۋېت لىتۋاسىنىڭ چوڭ سانائەت مەركىزى. ھازىر ۋىلنيۇستا 86 دەك سانائەت كارخانىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمىلىرى، 26 دەك قۇرۇلۇش ئويۇشمىلىرى بار (ئۇنىڭدا 130 مىڭدەك ئادەم ئىشلەيدۇ). شەھەر ئىشچىلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ماشىنىسازلىق ۋە مېتاللورگىيە كارخانىلىرىدا ئىشلەيدۇ. شەھەردە بولۇپمۇ ئېلېكتر-تېخنىكا، ئۇسكۈنە-سايمان، رادىئو-ئېلېكتر تارماقلىرى

تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە ئۇرۇشلار تۈپەيلى ۋىلنيۇس شەھىرى نامراتلىشىپ، ئەسلىدىكى شۆھرىتىنى يوقاتقان. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋىلنيۇس شەھىرى پوسولىت-ۋىلنيۇس كېلىشىمىنىڭ 3-ماددىسىغا ئاساسەن، روسىيە تەركىبىگە ئۆتۈپ، روسىيىنىڭ گۇبېرنىيە مەركىزى (گۇبېرنىيە — ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن روسىيىنىڭ بىر مەمۇرىي رايونى ۋىلايەت ياكى ئۆلكىسى) بولۇپ قالغان. 1811-يىلى ۋىلنيۇس شەھىرى ئۆزىنىڭ 56 مىڭ نوپۇسى بىلەن روسىيىدە موسكۋا ۋە پېتىربۇرگدىن كېيىنكى 3-ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ شەھەر بولۇپ قالغان، ۋىلنيۇس شەھىرىنىڭ خېلى يۇقىرى سالماق بىلەن پۈتۈن روسىيە بازىرىغا ئارىلىشىشى ئۇنىڭ سانائىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاج تېپىشىغا سەۋەب بولغان، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى شەھەر بويىچە تېرىچىلىك، يېمەكلىك، تاماكا ياساش ۋە باشقا كارخانىلارنىڭ سانى 286 گە يەتكەن.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋىلنيۇسنىڭ ئاھالىسى 150 مىڭدىن ئېشىپ، بۇ يەردە بىرقانچە مەكتەپ، گىمنازىيە ۋە تېخنىكا مەكتەپلىرى ئېچىلغان، شەھەردە ئاممىۋى قىرائەتخانا، ئاسارىئەتىقىلەر كۆرگەزمىسى، ئارخېئولوگىيە كومىسسىيىسى ۋە جۇغراپىيە جەمئىيىتى تارمىقى قۇرۇلغان.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بارلىققا كېلىپ بارغانسېرى ئۇلغايدى. 1887-يىلى تۇنجى سوتسىيال-دېموكراتىك كۇرژۇكلار (تەشكىلاتلار) قۇرۇلۇپ، 1892-يىلى ۋىلنيۇس تۇنجى قېتىم "1-ماي" بايرىمىنى ئۆتكۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق ئىنقىلابچىسى ف. ئى. دىرژىنىسكى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى ۋىلنيۇستا باشلىدى. 1895-يىلى لېنىن ۋىلنيۇس شەھىرىگە كېلىپ، يەرلىك ماركسىزمچىلار بىلەن كۆرۈشتى.

1904-يىلى لىتۋا تىلىدىكى باسما ئىشلىرىنىڭ مەنئى قىلىنىشى

پىلانىدىكىسى 22% ئىدى). ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى ۋەزىپىلەرمۇ ئاشۇرۇپ ئورۇنىدالدى.

ھازىر لىتۋانىڭ جىمىكى ئىگىلىكلىرىدە ئومۇمىي ساۋاد چىقىرىش مەكتەپلىرى، ماگىزىنلار، ئاھالىنى تەمىنلەيدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى پونكىتلىرى 95% كۆپەيگەن، ئىگىلىكنىڭ ھەممىسىدە دېكۇدەك باللار باغچىلىرى، يەسلىلەر، ئاشخانىلار، كۆپ ساندىكى ئىگىلىكلەردە مەدەنىيەت ئۆيلىرى بار. شۇڭا، بۇ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 30 ياش چامىسىدىكى ياشلارنىڭ سانى 33% ئاشقان. ئۆتكەن يىلى ھەر 100 گېكتار يېزا ئىگىلىك يېرىگە 197 سېنتنېر گۆش (تىرىك ئېغىرلىق بويىچە)، 827 سېنتنېردىن سۈت توغرا كەلگەن، سۈت مەھسۇلاتى ھەربىر سېغىن كالىدىن 344.7 كىلوگرامدىن توغرا كەلگەن. 12-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 35 سېنتنېرغا (ھەر گېكتاردىن)، سۈت مەھسۇلاتىنى 4000 كىلوگرامغا (كالا بېشىغا) يەتكۈزۈش مۆلچەرلەنمەكتە ئىكەن.

1987-يىلى 7-ئاينىڭ 30-كۈنى سائەت 2.30 دە ئوكرائىنا رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئاكادېمىكى ئى. مىنىيېفكىن باتوم نامىدىكى ئېلېكترىك سۋاركا ئىنىستىتۇتىنى زىيارەت قىلدۇردى. ئىنىستىتۇتنىڭ ئالىملىرى ئېلېكترونلۇق سۋاركا مەركىزىي لابوراتورىيە ئىشخانىسىدا بىزنى قارشى ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئىنىستىتۇتنىڭ باشلىقى، ئاكادېمىك باتوم دەم ئېلىشتا بولغىنى ئۈچۈن تېلېفون ئارقىلىق ”جۇڭگولۇق دوستلارنى چىن قەلبىدىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى، جۇڭگولۇق دوستلارنىڭ داۋاملىق كېلىپ تۇرۇشىنى، ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى“ بىلدۇردى. ئىنىستىتۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پروفېسسور مىخايلوۋىچ لابانوف ئەھۋال تونۇشتۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: مەن جۇڭگولۇق دوستلارغا تۇنجى قېتىم

تەرەققىي تاپقان، شۇنداقلا بۇ يەردە يەنە تېرىلغۇ سانائىتى ئۈسكۈنىلىرى، كەپشەرلەش ئۈسكۈنىلىرى ۋە خىمىيە سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمىلىرى، تېرە-موي، توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك، ئۆي جاھازلىرى، قەغەز كارخانىلىرى؛ ئۆي قۇرۇلۇشى كامبىناتى ۋە بىرقانچە ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى بار، يېمەك-ئىچمەك سانائىتى تەرەققىي قىلغان. ۋىلنيۇس — مۇھىم قاتناش تۈگۈنى.

ھازىر جۇمھۇرىيەت پايتەختىدە لىتۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 11 تەتقىقات ئىنستىتۇتى، 20 دەك باشقۇرۇش تېپىدىكى پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، 14 لايىھەلەش ئىنستىتۇتى بار. جۇمھۇرىيەتنىڭ چوڭ قىرائەتخانىلىرىمۇ (جۇمھۇرىيەت قىرائەتخانىسى، ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتى قىرائەتخانىسى، لىتۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسى قىرائەتخانىسى) ۋىلنيۇس شەھىرىگە جايلاشقان. بۇ يەردە ھازىر 14 مۇزېي ۋە ئۇلارنىڭ تارماقلىرى، دۆلەتلىك فىلارمونىيە (كونسېرت بىلەن مۇزىكا سەنئىتىنى تەشۋىق قىلىش ئورنى)، بەش كىنو ستۇدىيىسى، جۇمھۇرىيەت رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، بەش نەشرىيات ئورنى، ئىككى چوڭ باسمىخانا بار. شەھەردە 100 دىن كۆپرەك قەرەللىك گېزىت-ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ. ۋىلنيۇس شەھىرىدە ئالتە ئالىي ئوقۇش يۇرتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتى ھېسابلىنىدۇ.

سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 27-قۇرۇلتىيىدا لىتۋا كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ي. گرىشكىياۋىتۇس قۇرۇلتايدا سۆزگە چىققان. ئۇ بۈگۈنكى لىتۋانىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: لىتۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي دارامىتى بەش يىل ئىچىدە (پىلان بويىچە بەلگىلەنگىنى 15% ئىدى) 24% ئاشتى، سانائەت تاۋارلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى 25% تەك ئاشتى (ئەسلىدە بەش يىللىق

دۆلەتلەرنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىمۇ قاتناشقان. 1919-يىلى لېنىن ئۆزى ئۇكرائىناغا كېلىپ، ئۆزى باش بولۇپ، ئۇكرائىنا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى قۇرغان. لېنىن ئۇكرائىنانىڭ ئىلىم-پەن تەتقىقاتى ھەم يېزا ئىگىلىك، سانائەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇكرائىنا پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە بىرىنچى قېتىم گىرناتىسكى باشلىق بولغان. كېيىن ئاكادېمىك ئى. مىنىپفكىن باتوم باشلىق بولۇپ، سۋاركا ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئۇكرائىنا ئىلىم-پەن تەتقىقاتىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھازىر بۇ رايوندا 100 مىڭ تەتقىقاتچى بار. 1987-يىلى 7-ئاينىڭ 27-كۈنى لىتۋا رېسپۇبلىكىسىنىڭ ۋىلنيۇس شەھىرىدىكى قۇرۇلغىنىغا 400 يىل بولغان ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇنىڭ باشقا زىيارەتلىرىمىزگە قارىغاندا بىز ئۈچۈن بەكمۇ قىزىقارلىق بولغىنى دۇنيادا ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەرىپەت، ئىلىم-پەننىڭ بۆشىكى بولغان مۇشۇنداق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قانچىسى باردۇر؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

## ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتى

1979-يىلى ۋ. كاپسۇكاس نامىدىكى ۋىلنيۇس دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ناھايىتى زور تەنتەنە ۋە كەڭ كۆلەمدە ئۆزىنىڭ 400 يىللىق مەرىكىسىنى ئۆتكۈزگەن. بۇ تەنتەنە ھارپىسىدا ئۇنىڭغا تەييارلىق كۆرۈش يۈزىسىدىن پۈتۈن ئۇنىۋېرسىتېت بىنالىرىنى ئەسلى قىياپىتىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەنگەن.

ئىنستىتۇتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغانلىقىم ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن. بۇ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغۇسى. ئىنستىتۇتنىڭ مەقسەت-نىشانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت تەرەققىياتى ئۈچۈن، دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سۋاركا تېخنىكىسىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت، ئىنستىتۇتىمىزدا ئون خىل سۋاركا تەتقىقاتى بويىچە ئون تەتقىقات بۆلۈمى، لابوراتورىيە بولۇپ، ئۇنىڭدا 900 تەتقىقاتچى، 500 مۇئاۋىن تەتقىقاتچى، 3000 دوكتور، ئىنژېنېر، ئالىي تېخنىك، باش ئىنژېنېر بار. ئىنستىتۇت ئىقتىسادىنىڭ 40% نى دۆلەت بېرىدۇ، قالغان قىسمىنى ھەرقايسى سانائەت تارماقلىرى بويىچە قىلىنغان توختامدىن ھەل قىلىمىز. ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائاشىنىڭ يۇقىرىسى 500 رۇبلى، تۆۋىنى 120 رۇبلى، ئىنستىتۇت پۈتۈن كىرىمىنىڭ 40%نى مۇكاپات ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىدۇ. ئاكادېمىك ئې. مىنىيۇگىن باتوم دۇنيا بويىچە سۋاركا تەتقىقاتىدا بىرىنچى دەرىجىلىك ئاتاقلىق ئالىم بولۇپ، ئۇ، 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا تانكىلارنى سۋاركىلاشتا غايەت زور ھەل قىلغۇچ تۆھپە قوشقان. بۇ ئالىمنىڭ ئىجادىي تۆھپىسى بىلەن ياسالغان تانكىلار بېرلىنغا يېتىپ بېرىپ، گىتلېر فاشىزمىنىڭ ۋەتۇەرىگىنى چىقارغان. يەنە ئاتوم، راكېتا، ئالەم بوشلۇقى سۇئنئي كېمىسىنى ياساشتىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇڭا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى ئې. مىنىيفگىن باتومنى لېنىن ئوردېنى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى قەھرىمانى، 2-دۇنيا ئۇرۇش قەھرىمانى دېگەن مېداللار بىلەن مۇكاپاتلىغان، سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇنى 72 يېشىدا كومپارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلغان. يېقىندا ئاكادېمىك باتوم نامىدىكى بۇ ئىنستىتۇت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇنىڭغا ئۇكرائىنا رېسپۇبلىكىسىدىكى 80 ئىنستىتۇتنىڭ ئالىملىرى ۋە باشقا رېسپۇبلىكىلارنىڭ ھەم بەزى دوست

تەربىيىچىلىرىنى شۇنداق ئۇلۇغۋار ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغانكى، تەربىيىچى ئى. دومېيكو (ئاند تاغلىرىدىكى بىر چوققىنىڭ نامى ۋە چىلىدىكى شەھەرنىڭ نامى شۇ تەربىيىچىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان)؛ بۇنىڭدىن باشقا مېدىتسىنا پەنلىرىنىڭ دوكتورى يوزىف فرانك؛ لىتۋا تارىخىغا ئائىت تۇنجى ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئا. ۋ. كويالوۋىچ؛ تۇنجى مۇزىكا دەرسلىكىنىڭ ئاپتورى، ناتىقلىق نەزەرىيىسى مۇتەخەسسىسى ژ. لياتۇكسمىناس؛ لىتۋانىڭ كلاسسىك يازغۇچىلىرى: ۋ. ك. مىتسېكيۇۋىچۇس؛ ب. سىرۋگا، ۋ. م. پۇتنىلس، شۇنداقلا يەنە پەن-مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نۇرغۇن مەشھۇر ئەربابلار ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەدرىجىي قۇرۇلۇپ مۇكەممەللىشىشىدە ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ئۈچۈن لىتۋا بويىچە مەكتەپلەرنىڭ، مەدەنىيەت، بىلىم يۇرتلىرىنىڭ مەيدانلىرىغا ئۇلارنىڭ ھەيكەللىرى ئورنىتىلغان.

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يىگىلانغان بىنالىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى قورۇغا — سارىبىئۇس ۋە دائۇكانتاس قورۇسىغىچە سوزۇلغان. بۇنىڭ ئىچىگە فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ تىل مەركىزى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق كافېدرا، سىنىپ ۋە كىتاب كۆرۈش ئۆيلىرى جايلاشقان. سوۋېت لىتۋاسىنىڭ مەشھۇر ھەيكەلتارىچى ك. باگدافاس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۇ قىسمىغا لىتۋا تىلشۇناسلىقى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرى: س. راپالىيونىس، ئا. كۇلۋىتىس، م. ھازۋىداس، م. كائۇكشى، د. كلىيىناس، ك. سىرۋىداس، ل. رىزى، ك. دونېلايتىسلارنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساپ ئورناتقان، بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئۇنىۋېرسىتېت كىتابخانىسى جايلاشقان. يېپەك گىلەملىك زال دەپ ئاتىلىپ كېلىنۋاتقان چوڭ سىنىپنىڭ تاملىرى رەسسام (ئايال) ر. ياسۇدىتىنىڭ يېپەك رەسىملىرى بىلەن بېزەلگەن، كىتاب كۆرۈش زالىنىڭ تاملىرى (فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ) سوۋېت لىتۋاسىنىڭ تۇنجى يازغۇچىسى

ئۇنىۋېرسىتېت بىنالىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە يەنى 16-ئەسىردىن تاكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان. شۇڭا ئۇلار بىناكارلىق، سەنئەت ۋە شۇ جاينىڭ تارىخىغا ئائىت بىر يۈرۈش يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت.

ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىنالىرى كونا شەھەرنىڭ پۈتۈن بىر كوچىسىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم 12 مەكتەپ قورۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھەربىر قورۇنىڭ ئۆز نامى بار. ئۇلارنىڭ ھەربىرى لىتۋا خەلقىنىڭ تارىخى، شۇنداقلا ئۇنىۋېرسىتېت تارىخىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت باسقۇچلىرى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلانغان. بىر قىسىم مەكتەپ قورۇلىرىنىڭ نامى ئۇلارنىڭ ئورنى ياكى رولىغا ئاساسەن قويۇلغان. مەسىلەن: چوڭ قورۇ، رەسەتخانا قورۇسى، پەشتاقلىق قورۇ، قىرائەتخانا قورۇسى، باسما قورۇسى دېگەنلەرگە ئوخشاش؛ بىر قىسمى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ داڭلىق تەربىيىچىلىرى نامىغا قويۇلغان. مەسىلەن، شائىرلار: م. ك. سارېۋسكى، ئا. مىتسكېۋىچلار نامىغا؛ ئارختېكتور س. گوتسياۋىچۇس نامىغا؛ تۇنجى لىتۋا تىلى لۇغىتىنىڭ ئاپتورى ك. سىرۋىدىس نامىغا؛ لىتۋا تىلىنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ۋە تەشۋىق قىلغۇچىلار: س. ستانىياۋىچۇس، س. دائۇكانتاسلار نامىغا قويۇلغان.

1979-يىلى ئۇنىۋېرسىتېت چوڭ قورۇسىنىڭ ئالدى تېمىغا ئورنىتىلغان خاتىرە دوسكا (ئۇنىڭدا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋە مەشھۇر تەربىيىچى ۋە پروفېسسورلىرىدىن 46 كىشىنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلگەن) بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ پەن-مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى مول تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۇنجى مۇدىرلىرى پ. سكارگا ۋە ياكوب بۇيەكلەر؛ سانتياگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كېيىنكى مۇدىرى، لىتۋا رېسپۇبلىكىسى ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

ئۇنىڭ ئالتۇن سىرلىق ھەيكىلىنى ئورناتقان. ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرى ئىچىدە يەرلىك پەن ئەربابلىرى ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن ئالىملارمۇ بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى قوشنا زېمىنلاردىن بۇ يەرگە كېلىپ ئوقۇغان. كېيىنچە ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن. بولۇپمۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تىلشۇناسلىق ۋە لىتۋا مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇنىۋېرسىتېت باسمىخانىسىدا لىتۋا بويىچە تۇنجى قېتىم لىتۋا تىلىدىكى كىتاب بېسىلىپ نەشىردىن چىققان (1595-يىلى)، 17-ئەسىردىن باشلاپ، بەزى ناقولاي تارىخىي شارائىتلار تۈپەيلىدىن ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزىنىڭ خارابلىشىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلىغان. بۇ ھال 18-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا قەدەر داۋام قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان يېزۇئىتلار ئوردىسى تارقىتىۋېتىلگەن. ئۇنىۋېرسىتېت دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قايتا گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان. يەنە قوزغىلاڭدىن كېيىن 1832-يىلى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىۋېرسىتېت تارقىتىۋېتىلگەن. 1919-يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋ. كاپسۇكاس باشچىلىقىدا ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتىنى قايتا ئاچقان. ئەپسۇسكى، ۋىلنيۇس رايونى پولشا بۇرژۇئازىيىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىۋېرسىتېت خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، 1922-يىلغا بارغاندىلا كائۇناستا ئۆز پائالىيىتىنى باشلىغان. 1939-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋىلنيۇس شەھىرىنى لىتۋاغا قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، لىتۋا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇمھۇرىيەت پايتەختىدە ئۆز پائالىيىتىنى باشلىغان. ھازىر بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا 13 فاكۇلتېت، 108 كافېدرا بولۇپ، ئۇنىڭدا 17 مىڭدىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ؛ 40 تەجرىبىخانىسى بار، زامانىۋى

ك. دونبىلايىتىپىسنىڭ «پەسىل» ناملىق داستانىنىڭ مەزمۇنى بويىچە نەقىشلەنگەن (بۇنى رەسسام ۋ. ۋالىيۇس ئىشلىگەن.)

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بىنالىرى ئىچىگە ئۈچ ستۇدېنتلار تىياتىرخانىسى — ساراي تىياتىرخانىسى، يەر ئاستى تىياتىرخانىسى ۋە ستۇدېنتلارنىڭ سەھنە ئويۇنى تىياتىرخانىسى، شۇنداقلا ھەۋەسكارلار كىنو ستۇدىيىسى، ياشلارنىڭ "ژالتېۋنكىسلى" كافېخانىسى قاتارلىقلار جايلاشتۇرۇلغان.

1579-يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى ئېچىشتا پەقەت ئىلىم-پەن ۋە پېداگوگىكا كۆزدە تۇتۇلۇپ قالماستىن، بەلكى سىياسىي مەقسەتلەرمۇ كۆزدە تۇتۇلغان، يەنى يېزۇئىتلارنىڭ (رىئاكسىئون كاتولىك مۇناخلار تەشكىلاتىنىڭ ئۆز مەقسىتىگە ئېرىشىشتە ھېچنېمىدىن يانمايدىغان جاھىل ئەزالىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ) ئىسلاھاتچىلارغا قارشى كۈرەشنى (1539-يىللىرىلا ۋىلنيۇستا لاتىن تىلىدىكىلەر ئىچىدە ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئىسلاھاتچىلىق ئېقىمى پەيدا بولغان)، يەنى كاتولىك دىنىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى لىتۋا-پولشا دۆلىتى دائىرىسىگىچە كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغۇچىلارنىڭ خەلقنى جاھالەتكە باشلاش يوللىرىنى توسۇشنى مەقسەت قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئۇنىۋېرسىتېت ئۆزىنىڭ قۇرۇلغان كۈنىدىن باشلاپلا ئىلىم-پەن ۋە ئىلغار پىكىرلەرنىڭ مەركىزى سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلىغان. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1656-يىلى دىنىي جاھالەت ئۇستىدىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشنى تەشۋىق قىلغان. 18-ئەسىردە روسىيە بويىچە ئاسترونومىيە تەتقىقاتىدا دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى بولۇپ ئاسترونومىيە تەتقىقات ئورگىنىنى قۇرغان. 1832-يىلى بۇ ئۇنىۋېرسىتېت نىكولاي پادىشاھلىقىغا قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇنىڭغا دېمۇۋىچ قاتارلىق ئاتاقلىق ئالىم، پروفېسسورلارمۇ قاتناشقان. يەنە بۇ ئۇنىۋېرسىتېت شائىر، سەنئەت ئالىمى شېۋچىنكوف تارىخى ئۆيىگە

ئۇستەلنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبىتىمىز ئەڭ قىزغىن، دوستلۇق كەيپىياتى ئىچىدە ئۆتتى.

سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاكادېمىك چىخۋىنسكى ئۆز سۆزىنى "جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھات-تەرەققىيات جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرىنى قەدىرلەيمىز، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايمىز" دېگەندىن باشلىدى، ئاندىن 15 رېسپۇبلىكىدىكى 22 شۆبە جەمئىيەتنىڭ 120 خىل دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، لى داجياۋ، سۇن جۇڭشەن، ياڭ خەنچىڭ، مارشال لىيۇ بوچېڭ قاتارلىقلارنىڭ خاتىرە پائالىيىتىنى، ياپون فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسى مەدھىيىلەنگەن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئاساس قىلغان مۇشائىرە پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇمەك باشلىقىمىز لىن جاۋنەن: "بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ماركسىزم ئاساسىدا ئورنىتىلغان دوستلۇق، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىش بىلەنلا تەسىس قىلىنغان جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىگە لىيۇ شاۋچى، سۇڭ چىڭلىڭ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى رەئىس بولۇپ كەلدى. جۇڭگو-سوۋېت خەلقلىرى فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ قانلىق جەريانى ۋە غەلىبىسىدە ئورتاقلىققا ئىگە" دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق، مەدەنىيەت ئالاقە ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى شىپىسوۋا، سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يىراق شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور مىسنىكوف، سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پروفېسسور گ. لونوۋىچ، مۇئاۋىن رەئىسى، پروفېسسور ئىستىلژىۋا، مۇئاۋىن رەئىسى،

ئۆلچەمگە توشقان توققۇز چوڭ قىرائەتخانىسى بار. ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتى پۈتۈن ياۋروپا ۋە پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا كەڭ ئاتاققا ئىگە. شۇنداقلا نۇرغۇن چەت ئەل ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بىلەن ھەمكارلىقى بار ئىكەن. بۇنىڭدا ئوقۇپ چىققان ئالىملار، مارشال، گېنېرال، ئادمىراللار، پروفېسسورلار، ئىنژېنېر-مۇتەخەسسىسلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئانا مەكتىپىگە داۋاملىق سالام خەت يېزىپ تۇرۇشىدىكەن. ۋىلنيۇس ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆز تارىخىي كۆرگەزمىخانىسىدىكى ئالاھىدە مۇنبەرلەردىن ئىنسانىيەت ئۇچۇن مەرىپەت بۆشۈكلىرى بولۇپ كەلگەن ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تارىخىنى تونۇشتۇرۇشقا ئورۇن بەرگەن. مەسىلەن بىز ئۇ يەردىن ماراكەشنىڭ كاردىيىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1859-يىلى، ئىتالىيىدىكى بولۇن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1119-يىلى، پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1150-يىلى، ئەنگلىيىدىكى ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1249-يىلى قۇرۇلغانلىقىنى ۋە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرى تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى كۆردۇق.

## ئىلمىي سۆھبەت ۋە زىيارەت

1987-يىلى 7-ئاينىڭ 21-كۈنى، موسكۋا ۋاقتى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى قارشى ئېلىش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىن ماركس مەيدانىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كوچىغا جايلاشقان سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ يۇملاق ئۆسنەل بىناسىدا بولدى. سوۋېت، جۇڭگو دۆلەت بايراقلىرى تىكلەنگەن يۇملاق

مىللەتنىڭ ۋەكىلى بار. ئۇ يەنە لېنىن ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ئىتتىپاق سىياستى بويىچە 15 مىللىي رېسپۇبلىكا قۇرۇپ توغرا ھەل قىلغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى.

ئۆمەك باشلىقى لىن جاۋنەن ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دوستلۇق ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشقا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆز قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكى ئۈچ مەشھۇر ئەرباب، يەنى «ئۇچقۇن» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى كورودىچ، «موسكۋا خەۋەرلىرى» ھەپتىلىك گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ياكوۋلېۋ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئاگېنتلىقى مۇدىرىيىتىنىڭ رەئىسى فالىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچ نەپەر مەرھۇم رەھبىرىنىڭ خىزمىتى ۋە خاتالىقى ھەققىدە ئۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

سۆھبەتتىن كېيىن رەئىس ئاۋگوسۇۋس بىزنى ۋېرخوۋنىڭ ئالىي سوۋېتى مېھمان كۈتۈش زالىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، دوستلۇق خاتىرىسى ئۈچۈن بىز بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.

## لېنىن كۇتۇپخانىسى ۋە موسكۋا ئۇنىۋېرستېتى

7-ئاينىڭ 23-كۈنى موسكۋادىكى لېنىن كۇتۇپخانىسى بىلەن موسكۋا ئۇنىۋېرستېتىنى زىيارەت قىلدۇق، خەلقئارادىكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھۆرمەت ۋە تەپەككۇر ئىلھامىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان لېنىن كۇتۇپخانىسىنىڭ سەلتەنەتلىك بىناسى ئالدىغا كېلىشىمىز بىلەنلا بۇ كۇتۇپخانا تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى،

پروفېسسور فىسكوۋزىۋسون، باش سكرېتار گاللىنا، ۋ. كولكوۋا قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى.

1987-يىلى 7-ئاينىڭ 21-كۈنى، موسكۋا ۋاقتى سائەت ئۈچ يېرىمدا، سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلەر سوۋېتىنىڭ رەئىسى ئاۋگوسۋۇس كرىملدىكى ۋېرخوۋنىڭ ئالىي سوۋېتىنىڭ مېھمان كۈتۈش زالىدا بىزنى قوبۇل قىلىپ، قىزغىن، دوستلۇق كەيپىياتى ئىچىدە سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇ "جۇڭگو-سوۋېت دۆلەتلىرى تولۇق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر، ئۇلارنىڭ بىرنەچچە مىڭ كىلومېتىر زېمىنى چېگرىداش، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن ۋە دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن پايدىلىق" دېدى.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ئىككى دۆلەت خەلقى ئەزەلدىن دوست ئۆتۈپ كەلگەن خەلق. سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق مۇناسىۋەت ئىشلىرىنى زور ئېتىبار بىلەن كۈن تەرتىپكە قويدى. بىز ئىككى دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، تەرەققىي قىلىشتىكى مەيدانىمىز ئوخشاش، جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ غەلىبىلىرىنى قوللايمىز، بىز ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم-پەن جەھەتلەردىكى مۇناسىۋىتىنى كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلدۇرىمىز.

مەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، لاتورىيىدە خىزمەت قىلدىم، جاھانگىرپەرەستلەر، ئەكسىلئىنقىلابچىلار بىر مەزگىل بۇزغۇنچىلىق قىلدى، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. لېنىنچە مىللىي سىياسەتنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى بىلەن سوتسىيالىستىك مىللىي رېسپۇبلىكىلار گۈللەپ ياشنىدى. گىتلېر فاشىزمى بۇنى ئاغدۇرماقچى بولغانىدى، بۇمۇ تارمار بولدى. كۆپ مىللەتلىك سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تارىخ ئىسپاتلىدى.

ۋېرخوۋنىڭ ئالىي سوۋېتى ئىتتىپاق بيۇروسى، مىللەتلەر بيۇروسىدىن ئىبارەت ئىككى بيۇرودىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭدا 100 دىن ئارتۇق

رەڭلىك رەسىملەر سىزىلغان ئەرەب ۋە پارس يېزىقىدىكى كىچىكلىتىلگەن قول يازمىلار، مەشھۇر رۇس يازغۇچىلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ تۇنجى قېتىم نەشىر قىلىنغان ئەسەرلىرى بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 19-، 20-ئەسىرلەردىكى كىتابلارنىڭ نۇسخىلىرى، لايىھىلىنىشى ۋە بېسىلىشى نەپىس، كۆركەم بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت، ئىلىم-پەن ۋە نەشرىيات ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقىنى نامايان قىلىدىكەن. نادىر ئەسەرلەر بۆلۈمىدە ياۋروپادىكى 15-ئەسىردىن 20-ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى ئاز ئۇچرايدىغان، قىممەتلىك كىتابلار ساقلانماقتا ئىكەن.

كىتاب باشقۇرۇشتا ئەڭ يېڭى تېخنىكىلىق باشقۇرۇش ۋاستىسى قوللىنىلغان، بۇ كۇتۇپخانا ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىدىكەن. ھازىر ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى قوللىنىلغان بولۇپ، كىتاب مۇندەرىجىسى ئېلېكترونلۇق ماشىنا بىلەن باشقۇرۇلىدىكەن، كىتاب ئىسكىلاتىنىڭ ھاۋاسى ۋە نەملىكى ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب بىلەن كونترول قىلىنىدىكەن. لېنىن كۇتۇپخانىسى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ كىتابخانلارنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلىمەكتە ئىكەن.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، مەملىكەت مىقياسىدا كىتاب يىغىش، توپلاش ئارقىلىق كىتابلار زور دەرىجىدە كۆپىيىپ، 1925-يىلى 4 مىليون پارچىغا يەتكەن، كۇتۇپخانىنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭەيگەن، 1925-يىلى 2-ئاينىڭ 6-كۈنى بۇ كۇتۇپخانىنىڭ نامى «سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىك لېنىن كۇتۇپخانىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ كۇتۇپخانا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش يولىغا قەدەم قويغان.

ھازىر لېنىن كۇتۇپخانىسىدا تارىخى ئۇزۇن كىتاب، گېزىت، دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى، خەرىتە، پىلاستىنكا، ئۈنئالغۇ لېنتىسى،

پروفېسسور، دوكتور ۋىرودونىسكى ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە كۇتۇپخانا ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

دۇنىيا بويىچە داڭلىق مەدەنىيەت سارىيى — سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەتلىك لېنىن كۇتۇپخانىسىدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور بىلىم خەزىنىسىدە دۇنيادىكى 247 خىل تىل-يېزىقتا نەشر قىلىنغان 35 مىليون پارچە كىتاب، قەرەللىك ژۇرنال، قول يازما ساقلانماقتا ئىكەن.

لېنىن كۇتۇپخانىسىدا ھازىر 22 كىتاب ئوقۇش ئۆيى، 2500 ئورۇندۇق بولۇپ، يىلىغا 2 مىليون 500 مىڭ ئادەم كىتاب ئوقۇپ تۇرىدىكەن.

بۇ كۇتۇپخانا يېڭىدىن قۇرۇلغاندا جەمئىي 100 پارچە كىتاب، 20 ئادەم سىغىدىغان كىتاب ئوقۇش ئۆيى بولۇپ، نەچچە ئون يىلغىچە كۇتۇپخانا خادىمى تۆت كىشىدىن ئاشمىغان، ئەينى ۋاقىتتا مەبلەغ قىس، كىتاب سېتىۋېلىش قىيىن بولغاچقا، 1864-يىلى بىرلا كىتاب سېتىۋېلىنغان، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇپ بىر يىلغىچە ئاران ئون خىل چەت ئەل ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولالىغان. بۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلار ئاساسەن ھەقسىز تەقدىم قىلىش يولى بىلەن توپلانغان. بۇ كۇتۇپخانا ئەينى ۋاقىتتا ئىدىيە، مەدەنىيەت ساھەسىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. نۇرغۇن داڭلىق ئالىملار، مەشھۇر يازغۇچىلار بۇ كۇتۇپخانىدا كىتاب ئوقۇغان، لېنىن 1893-يىلى ۋە 1897-يىلى بۇ كۇتۇپخانىدا كىتاب ئوقۇغان.

كۇتۇپخانىنىڭ قول يازما بۆلۈمىدە ئەڭ دەسلەپكى رۇسچە قول يازمىلار ۋە ھازىرقى زامان تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت مۇھىم ئەسەرلەر بار ئىكەن، ۋىزانتىيە دەۋرىدىكى قول يازمىلار، نېپىز قەغەزگە ئىنتايىن نەپىس چاتما رەسىملەر سىزىلغان ياپونچە قول يازمىلار، پاترا دەرىخى يوپۇرمىقىغا يېزىلغان قەدىمكى ھىندىستان ۋە بىرما يېزىقىدىكى ئەسەرلەر كۆپىيىسى،

زىيارىتىمىز 7-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن باشلاندى. سائەت 12 دە لېنىنگراد شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ مېھمان كۈتۈش زالىدا لېنىنگراد سوۋېت ئوبلاستلىق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى فىلىن قىزغىن، دوستلۇق كەيپىياتى ئىچىدە بىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن لېنىنگرادنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا، يەنى لېنىنگرادنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، فاشىزىمغا قارشى 900 كۈن جەڭ قىلغان قەھرىمانلارنىڭ جاسارىتى، لېنىنگراد سانائىتىنىڭ 90% نى فاشىستلارنىڭ ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكى، ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە لېنىنگراد خەلقىنىڭ كۆرسەتكەن جاسارىتى، 300 سانائەت بازىسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، ھەر يىلى 122 مىڭ ئادەمنىڭ يېڭى ئۆيگە كۆچۈۋاتقانلىقى، مۇھىت ئاسراش راسخوت مەسىلىسى ھەر يىلى تۆت ھەسسىدىن كۆپەيتىلىۋاتقانلىقى، 980 باللار باغچىسى ھەمدە شەھەر خەلقىنىڭ 250 مىڭ نەسىللىك سىير سۈتى بىلەن تەمىنلىنىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە لېنىنگراد بىلەن شاڭخەي شەھىرىنىڭ مەڭگۈ دوست شەھەر بولۇپ، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1987-يىلى 7-ئاينىڭ 25-كۈنى نىۋا دەرياسىنىڭ ئوڭ تارماق قانال بويىغا جايلاشقان لېنىنگراد چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق ئالاقە ئورنىتىش جەمئىيىتىنىڭ بىناسىدا جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنى ۋە زىياپەتكە قاتناشتۇق. رۇس مىللىي مېمارچىلىقىنىڭ گۈزەل، نەپىس رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق ماھارىتىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان بۇ بىنا 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن رۇس ئارخىتېكتورى ۋىكوۋسكى تەرىپىدىن ياسالغانىكەن. سۆھبەت ئىنتايىن قىزغىن، دوستلۇق كەيپىياتى ئىچىدە ئۆتتى. سۆھبەتكە لېنىنگراد چەت

كىچىككىلىتىلگەن لېنتا، قول يازما قاتارلىقلار ساقلانماقتا ئىكەن، كىتاب-ماتېرىياللار ساقلانغان جاھازىلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 600 كىلومېتىرغا يېتىدىكەن.

7-ئاينىڭ 22-كۈنى چۈشتىن كېيىن موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1789-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ تارمىقىدىكى 21 ئىنستىتۇت ۋە كافېدرادا 70 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن 30 مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇۋېدىكەن. بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۆمىكىمىزدىكى يولداشلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، بۈگۈن بىز پايتەختتىمىز بېيجىڭدا ئۇچراشقاندەك بولدۇق، دېيىشتى. مەكتەپ قىرائەتخانىسىنىڭ ئالدىدا ۋە ھويلىدا بۇ مەكتەپنىڭ ئاتىسى، ئاتاقلىق رۇس ئالىمى لومونوسوفنىڭ ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بىز بۇ ئىككى مۇقەددەس جاينى زىيارەت قىلىپ چىققاندىن كېيىن، گويا بىر قېتىم ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ چىققاندەك ھېسسىياتقا چۆمدۇق.

## لېنىنگرادتىكى سۆھبەت

1987-يىلى 7-ئاينىڭ 22-كۈنى كەچ سائەت 11 دە كراسنايا ستىرېلىيا ناملىق پويىز بىلەن موسكۋادىن لېنىنگرادقا ماڭدۇق، بۇك-باراقسان، ياپيېشىل قارىغايلىق ئىچىدىكى 670 كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە لېنىنگرادقا يېتىپ كەلدۇق. توققۇزغا 20 مىنۇت قالغاندا بالتىق دېڭىزى بويىدىكى پرىبالتىيسكايا ناملىق خەلقئارا مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇق. لېنىنگرادتىكى

پېتروگراد دېگەن ئىسىم لېنىنگراد دەپ ئۆزگەرتىلگەن، شۇڭا مەن زىيارەت جەريانىدا لېنىنگرادتىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىغا بەكمۇ قىزىقتىم. كۆرۈش، ئاڭلاش جەريانىدا يازغان خاتىرىلىرىمىكمۇ قانائەت قىلماي، بۇ ھەقتىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىزدەشكە تولىمۇ ئالدىرىدىم.

لېنىنگراد تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىسمى بىرنەچچە قېتىم ئۆزگەرتىلگەنىكەن. لېنىنگراد شەھىرى 1914-يىلغا قەدەر «سان پېتربۇرگ» ، «پېتربۇرگ» دېگەن نام بىلەن، 1914-يىلدىن 1924-يىلغا قەدەر پېتروگراد نامى بىلەن ئاتىلىپ، 1924-يىلدىن ئېتىبارەن لېنىنگراد دېگەن نامغا ئۆزگەرتىلگەن.

لېنىنگراد شەھىرى 1703-يىلى رۇس ئىمپېراتورى پېتر I تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۈچ ئەسىرگە يەتمىگەن، يەنى ھازىرغىچە ئۇ 300 يىللىق تارىخقىمۇ ئىگە ئەمەس، ئەگەر بىز ئۇنى 800 يىللىق تارىخقا ئىگە موسكۋا بىلەن، 1500 يىللىق تارىخقا ئىگە كېيىۋ شەھىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇ تېخى ياش شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان.

18-ئەسىردىن ئىلگىرى، چار روسىيىنىڭ بىر چوڭ ئاجىزلىقى دېڭىز ئــارقىلىق سىرتقا چىقىش ئېغىزىنىڭ ئاز بولغانلىقىدىن ئىبارەت. ئەينى چاغلاردا چەت ئەللەر بىلەن سودىلىششتىكى بىردىنبىر پورت شىمالىي مۇز ئوكياندىكى ئارخانگېلسكى ئىكەن. لېكىن بۇ پورتنىڭ ئورنى شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكى ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى سوغۇق، مۇز تـوڭـلـۇش ۋاقـتـى ئـۇزۇن بـولـۇپ، قاتناش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمايدىكەن. ئەگەر ياۋروپادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىلىششقا توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا شىمالىي مۇز ئوكيانىنى ۋە ئاتلانتىك ئوكيانىنى بېسىپ ئۆتۈپ، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن.

ئــەللەر بىلەن دوستلۇق ئالاقە ئورنىتىش شۆبە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىـلـىـشىۋا، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، پروفېسسور لائىنكاسىرگەر، پروفېسسور ۋىكىيىۋىچ، پروفېسسور شىنىنوكوف، لېنىنگراد ئوبلاستى سوۋېتىنىڭ باش كاتىپى، سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى فىلىن، لېنىنگراد ئـۇنـىـۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى دارونكىبارىس، پروفېسسور گرىگورىيېۋىچ، مـېـتاللۇرگىيە كومىتېتىنىڭ باش ئىنژېنېرى مارۋژنوف قاتارلىق ئالىملار قاتناشتى.

ئىلىشىۋا ئىككى دۆلەت خەلقلىرى دوستلۇقىنىڭ ئۇلۇغ ئىستىقبالىغا ئــىـگـە ئىكەنلىكى، لېنىنگرادنىڭ قىسقىچە تارىخى توغرىسىدا سۆزلەپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە نەزەرىيە، ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردىمۇ ئۆزئارا ئىلىم ئــالماشتۇرۇش ئارزۇسىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى، لېنىنگراد بىلەن شاڭخەي ئــوتــتۇرىسىدىكى دوستانە شەھەر مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى.

ئۆمەك باشلىقىمىز لىن جاۋنەن جاۋابەن نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن، جۇڭـگـو مـەدەنـىـيـەت يادىكارلىقلىرىدىن بىرقانچە نەمۇنە ۋە خاتىرە ســوۋغىلىرىنى تەقدىم قىلدى. رەئىس ئىلىشىۋا بۇ سوۋغىلارنى قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قوبۇل قىلدى.

بۇ دوستلۇق سۆھبىتىن قايتىشتا، لېنىن مەيدانىنى زىيارەت قىلىپ ئـۆتـتۇق. لېنىن مەيدانىدىكى ۋىلادىمىر ئىلئىچ لېنىننىڭ پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار، دېگەن خاتىرە ھەيكىلى ماڭا خۇددى دۇنيادىكى ئەمگەكچى خەلقلەرگە بەخت-سائادەت تىلەۋاتقاندەك كۆرۈندى.

لېنىننىڭ پېتروگرادتىكى ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن جاپالىق ئىنقىلابىي ئىش ئىزلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، لېنىن ۋاپات بولغان 3-كـۈنــدىن باشلاپ، يەنى مىلادى 1924-يىل 1-ئاينىڭ 26-كۈنى،

بۇ چۆل ۋە كىچىك ئارالدا نۇرغۇن بىنالارنى سالدۇرغان. بىپايان سۇ ئۈستىگە كۆۋرۈكلەرنى سالغان، پەقەت بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا بۇ يەر دەسلەپكى قەدەمدىكى پورت شەھىرىگە ئايلانغان ھەمدە پايتەخت موسكۋادىن سان پېتربۇرگقا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، سان پېتربۇرگتىكى ھەرخىل ئىمارەتلەر، ئەسلىھەلەر كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە قاتناش ئىشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان.

ھازىر لېنىنگراد سىياسىي، ئىقتىساد، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەتتە موسكۋادىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. شەھەر نوپۇسمۇ موسكۋادىن كېيىنرەك ئورۇندا تۇرىدىكەن.

لېنىنگراد سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەر بولۇپ، غەربىي شىمال ئىقتىسادىي رايونىنىڭ مەركىزى.

لېنىنگراد تېخنىكا، ئىقتىسادىي كۈچ جەھەتتىن ئىنتايىن كۈچلۈك. ئۇ شەھەردە 40 نەچچە ئالىي مەكتەپ، 100 دىن ئارتۇق پەن تەتقىقات ئورنى بار ئىكەن. 150 ئىشچىلار سارىيى، 120 تارىخىي مۇزېي بار ئىكەن، ھەر يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچۈن نۇرغۇن كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىدىكەن. لېنىنگراد شەھىرىنىڭ سانائىتى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي پاراخوت بىلەن ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىنتايىن داڭلىق ئىكەن. بىزگە تونۇشتۇرۇلغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ھەرخىل پاراخوت، سودا پاراخوتى، پار ماشىنىسى، گاز ماشىنىسى، سەلەركا قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلاتى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. لېنىنگرادتا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل سائەتلەر، سىمسىز ئېلېكتر ماتېرىياللىرى، ئىستانوكلار، تراكتور ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، شەرقىي ياۋروپا، ئافرىقا ۋە

بۇ ئەھۋال ھەدەپ سىرتقا تاجاۋۇز قىلىش، كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى مەقسەت قىلغان چار پادىشاھلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن پېتىر I 1700-يىلى "شىمالىي ئۇرۇش"نى قوزغاپ، شۋېتسىيىلىكلەردىن فىنلاندىيە قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى نىۋا دەرياسى ئېغىزىنى تارتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بالتىق دېڭىزىدا پۈت تىرەپ تۇرىدىغان جايغا ئىگە بولۇپ، ياۋروپاغا چىقىدىغان بىر يېڭى ئېغىزغا ئىگە بولۇۋالغان.

نىۋا دەرياسىنى تارتىۋالغان كۈندىن باشلاپ، پېتىر I شۇ جايغا ئەسكەر قويۇپ ھەممىدە زور ئەمگەك كۈچى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ قۇرۇلۇش قىلغان. 1703 يىلدىن باشلاپ نىۋا دەرياسىنىڭ ئۈچ بۇلۇڭىدا نۇرغۇن مۇھىم تۇڭكۇن ۋە قورغانلارنى ياساتقان، مانا بۇ لېنىنگرادنىڭ تەكتى، يەنى بۇرۇنقى سان پېتربۇرگ ئىكەن.

مىلادى 1803-يىلى نىۋا دەرياسىنىڭ يېنىدىكى ئارالدا دېڭىز ئارمىيىسى بازىسى قۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن روسىيىنىڭ بىرىنچى دېڭىز ئارمىيە فلوتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلغان، ئۈچىنچى يىلى، يەنى 1805-يىلى سان پېتربۇرگتا ئەڭ چوڭ كېمىسازلىق زاۋۇتى قۇرۇلۇشى باشلانغان، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا شەھەر ئىچىگە دېڭىز ئارمىيىسى بىناسى، بالتىق دېڭىزى ياقىسىدىكى ھەربىي قورال زاۋۇتى، قورال-ياراق ئىسكىلاتى ۋە ھەربىي پورتلار سېلىنىشقا باشلىغان. سان پېتربۇرگتا يەنە نۇرغۇن ھەربىي مەكتەپلەر تەسىس قىلىنغان. مەسىلەن: دېڭىز ئارمىيىسى ئىنستىتۇتى، قۇرۇلۇش ئارمىيە مەكتىپى بىلەن توپچىلار مەكتىپى قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن سان پېتربۇرگ ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھەربىي بازىغا ئايلىنىپ قالغان.

بۇ ھەربىي بازىنى تېزراق قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، پېتىر I پۈتكۈل روسىيىدىكى ئاتاقلىق ھۈنەرۋەنلەرنى نىۋا دەرياسى ۋادىسىغا يىغىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئۇلار كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەش ئارقىلىق،

قارا دېڭىز، ئازۇ دېڭىزى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، 500 توننا ئېغىرلىقتىكى پاراخوتلارمۇ سۇ ئاستى يولىدىن مېڭىش پۇرسىتىگە ئىگە، ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ناھايىتى مۇھىم ئىكەن. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، لېنىنگراد پورتىنىڭ كۈندىلىك پاراخوتلارنى قوبۇل قىلىش ۋە چىقىرىش مىقدارى 10 مىليون توننىدىن ئاشىدىكەن.

## بىزمۇ لېنىننى ئەسلەيمىز

"لېنىنگراد شەھىرى لېنىن نامى بىلەن غالىبتۇر. لېنىن نامى بىلەن ئىلىم-پەننىڭ مەشئىلىدۇر"، — دەيدۇ پروفېسسور ئالىيوشا.

1987-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى زىيارەت ئۈچۈن لېنىنگرادتىكى نىۋا دەرياسى بويىغا كەلدۇق. 7-ئاينىڭ 25-كۈنى سوۋېت دېڭىز ئارمىيە بايرىمى بولۇپ، نىۋا دەرياسىدىكى كۆۋرۈكلەر، دەريا ئىچىدىكى پۈتكۈل پاراخوتلار قىزىل بايراق، قىزىل گۈل، قىزىل چىراغلار بىلەن بېزەلگەن. بولۇپمۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بىرىنچى زەمبىرەك ئوقىنى ئاتقان "ئاۋرورا" پاراخوتىنىڭ ئۈستىدىكى لېنىننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىزىل بايراق مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ تۇراتتى.

ئۇلۇغ لېنىننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پىئونېر بايرىقىنى كۆتۈرگەن قىزىل گالستۇك تاقىغان رۇس ئوغلى ۋاسىلىي، قىزىل گالستۇك بىلەن ئىككى جۈپ گۈلدەستە كۆتۈرگەن رۇس قىزى نىنا ئۆمەك باشلىقىمىز لىن جاۋنەننىڭ ئالدىغا كېلىپ، "جۇڭگو خەلقىنىڭ سوۋېت خەلقىگە بولغان دوستلۇقىنى ئېلىپ لېنىنگرادقا كەلگەنلىكىڭلارنى قارشى ئالىمىز،

لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق جايلاردىكى ئون نەچچە دۆلەتكە ۋە رايونلارغا سېتىلىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا، لېنىنگرادنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى، يېمەكلىكلەر سانائىتىمۇ مەملىكەت ئىچىدە داڭلىق ئىكەن.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، لېنىنگراد شەھىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېغىر سانائىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ئۇ ھەرخىل باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىق دېڭىز چارلاش پاراخوتى، قوغلىغۇچى پاراخوت قاتارلىقلارنى ياساپلا قالماستىن، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرىنچى ئاتوم ئېنېرگىيىلىك مۇز پارچىلاش پاراخوتى — «لېنىن» ناملىق پاراخوت مۇشۇ جايدا ياسالغانىكەن.

لېنىنگرادنىڭ ھەربىي بازا بولۇشتەك فۇنكسىيىلىك رولى بارغانسېرى كۈچەيتىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان كاتارىن ئارىلى ئەزەلدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى بالتىق دېڭىز فلوتىنىڭ ئاساسلىق بازىسى ئىكەن. بۇ كاتارىن ئارىلىدىن قېزىلغان سۇ ئاستى قاتناش يولى ئارقىلىق لېنىنگرادقا بارغىلى ھەم سۇ ئاستى پاراخوتى بىلەنمۇ قاتناشقا بولىدىكەن.

لېنىنگراد شەھىرى يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۇ ئۈستى ۋە قۇرۇقلۇقتىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى. قۇرۇقلۇقتا لېنىنگراد بىلەن تۇتىشىدىغان 12 تۆمۈريول بولۇپ، بۇ تۆمۈريوللار تاللىن، مىنسك، ئولار، موسكۋا، ئارخانگېلسكى، مورمانسكى قاتارلىق ئىقتىسادىي مەركەز ۋە ھەربىي بازىلارغا قاتنايدىكەن. لېنىنگراد سۇ ئۈستى يولى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى دەريا ۋە دېڭىز قاتناش ترانسپورتىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىكەن. ئاق دېڭىز — بالتىق دېڭىزى قانىلى ۋە ۋولگا — بالتىق دېڭىزىنىڭ سۇ ئاستى قاتناش يولىنىڭ ياسىلىشى بىلەن، لېنىنگراد شىمالىي ئوكيان،

تەڭگىمش بولدۇق.

## نىۋا دەريا ۋادىسى

لېنىنگرادتىكى ئاساسلىق ئىمارەتلەر نىۋا دەريا ۋادىسىدىكى 100 نەچچە ئارال ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، چوڭراقلىرى ۋاسلىۋسكى ئارىلى، ياپوشكار ئارىلى ۋە دىگار پارتىيىلىكلەر ئارىلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنى 20 نەچچە قانال بىلەن 300 نەچچە كۆۋرۈك ئۇلاپ تۇرىدۇ، پۈتكۈل شەھەر رايونى 325 كۋادرات كىلومېتىر. نىۋا دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسى شەھەرنىڭ مەركىزىي رايونى بولۇپ، دەريانىڭ غەربىي تەرىپى تېخىمۇ ئاۋات. نىۋا دەرياسى ۋادىسىدىكى نىۋا كوچىسى لېنىنگرادتىكى ئاۋات بازار ۋە ئەڭ گۈزەل جاي بولۇپ، ئۇ نەچچە قانالنى بېسىپ ئۆتىدىكەن. دېڭىز ئارمىيىسى بىناسى، "پۇشكىن" تىياتىرى، سېدىرىن دۆلەتلىك كۈتۈپخانىسى ۋە قازان چېركاۋسى، ئېتنوگرافىيە مۇزېيى قاتارلىق ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر نىۋا كوچىسىنى ئالاھىدە ھەيۋەت ۋە گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈپ تۇرىدىكەن. 7-ئاينىڭ 24-كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىزمۇ بۇ مەيداننى زىيارەت قىلدۇق.

19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، لېنىنگرادتىن ۋورخوف دەرياسى ئېغىزىغا ۋە رادۇگا دەرياسىغا تۇتىشىدىغان قانال چېپىلغان ھەمدە باپنوۋسكى بىلەن موسكۋاغا قاتنايدىغان تۆمۈر يول ياسالغان. 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا، سان پېتربۇرگ شەھىرىنىڭ نوپۇسى 500 مىڭغا يېتىپ، روسىيىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئورنى

قولىمىزدىكى بۇ گۈلدەستىنى جۇڭگو پىئونېرلىرىگە تەقدىم قىلىمىز. يەنە بىر گۈلدەستىنى ‹ئاۋرورا› پاراخوتىدا لېنىن بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان ماتروسلارغا تەقدىم قىلىمىز» دېدى. لىن جاۋنەن: «بىز سىلەرگە ئوخشاشلا لېنىننى سېغىنىمىز. پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچى خەلقلىرىمۇ لېنىننى سېغىنىدۇ» دېدى. بۇ سۆزدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەن پىئونېر ۋاسىلىي قولىدىكى لېنىننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ لەپىلدىتىپ: «لېنىن، لېـنـىـن… لېـنـىـنـگـراد… لېـنـىـن، لېنىنگراد…» دەپ ۋارقىراپ، «مېنىڭ بوۋام ئۇليانوف 1924-يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنى، يەنى لېنىن ۋاپات بولۇپ 3-كۈنى مىليونلىغان ئىشچى، دېھقان پرولېتارىياتىنىڭ تـەلـىـپـى بويىچە ئېچىلغان پېتروگراد دېگەن ئىسمىنى لېنىنگراد دەپ ئۆزگەرتكەن تارىخىي ئەھمىيەتلىك يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغان» دېدى.

بىزنى كۈتۈشكە قاتناشقان خەنزۇشۇناس پروفېسسور ئالىيوشا: «بۇ شـەھەر لېنىن نامى بىلەن غالىبتۇر، لېنىن نامى بىلەن ئىلىم-پەننىڭ مەشئىلىدۇر، لېنىنگراد خەلقى لېنىنگراد دېگەن نام بىلەن پەخىرلىنىدۇ» دېدى.

شۇ چاغدا ماڭا نېۋا دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا قولىنى ئېگىز كـۆتۈرۈپ غالىبانە يۈكسەكلىك بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان لېنىننىڭ ھەيكىلى خۇددى جاھانگىرلىككە غەزەپ بىلەن قارشى تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىگە نەپرەت بىلدۈرۈپ، پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار!، دەپ شوئار تـوۋلاۋاتـقـاندەك، پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچى خەلقلىرىگە بەخت-سائادەت تىلەۋاتقاندەك كۆرۈندى.

بـىر مىنۇت ئۆتمەيلا نېۋا دەريا ۋادىسىنى ئىنتېرناتسىئونال ناخشا سـاداسى قاپلاپ كەتتى. لىن جاۋنەن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو-سوۋېت دوسـتلۇق ئۆمىكى ئەزالىرى تەڭلا بۇ ئىنتېرناتسىئونال ناخشا ساداسىغا

قىشلىق ساراي ۋە ئادمىرالتېيستۋو (ئالىي ھەربىي دېڭىز باشقارمىسى) نېۋا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان. بۇ يەر لېنىنگرادنىڭ شەھەر مەركىزى، شەھەرنىڭ ئاساسلىق يوللىرى ۋە مەيدانلىرى شۇ تەرەپكە جايلاشقان. بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ مەيدانلارنىڭ بىرى — دېكابرىستلار مەيدانى بولۇپ، ئۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا پېتر I نىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان.

## قىشلىق ساراي مەيدانى

قىشلىق ساراي مەيدانى — شەھەرنىڭ مەركىزىي مەيدانى، بۇ مەيداندىكى بىنالارغا نەزەر سالسىڭىز گويا ئۇلار بىر تۇتاش پىلان بىلەن بىر دەۋردە سېلىنغاندەك تەسىرات بېرىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، قىشلىق ساراي 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سېلىنىپ، ئارىدىن 50 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قارشىسىغا باش شتاب بىناسى سېلىنغان. كېيىنچە ئالېكساندىروف بىناسى سېلىنغان. ھالبۇكى، ئوخشىمىغان دەۋر ۋە ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتا سېلىنغان بۇ بىنالار گويا بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلاتىدەك بىر-بىرىگە ياراشقان.

قىشلىق ساراي ناھايىتى ھەيۋەتلىك گۈزەل بىنا ئىكەن. ئۇنىڭ تاملىرىغا نۇرغۇن ھەيكەل ۋە ئېسىل لوگىلار ئورنىتىلغان. ھازىر قىشلىق سارايغا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ مۇزېيلارنىڭ بىرى — دۆلەتلىك ئېرمىتاژنىڭ كۆرگەزمە بۇيۇملىرى قويۇلغان. قىشلىق سارايىنىڭ قارشىسىدا مەزمۇت باش شتاب بىناسى بار، ئۇنىڭ زەپەر دەرۋازىسى 1812-يىلدىكى ئۇرۇش غەلىبىسىگە بېغىشلاپ ياسالغان. ئالېكساندىروف خاتىرە مۇنارى ئوخشاشلا

ناھايىتى پەس بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2 — 12 مېتىر ئارىلىقىدا كېلىدىكەن.

لېنىنگراد يەر شارى شىمالىي كەڭلىكنىڭ 59°57 شەرقىي مېرىدىئان سىزىقىنىڭ 30°19 غا جايلاشقان، قىشى ئۇزۇن، سوغۇق، يازى قىسقا، سالقىن كېلىدىكەن. ھاۋارايى تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1-ئاي لېنىنگرادنىڭ ئەڭ سوغۇق ۋاقتى بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0.7℃ — 0.6℃، ئەڭ ئىسسىق ۋاقتى 7-ئاي بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 17.5℃ كېلىدىكەن. لېنىنگرادنىڭ يازى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن ئاجايىپ گۈزەل بولۇپ، نېۋا دەريا بويلىرىنى، باغچىلارنى سايامەت قىلىش كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىكەن. كۈندۈزى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، قاچان كەچ بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىكەن. 6-ئايغا كەلگەندە، نۇرلۇق كېچىدە، قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدا بىردەمدىلا توختاپ كۆتۈرۈلگەندەك بىلىنىدىكەن. كۈن كۆرۈنمەيدىغان ۋاقىت ئاران بەش يېرىم سائەت ئەتراپىدا بولسىمۇ، لېكىن قۇياشنىڭ نۇرنى يەنىلا ناھايىتى ئېگىز كۆرۈنىدىكەن؛ شۇڭا كۆكۈم چۈشكەن چاغلاردىمۇ خۇددى كۈندۈزدەك تۇيۇلىدىكەن. لېنىنگراد خەلقى دەل مۇشۇ پەيتنى لېنىنگرادنىڭ "يورۇق كېچىسى" دېيىشىدىكەن.

قىسقىسى، لېنىنگراد شەھىرى نېۋا دەرياسىنىڭ فىن بوغۇزىغا قۇيۇلىدىغان جايىغا جايلاشقان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى سۇ بىلەن قورشالغان. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى ئادەتتە "شىمالىي ۋېنتسىيە" دېمۇ ئاتايدىكەن. لېنىنگرادتا چوڭ-كىچىك كۆۋرۈكلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ شۇنىڭدا ئىكەن.

نېۋا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئېگىز بىنالار دەريانىڭ كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان سۈيىگە باشقىچە بىر تۈس بېرىپ تۇرىدىكەن،

ۋە ئۇنىڭ ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن.

شەھەر بىلەن تونۇشقان ھەربىر كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا گويا پۈتكۈل رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى نامايان بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولىدىكەن. مانا ئاجايىباتلار ئۆيى، ئۇنى كىشىلەر ”رۇس پەننىنىڭ بۆشىكى“ دېيىشمۇ قويۇشىدىكەن. ئۇ پېتر I زامانىسىدا، يەنى 1718-، 1734-يىللىرى سېلىنغان بولۇپ، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تۇنجى تەبىئىي پەن مۇزېيى، تۇنجى رۇس رەسەتخانىسى قاتارلىقلار ئەنە شۇ يەرگە جايلاشقان، تالانتلىق رۇس ئالىمى لومونوسوف بۇ يەردە نۇرغۇن يىللار ئىشلىگەن، لومونوسوف مەيدانىغا ئۆتىدىغان كۆۋرۈككە لومونوسوف كۆۋرۈكى، دېگەن نام بېرىلگەن. بىز بۇ يەردىن چىقىپ لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلدۇق.

بىز مەكتەپ بىناسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىمىزگىلا ئۆمىكىمىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىمىزغا چىقىپ تۇرغان لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق فاكۇلتېتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن پروفېسسور ئىۋانوف، پروفېسسور شىنفنوكوف، پروفېسسور لائىنكا سىرگېي قاتارلىق ئالىملار قىزغىن قارشى ئالدى ۋە بىزگە مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ئورگانلىرىنى، بولۇپمۇ شەرق بۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي مۇئەسسەسەلەرنى دوستلۇق مېھرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

1891-يىلى كۆزدە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قانۇنشۇناسلىق فاكۇلتېتىنىڭ بىرىدە ۋىلادىمىر ئىلىئىچ لېنىن ئىمتىھان بەرگەنىكەن.

دۆلەتلىك لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، مۇھىتى ۋە قاتناش ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتتە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن.

دۆلەتلىك لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات

1812-يىلىدىكى ئۇرۇش غەلىبىسىگە بېغىشلاپ ئورنىتىلغان، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 47.5 مېتىر بولۇپ، تۆۋرۈكى 600 توننا ئېغىرلىقتىكى بىرلا گرانت تاشتىن قويۇرۇلغان.

ئادمىرالتېيىست بىناسى — لېنىنگرادلىقلارنىڭ جاسارىتى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ سىمۋولى. شۇڭا، ئۇ "لېنىنگراد مۇداپىئەسى ئۈچۈن" دېگەن مېدالغا چۈشۈرۈلگەن، بىنانىڭ تام-تورۇسلىرىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەر، بۇ يەردىكى ھەيكەللەر ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق ئۇستىكارلىرىنىڭ ھۈنىرىنىڭ مەھسۇلى.

شەھەر مەركىزى، ئۇنىڭ باش كوچا ۋە مەيدانلىرىنىڭ پىلانلىنىشى ئەزەلدىن ئادمىرالتېيىست بىناسى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەلگەن، ئۇنىڭ يان بىنالىرى ئاجايىپ گۈزەل مەيدانلار بىلەن تۇتاش، ئۇنىڭدىن تەرەپ-تەرەپكە كەتكەن ئۈچ كوچىلار بار، شۇلارنىڭ بىرى نېۋا كوچىسى بولۇپ، لېنىنگرادنىڭ غورۇرى ھېسابلىنىدۇ. ھەيۋەتلىك ھەر تەرەپكە تۇتاشتۇرۇلغان نېۋا چوڭ كۆۋرۈكلىرىنىڭ بويلىرىدا ئىشچىلارنىڭ، دېڭىز جاپاكەشلىرىنىڭ، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ، قەھرىمان ئانىلارنىڭ مىستىن ياسالغان ئوبرازلىق ھەيكەللىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قازان ئىبادەتخانىسى شۇ كوچىغا جايلاشقان. ئەينى ۋاقىتتا قازان ئىبادەتخانىسى ئالدىدىكى مەيداندا كۆپ قېتىم ئىنقىلابىي نامايىشلار ئېلىپ بېرىلغان، ھازىر بۇ ئىبادەتخانا سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ، دىن ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى مۇزېيى.

نېۋا كوچىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئانىچكوۋ كۆۋرۈكى ئىگىلىگەن. ئۆزىدىكى بىر يۇرۇش ئات ۋە ياشلارنىڭ مىس ھەيكەللىرى بىلەن داڭلىق لېنىنگرادنىڭ ھەربىر مەيدانى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

لېنىنگرادنىڭ نۇرغۇن جايلىرى ئۇلۇغ رۇس شائىرى پۇشكىنىنىڭ نامى

تەشكىل قىلىدىكەن، ئۇلاردىن 465 نەپىرى ئىلمىي تەتقىقات تەجرىبىسىگە باي پروفېسسورلار ئىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغۇچىلار 3-يىللىقىنى تاماملىغاندا مەلۇم تەتقىقات يۆنىلىشىدە پراكتىكانت تەتقىقاتچى بولۇپ ئۆگىنىدىكەن، تەتقىقات يۆنىلىشىدە داۋاملىق ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كاندىدات دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتۇش جەھەتتە چەت ئەللەردىكى 30 نەچچە ئۇنىۋېرسىتېت بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ھەرقايسى پەن تۈرلىرى بويىچە ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش توختاملىرى تۈزۈپتۇ، توختاملاشقان ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تولىسى شەرقىي ياۋروپادا ئىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بۇ دۇنياۋى ئۇنىۋېرسىتېت — لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتىنى ھەر يىلى نەچچە يۈز چەت ئەللىك ئالىم، ساياھەتچى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىكەن.

7-ئاينىڭ 25-كۈنى، سوۋېت دېڭىز فلوتى بايرىمى بولۇپ، نېۋا دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى پۈتكۈل كۆۋرۈكلەر، دەريا ئىچىدىكى پۈتكۈل پاراخوتلار قىزىل بايراق، قىزىل گۈل، قىزىل چىراغلار بىلەن بېزەلگەنىكەن، بىز ئاشۇ تەنتەنە ئىچىدىن ئۆتۈپ، گوگول كوچىسىنى زىيارەت قىلدۇق.

ئاتاقلىق ئوبزورچى بىلىنسكى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشىمىز بىلەنلا ئۇڭ تەرەپتە چايكوۋسكى قىرائەتخانىسى بىلەن چايكوۋسكى باغچىسى، سول تەرەپتە بۇنىڭدىن 111 يىل ئىلگىرى سېلىنغان رۇس سېركىسىنىڭ قەدىمىي شەكىلدىكى بەش يېرىم قەۋەتلىك بىناسى كۆرۈندى. بۇ مۇقەددەس گوگول كوچىسىنىڭ بىرقانچە ئېغىز ئۆيىدە بولۇپ ئۆتكەن ئۇلۇغۋار ئىشلارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: 28-نومۇرلۇق ئۆيدە دوستويېۋسكى ئۆزىنىڭ «ئاق كېچە» ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى يازغان؛ 17-نومۇرلۇق ئۆيدە گوگول تۇرغان ۋە ئۇنىڭ

ئىشلىرى جانلىق ئېلىپ بېرىلىدىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ فاكۇلتېت 1819-يىلى قۇرۇلغان پېتربۇرگ ئىنىستىتۇتىنىڭ شەرق تىللىرى فاكۇلتېتى ئاساسىدا 1944-يىلى قــۇرۇلغان، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە شەرقشۇناسلىقتا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات تارىخى بىرقەدەر ئۇزۇن ئىلىم-پەن مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ فاكۇلتېتتا تۆت ئاكادېمىك، مۇخبىر ئاكادېمىك، 17 پروفېسسور، دوكتور، 40 دوتسېنت، كاندىدات دوكتور، 27 لېكتور، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بار ئىكەن، ئۇنىڭدا جۇڭگوشۇناسلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىكەن. بۇ فاكۇلتېتتا موڭغۇل ئەدەبىياتى، زاڭزۇ ئەدەبىياتى، خەنزۇ ئەدەبىياتى، ھىندى ئــەدەبــىياتى، بىرما ئەدەبىياتى، ئىران ئەدەبىياتى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى كــافــېــدرالىرى، يېقىن شەرق تارىخى كافېدراسى، يىراق شەرق تارىخى كافېدراسى ۋە قەدىمكى شەرق تارىخى كافېدراسى، ئىككى تارىخ-ئەدەبىيات كــافــېــدراسى بولۇپ، جەمئىي 11 كافېدرا بار ئىكەن. جۇڭگو تىلى، ئەدەبىياتى ۋە تارىخى باشتىن-ئاخىر بۇ فاكۇلتېتنىڭ تەتقىقات نۇقتىسى قــىــلــىــنــىــپــتــۇ، "بــۇگــۈنــكى جۇڭگو" ۋە "زامانىمىزدىكى جۇڭگو ئــەدەبــىــيات-سەنئىتى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى" قاتارلىق دەرسلىكلەر يېڭىدىن تەسىس قىلىنىپتۇ. بۇ فاكۇلتېت «لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (شەرقشۇناسلىق قىسمى)» ۋە «لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (تارىخ، تىل ۋە ئەدەبىيات قىسمى)» قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشىر قىلىپ، ھەرخىل تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرىدىكەن.

بــۇ ئــۇنىۋېرسىتېتتا توققۇز تەتقىقات يۇرتى بولۇپ، بۇ تەتقىقات يۇرتــلــىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ تەتقىقات يۇرتلىرىدىن بۇرۇنراق قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلاردا 2000 غا يېقىن خادىم ئىشلەيدىكەن. بۇ، پۈتكۈل ئۇنىۋېرسىتېتتىكى خادىملارنىڭ 40 پىرسەنتىنى

زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان.

لېنىن بۇ سارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى 67-نومۇرلۇق ئۆيىنى ئىشخانا قىلغان، بۇ ئىشخانا ئىككى ئېغىزلىق بولۇپ، ئىچكىرىدىكى لېنىننىڭ كابىنېتى، تاشقىرىدىكى كاتىپ گوربانوفنىڭ كابىنېتى قىلىنغان، لېنىننىڭ كابىنېتىدا لېنىننىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قول يازما خاتىرىلىرى، مۇھىم قارارلار، بۇيرۇقلار، «پراۋدا گېزىتى» نىڭ لېنىن نامى بىلەن سوۋېت خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىگە قارىتا ئېلان قىلغان مۇراجىئەتنامىلىرى شۇ پېتى ساقلىنىپتۇ، گوربانوف كابىنېتىدا ئەينى ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەن ماشىنكا، رادىئوگرامما بېرىش ئاپپاراتى، ئۇرۇش فرونتلىرىغا، يولداش ستالىنغا، ھەرقايسى رايونلارغا ئەۋەتىلگەن خەت ۋە تېلېگراممىلارنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى شۇ پېتى ساقلىنىپتۇ. بىز پۈتكۈل سوۋېت خەلقىنىڭ قەلبىنى يورۇتقان بۇ مۇقەددەس كابىنېتتىكى ئۇلۇغ لېنىننىڭ ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق.

1917-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى، ئاخىر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتى تارتىۋېلىنغان. لېنىن ئەشۇ سمولنى سارىيىدا تۇرۇپ تۇنجى نۆۋەتلىك پۈتكۈل روسىيە سوۋېتلەر قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ، پۈتكۈل دۇنياغا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىغان، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە شانلىق يول ئېچىشنى جاكارلىغان. بۇ ساراي دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن دوستلارنىڭ ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتى بىلەن توشقان.

سمولنى سارىيى 1927-يىلدىن باشلاپ مۇزېي بولۇپ ئېچىلغان.

لېنىنگرادنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بىلەن بولغان يەنە بىر مۇناسىۋىتى شۇكى، تۇنجى زەمبىرەك ئوقى چەنلىگەن نىشان — قىشلىق ساراي بولغان. بۇ ساراي نەچچە ئەۋلاد چار پادىشاھنىڭ پېتروگرادتىكى ئاساسلىق

نۇرغۇن ئەسەر قەھرىمانلىرى ئەنە شۇ ئۆيدە شەكىللەنگەن؛ 15-نومۇرلۇق ئــۆي ئەينى ۋاقىتتا ئاشخانا بولۇپ، ئۇنىڭغا پۇشكىن پات-پات بېرىپ تۇرغانىكەن؛ 14-نومۇرلۇق ئۆيدە 1905-يىلى نويابىردا لېنىننىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئىشچىلار ۋەكىللىرىنىڭ پېتربۇرگ ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلغان؛ 13-نومۇرلۇق ئۆيدە بىر مەزگىل تورگېنېۋ تۇرغان.

تارىخىي ئەھمىيەتلىك گوگول كوچىسىنىڭ ئاخىرى يەر ئاستى تۆمۈر يول بېكىتىنىڭ كۆركەملىك قەلئەسىگە تۇتىشىدىكەن. لېنىنگرادنىڭ بۇ يەر ئاستى تۆمۈر يولى دۇنياغا داڭلىق موسكۋا يەر ئاستى تۆمۈر يولىغا قارىغاندا كېيىنرەك قۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇنىڭدا 48 مېترو يولى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتىر كېلىدىكەن.

## ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددەس جايى

لېنىنگراد نۇرغۇن ئاتاقلىق جايلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر، ئۇنىڭ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ شانلىق ئىشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كىشىنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرىدۇ.

7-ئــايــنىڭ 24-كۈنى سائەت بىردە سمولنى سارىيىنى زىيارەت قىلدۇق، سمولنى سارىيى رۇس بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ گۆھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچى ناھايىتى ئېسىل ئىكەن. ئۇ ئەسلىدە ئاق سۆڭەكلەر تەبىقىسى قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىمارىتى بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ھارپىسىدا، بۇ ئىمارەت بولشېۋىكلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 1917-يىل 11-ئاينىڭ 6-كۈنى يېرىم كېچىدە، لېنىن مەخپىي ھالدا سمولنى سارىيىغا كېلىپ، دۇنيانى

7-ئاينىڭ 25-كۈنى لېنىنگراد رەسىم سەنئەت كۆرگەزمىسىنى تولىمۇ قىزىقىش بىلەن كۆردۇق. چۈنكى بۇ لېنىنگرادتىن ئايرىلىش ئالدىدىكى بىلىم ئېلىش زىيارىتىمىز ئىدى.

دۇنيادىكى ئەڭ زور گۈزەل سەنئەت خەزىنىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئېرمىتاژ بىر قاتار ياۋروپا ئەللىرىدە ساراي رەسىم بايلىقى ئاساسىدا ئاممۇۋى مۇزېي قۇرۇلۇشقا باشلىغان دەۋردە بارلىققا كەلگەن.

1764-يىلى بېرلىنلىق توپ مال سودىگىرى گوتسكوۋسكى پېتربۇرگقا غەربىي ياۋروپا رەسساملىرىنىڭ 225 پارچە داڭلىق رەسىملىرىنى ئېلىپ كېلىپ، قەرزگە تۇتۇپ بېرىدۇ. شۇندىن باشلاپ پېتربۇرگدا گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى سىستېمىلىق يىغىش ئىشى باشلىنىدۇ. جۈملىدىن گراف برۇلنىڭ (1769-يىلى درېزدېندا)، بانكىچى كروزانىڭ (1722-يىلى پارىژ)، لوردئۇئولىيولنىڭ (لوندون 1779-يىلى)، ئايال ئىمپېراتور ژۆزېفىنانىڭ (1814-يىلى پارىژ) ئاجايىپ ئېسىل گۈزەل سەنئەت نەمۇنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈرۈش رەسىملىرى (رەسىم كوللېكسىيىلىرى) سېتىۋېلىنىدۇ، لېكىن ئاممۇۋى مۇزېي بولسا، 1852-يىلى مۇزېي بىنالىرى ئۇستىكارى ئارخىتېكتور لىفون كلېنتسىنىڭ يېڭى ئېرمىتاژ بىناسىنى لايىھىلەپ رەسمىي قۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئېچىلغان.

يېڭى ئېرمىتاژنىڭ قۇرۇلۇشى لىفون كلېنتس، ستاسوف ۋە يېنىمورۇۋلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1842 — 1851-يىلغىچە داۋاملاشتى. ئۇنىڭ مەركىزىي ئىشىكىنىڭ پېشايۋانىنى ھەيكەلتىراش تېرىبېنېفنىڭ قولى بىلەن ياسالغان 10 ئاتلانتنىڭ گرانت فىگۇرىسى بېزەيدى. تاكى 1920-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر، ئۇ مۇزېينىڭ مەركىزىي دەرۋازىسى بولۇپ كەلگەن.

كىچىك ئېرمىتاژ بىناسى رەسىم كوللېكسىيىلىرىنى قويۇش ئۈچۈن

ئـورنـى، چـار پـادىـشـاھى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ۋە بۇرژۇئا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ جاھىل قورغىنى بولغان. ئۇ نىۋا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، پېتروگرادنىڭ مەركىزىي مەيدانى قىشلىق ساراي، يەنى پادىشاھ سارىيى مەيدانى ئەتراپىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى ئـىكەن. ئۇ مىلادى 1754-، 1762-يىللىرى سېلىنغان بولۇپ، كېيىن بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان، كېڭەيتىپ سېلىنغان، ئۇنىڭ ئىچىدە چوڭ-كىچىك 1050 ئېغىز ئۆي ۋە ساراي بولۇپ، ئۇ ناھايىتى نەپىس، گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇ 1922-يىلدىن ئېتىبارەن دۆلەت مۇزېيى قىلىنغان، ھەر يىلى نەچچە يۈز مىڭلىغان چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدىكەن. سارايىنى قولغا ئېلىش ئۇلۇغ ۋەقەسى "ئاۋرورا" دېگەن چارلاش پاراخوتىنىڭ نامىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىكەن، بۇ پاراخوتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 124 مېتىر، كەڭلىكى 16.8 مېتىر كېلىدىغان ھەربىي پاراخوت ئىكەن.

1917-يىل 11-ئاينىڭ 7-كۈنى كەچ سائەت توققۇزدىن 45 مىنۇت ئـۆتكەندە، "ئاۋرورا" پاراخوتىنىڭ ماتروسلىرى سارايغا تۇنجى زەمبىرەك ئوقىنى ئاتقان، سارايىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلغان ئىنقىلابىي ئىشچىلار ۋە ئەسكەرلەر دەرھال ئاشۇ قىشلىق سارايغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئاخىر ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن.

## دۇنياغا مەشھۇر ئېرمىتاژ

ھەقىقەتەنمۇ، 1754 — 1762-يىللىرى داڭلىق قۇرۇلۇش ئۇستىكارى راستىرېللى تەرىپىدىن باروككو ئىستىلى بويىچە سېلىنغان بۇ ھەيۋەتلىك سارايىنى لېنىنگرادتىكى بىناكارلىق يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاجايىپلىرىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلاشقا تامامەن بولىدىكەن. ئارخىتېكتور راستىرېللىدىن باشقا، ئۇنى بېزەش ئىشلىرىغا ئوخشىمىغان يىللاردا يەنە باشقا نۇرغۇن مەشھۇر ئارخىتېكتورلارمۇ ئىشتىراك قىلغانىكەن. مەسىلەن: كۋارېنگى، مونفېرران، روسسى، برىيۇللوف ۋە باشقىلار.

1837-يىلدىكى ئوت ئاپىتىدىن كېيىن، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قۇرۇلۇش-رېمونت ئىشلىرىغا ستاسوف رىياسەتچىلىك قىلغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خېلى بىر قىسىم ئۆيلىرى 19-ئەسىرگە مىلس بېگى مودا ۋە تەلەپلەرگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىنانىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ۋە ئايرىم ئۆيلەرنىڭ ئىچكى بېزىلىشى ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان.

1917-يىلى فېۋرال ئىنقىلابىغا قەدەر قىشلىق ساراي پادىشاھنىڭ ئىش بېجىرىش جايى (يەنى تۇرار جاي) ئىدى، ئاندىن ۋاقىتلىق بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرار جايى بولغان. كېيىن، 1917-يىلى 25-ئۆكتەبىرنىڭ چىقىش ۋە 26-ئۆكتەبىرنىڭ كىرىش كېچىسى (7-8 نويابىر كېچىسى) قىزىل گۋاردىيەچىلەر ئەترەتلىرى ئارمىيە ۋە دېڭىز فلوتىدىكى ئىنقىلابىي قىسىملار بىلەن بىرگە قىشلىق سارايىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى قولغا ئالغان. 30-دېكابىر كۈنى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ خەلق كومىسسارى لۇناچارسكىنىڭ: ”مەن روسسىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى نامىدىن شۇنى جاكارلايمەنكى:... قىشلىق ساراي ئېرمىتاژ بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى دۆلەت مۇزېيى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ“ دېگەن بۇيرۇقى ئېلان قىلىنغان.

1782 — 1787-يىللىرى ئارخىتېكتور كۋارېنگى تەرىپىدىن سېلىنغان

ئىشلىتىلگەن، بۇ يەردە خۇددى قىشلىق سارايىنىڭكىگە ئوخشاش، 18-ئەسىرلەردە ئاسما باغ يېنىدىكى رەسىمخانىلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئىمپېراتورلۇق (پادىشاھلىق) ئىچكى رەسىملەر خەزىنىسى مەركەزلەشكەن.

كىچىك ئېرمىتاژنىڭ قۇرۇلۇشىغا 10 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىنغان (1764 — 1775)، ئۇنىڭ جەنۇبىي كۆرگەزمە بىناسى ۋە ئاسما باغ يېنىدىكى ئىككى رەسىم ئۆيى ئارختېكتور فېلتېننىڭ لايىھىسى بويىچە سېلىنغان. ئۇنىڭ شىمالىي كۆرگەزمە بىناسى (نىۋا دەرياسى تەرەپتىكىسى) 1767 — 1779-يىللىرى گۈزەل سەنئەت ئاكادېمىيىسىنىڭ پروفېسسورى ۋاللېن دېللاموتنىڭ لايىھىسى بويىچە سېلىنغان. كۆرگەزمە بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىرقانچە زال ۋە قىشلىق باغ ئورۇنلاشقان (19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارختېكتور شتاكېنشنېيدېر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەنگە قەدەر) بۇ يەردىكى ئۆز زامانىسىغا خاس "ئاپتوماتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش" — ئىككى ھەرىكەتچان ئۈستەل بەزى كۆڭۈلدىكى قوبۇل قىلىشلاردا باشقىلارنىڭ ياردىمىسىزلا يوشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلاتتى. مانا بۇ خىلدىكى، كىشىگە تەنھا قېلىش ئىمكانىيىتى بېرىدىغان كۆرگەزمە ئۆيلىرى 18-ئەسىردە بىر مودا بولۇپ، ئېرمىتاژ دەپ ئاتىلاتتى، يەنى فرانسۇزچە مەنىسى بويىچە ئالغاندا "تەركى دۇنيالىق" ياكى "تەنھا جاي" دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. كېيىن بۇ يەردىكى رەسىم كوللېكسىيىلىرىنىڭ سانى كۆپىيىپ نىۋا بويىغا 1771 — 1781-يىللىرى فېلتېننىڭ لايىھىسى بويىچە كونا ئېرمىتاژ دەپ ئاتالغان بىنا سېلىنغاندىن كېيىن، بۇ نام مۇزېينىڭ نامى سۈپىتىدە رەسمىي مۇقىملىشىپ قالغان.

پۈتۈن ئېرمىتاژدىكى رەسىملەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ھەيۋەتلىك قىشلىق سارايدا جايلىشىشى (ئۇ ھازىرمۇ ئېرمىتاژ مۇزېيىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ساراي) بىر قاتار مۇزېي بىنالىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا بىرقەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇندىن كېيىن ئېرمىتاژ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، يەنە بىر تۈركۈم بىنالارنى كۆپەيتىپ، كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ۋە كۆرگەزمە زاللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى بولغان.

ئېرمىتاژ ھازىر تۆۋەندىكى بۆلۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

1. ئىپتىدائىي مەدەنىيەت تارىخى بۆلۈمى:

بۇ بۆلۈم 1931-يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 1859-يىلى قۇرۇلغان ئىمپېراتورلۇق ئارخېئولوگىيە كومىسسىيەسى، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى ۋە بىر قاتار مۇزېيلاردىكى يادىكارلىقلار كىرگەن. بۇنىڭدىكى ئەسەرلەرنىڭ بۇندىن كېيىن تولۇقلىنىشى ئالدى بىلەن ئېرمىتاژ ئىلمىي خادىملىرىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

بۇ بۆلۈمدە قەدىمكى تاش دەۋرىدىن تاكى تۇنجى دۆلەتلەر قۇرۇلۇشقا باشلىغانغا قەدەر بولغان دەۋرگە ئائىت سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدە تېپىلغان يادىكارلىقلاردىن 480 مىڭ پارچىدىن كۆپرەكى بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىملىرى (سكىتو، سارمات سىبىر ۋە دەسلەپكى ئالتاي كۆچمەنلىرى مەدەنىيىتىگە ئائىت بىر قىسىم بۇيۇملار) دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن.

2. ئانتىك دۇنيا (قەدىمكى يۇنان ۋە رىم مەدەنىيىتىگە ئائىت) بۆلۈمى:

بۇ بۆلۈمدە قويۇلغان ئەسەرلەر ئەسلى «قەدىمكى ئەسەرلەر بۆلۈمى» تەركىبىدىكى نەرسىلەر بولۇپ، مۇزېي ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىكى بىرىنچى ئانتىك ھەيكەل

ئېرمىتاژ تىياتىر بىناسىمۇ مۇزېي بىنالىرى قاتارىغا كىرگەن. بۇرۇن، يېرىم دائىرە شەكلىدە ئېسىل ئورۇندۇقلار ئورنىتىلغان ھەشەمەتلىك زالدا چەت ئەل ئارتىسلىرى ئويۇن قويغان، كېيىنچە رۇس ئارتىسلىرىنىڭ ئويۇنلىرى قويۇلىدىغان بولسىمۇ، پەقەت ئىمپېراتورنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە سارايى مېھمانلىرى كۆرۈشكە بولاتتىكەن. ھازىر بۇ يەردە ئېرمىتاژنىڭ ئاممىۋى لېكسىيە سۆزلەش گۇرۇپپىلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بولغان. مەدەنىيەت ۋە سەنئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئاممىۋى لېكسىيەلەر سۆزلىنىدىكەن، لېنىنگراد تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇنلىرى ئوينىلىدىكەن.

20-ئەسىرنىڭ بېشىغا قەدەر ئېرمىتاژ رەسىم كوللېكسىيىلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 600 مىڭ پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە قەدىمىي بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتىكەن. سوۋېت ھۆكۈمىتى دەۋرىدە بۇ يەردە توپلانغان نەرسىلەرنىڭ سانى 4.5 ھەسسە ئېشىپ، ھازىر 2 مىليون 768 مىڭ پارچە يادىكارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. يېڭى بۆلۈملەر تەسىس قىلىنىپ، كۆرگەزمە بۇيۇملىرى تارىخىي ئۇسۇل ئاساسىدا كىچىك ئېرمىتاژ، كونا ئېرمىتاژ، كېيىنكى چاغلاردا قىشلىق سارايغىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كۆرگەزمە زاللىرىنىڭ سانى 400 گە يەتكەن. مۇزېي يەنە كۆرگەزمە بايلىقلىرىنى ساقلاش ئۆيلىرى، ئەسەرلەرنى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۇستىخانىلىرى، لابوراتورىيىلەرگە ئوخشاش قوشۇمچە خىزمەت ئەسلىھە-ئۆيلىرى بىلەن تولۇقلانغان.

1981-يىلى ئۇنىۋېرسىتېت قىرغىقىدا ئېرمىتاژنىڭ تۇنجى تارمىقى، يەنى پېتر I نىڭ سەپدىشى ئا. د مېنشكوفنىڭ سارىيى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئېچىلغان. ئاختېكتور د. م. فونتان ۋە گ. ئى. شېدېل تەرىپىدىن 1710 — 1720-يىللىرى بەرپا قىلىنغان بۇ بىنادا روسىيىنىڭ 18-ئەسىر گۈزەل سەنئەت مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەسەرلەر كۆرگەزمە قىلىنغان.

گەرچە ئېرمىتاژدا ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ شەرق خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئائىت خېلى نۇرغۇن ساندىكى يادىكارلىقلار بولغان بولسىمۇ، بۇ بۆلۈم پەقەت 1920-يىلى رەسمىي قۇرۇلغان. كېيىن بۇ يادىكارلىقلار يەنە ئوتتۇرا ئاسىياغا ساياھەت قىلغۇچى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلغۇچى ئا. پ. كوزلوف (1907 — 1909-يىللىرىدىكى قارا-خوتوتىدىكى قېزىش ئىشلىرى ۋە 1924 — 1925-يىللىرىدىكى نويىم ئۇغلى دېگەن قېزىشلار) ۋە ئاكادېمىك س. ف. ئولدېنبۇر (1909 — 1910-يىللىرى ۋە 1914 — 1915-يىللىرى شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلەر) قاتارلىق داڭلىق ئالىملار يېتەكچىلىك قىلغان تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى ئېلىپ كەلگەن ماتېرىياللار بىلەن تولۇقلانغانىكەن.

1939 — 1972-يىللىرى ئاكادېمىك ب. ب. پىتروۋسكى رىياسەتچىلىكىدە تېيشبايىنى قەلئەسىدە (يېرىۋاندىكى كەرمىر-بۇلۇر) ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار نەتىجىسىدە ئۇرارتۇ مەدەنىيىتىگە ئائىت بىر قىسىم قىممەتلىك يادىكارلىقلار تېپىلغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئېرمىتاژ بايلىقلىرىنى تولۇقلىغان.

1947-يىلى پەنجىكەنتتە (تاجىكىستان) ۋە 1938 — 1954-يىلى ۋاراخشاۋتا (ئۆزبېكىستان) ئېلىپ بېرىلغان قېزىشلار 6 — 8 ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللار بىلەن ئېرمىتاژ بايلىقىنى تېخىمۇ بېيىتقان. ئېرمىتاژ ساسانىلار دەۋرىنىڭ مول كۈمۈش بۇيۇملىرى (دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېسىل ھېسابلىنىدۇ) تولۇقلانماقتا.

ھازىر ئېرمىتاژنىڭ شەرق بۆلۈمىدىكى ماتېرىياللار پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئەڭ زور بولۇپ، سانى 160 مىڭ پارچىغا يېتىدىكەن.

5. رۇس مەدەنىيىتى تارىخى بۆلۈمى:

بۇ بۆلۈم 1941-يىلى ئەتىيازدا قۇرۇلغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى

— ”ۋېنېداتاۋرىچېسكاچا ھەيكىلى“. ئۇ ھەيكەل روسىيىگە پېتر I دەۋرىدىلا ئېلىپ كېلىنگەن. لېكىن بۇ بۆلۈمنىڭ ھەقىقىي تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان دەۋرى — 1770-يىللار بولغان. بۇ يەردىكى نۇرغۇن قەدىمكى بۇيۇملار روسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىنىڭ جەنۇبىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئىشلىرى نەتىجىسىدە تېپىلغان (بۇ قېزىش ئىشلىرى 1830-يىللىرى باشلانغان بولۇپ، تا ھازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا).

ئانتىك دۇنيا بۆلۈمىدە تەخمىنەن 119 مىڭ پارچە يادىكارلىق ساقلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە نەقىشلىك قاچىلار (سانى فراگمېنتلىرى بىلەن 15 مىڭدىن ئوشۇق)، رىملىقلارنىڭ سۈرەتلىرى، ۋەھاكازالار دۇنيادا ساقلانغان ئەڭ ياخشى نەمۇنىلار بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

3. غەربىي ياۋروپا سەنئىتى تارىخى بۆلۈمى:

بۇ بۆلۈم مۇزېي بىنا بولغاندىن تارتىپلا بار بولۇپ، ئۇنىڭدا 1764-يىلى سېتىۋېلىنىپ ئېرمىتاژنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغان بىر تۈركۈم ئەسەرلەر ساقلانغان. بۇ يەردە يەنە پېتر I دەۋرىدىن بۇرۇن ئېلىنغان يادىكارلىقلارمۇ بار ئىكەن. بۇ بۆلۈمنىڭ تارماقلىرى (فرانسىيە، گوللاندىيە، فىنلاندىيە، ئىسپانىيە، ئىتالىيە سەنئىتى تارماقلىرى) ئۆزىنىڭ تولۇقلۇقى بىلەن پەرقلىنىپ، نۇرغۇن ئۇلۇغ رەسساملارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ يەردە جەمئىي 604 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك يادىكارلىق، جۈملىدىن 7800 پارچىدىن كۆپرەك رەسىم، 2120 دىن كۆپرەك ھەيكەل، 68 مىڭغا يېقىن چاتما سەنئەت بۇيۇملىرى، 526 مىڭ پارچىدىن كۆپرەك ئويما بۇيۇملار ساقلانغانىكەن.

4. شەرق مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى بۆلۈمى:

ئۆتكەندە، ئايروپىلان بىلەن موسكۋاغا قايتىپ كېلىپ، يەنە كوسموس مېھمانخانىسىغا چۈشتۇق.

8-ئاينىڭ 2-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئۆمەك باشلىقىمىز لىن جاۋنەن، كاتىپ لى نەيچاۋ، خوچېڭيى قاتارلىق بىر نەچچىمىز لېنىن قەبرىسى ئالدىدا يەنە بىر قېتىم سۈرەتكە چۈشۈش ئۈچۈن، موسكۋا قىزىل مەيدانىغا باردۇق. لېنىن قەبرىسى بىلەن كرېمل سېپىلى ئارىلىقىدىكى قارىغايلىق بىلەن چىمەنلىك ئىچىگە قويۇلغان بولشېۋىك پارتىيىسىنىڭ داھىيلىرى، رەھبەرلىرىدىن ستالىن، سىۋېردلوف، دزېرژىنسكى، ۋارشلوف قاتارلىقلارنىڭ قەبرە ھەيكەللىرىنى زىيارەت قىلىپ قايتا لېنىن قەبرىسى ئالدىغا كەلگەندە، بىزنى كۈتۈشكە مەسئۇل بولغان پروفېسسور ئالىيوشا سومكىسىدىن «لېنىن ۋە ستالىن ھەققىدە» دېگەن كىتابچىنى ئېلىپ ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە ئابزاسنى بىزگە ئوقۇپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”لېنىن 1924-يىل 21-يانۋاردا موسكۋا يېنىدىكى گوركىي دېگەن جايدا ۋاپات بولغان“.

26-يانۋاردا پۈتۈن ئىتتىپاق سوۋېتلار سېيىزدىنىڭ ماتەم مەجلىسى ئېچىلدى. بۇ مەجلىستە ستالىن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ يەنە پارتىيە نامىدىن قەسەم بېرىپ مۇنداق دېدى: يولداش لېنىن، سىز ئارىمىزدىن كېتىۋېتىپ پارتىيە ئەزاسى دېگەن ئۇلۇغ نامنى يۈكسەك تۇتۇشنى ۋە پاكىزە ساقلاشنى ۋەسىيەت قىلغان، ھازىر سىزگە قەسەم قىلىپ ئېيتىمىزكى، بىز سىزنىڭ بۇ ۋەسىيىتىڭىزنى شەرەپ بىلەن ئورۇندايمىز!

يولداش لېنىن، ئارىمىزدىن كېتىۋېتىپ پارتىيىمىزنىڭ بىرلىكىنى، ئالما قارىچۇقىدەك ساقلاشنى ۋەسىيەت قىلغان، يولداش لېنىن سىزگە قەسەم قىلىپ ئېيتىمىزكى، بىز سىزنىڭ بۇ ۋەسىيىتىڭىزنىمۇ شەرەپ بىلەن ئورۇندايمىز!

مىللەتلىرى ئېتنوگرافىيىسى دۆلەت مۇزېيىدا ۋە باشقا ئورۇنلاردا ساقلانغان ماتېرىياللار ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالغان. ھازىر بۇ بۆلۈمدە 315 مىڭ پارچە تارىخ، مەدەنىيەت ۋە گۈزەل سەنئەت يادىكارلىقلىرى ساقلانغان. بۇ يەردىكى بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمى سوۋېتى ۋە سانى جەھەتتە دۆلەت بويىچە ئەڭ ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

6. نۇمىزماتىكا (تارىخىي يادىكارلىقلار قاتارىدىكى پۇل ۋە مېداللارنى تەتقىق قىلغۇچى بۆلۈم) بۆلۈمى:

بۇ، ئېرمىتاژدىكى ئەڭ كونا بۆلۈملەرنىڭ بىرى. ئۇ، 1864-يىلى "مىۇنسكابىنېت"دىكى مېتال پۇل يادىكارلىقلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، كېيىن خەزىنىلەردە ساقلانغان ھەرخىل مېتال پۇللار بىلەن تولۇقلىنىپ بارغان. 1861-يىلدىن باشلاپ بۇ بۆلۈم ئوردېن ۋە مېدال نۇسخىلىرىنى سېتىۋېلىپ يىغىشقا باشلىغان.

ھازىر ئۇنىڭدا 1 مىليون 90 مىڭدىن كۆپرەك پۇل نۇسخىلىرى، گۈزەل سەنئەت يادىكارلىقلىرى، مېدال، ئوردېن ۋە ھەرخىل تامغا نۇسخىلىرى بار ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا تەڭگە پۇللار ناھايىتى كۆپ ئىكەن (900 مىڭدىن كۆپرەك). بۇنىڭ ئىچىدە 230 مىڭى شەرقنىڭ، 130 مىڭى قەدىمكى دەۋرنىڭ، 300 مىڭدىن كۆپرەكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ، 250 مىڭدىن كۆپرەكى رۇسلارنىڭ ئىكەن.

## يەنە بىر قېتىم لېنىن قەبرىسى ئالدىدا

8-ئاينىڭ 2-كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن 30 مىنۇت

بۇ ئەسەردە لېنىنىزم ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن بايان قىلىنغان ۋە نەزەرىيىۋى جەھەتتە چوڭقۇر دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان، بۇ ئەسەر شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيا بولشېۋىكلىرىنىڭ قولىغا ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئۆتكۈر قورالىنى بەرگەن.

1924-يىلى دېكابىردا ستالىننىڭ «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ تاكتىكىسى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى ئېلان قىلىندى. ستالىن بۇ ئەسىرىدە لېنىننىڭ بىر مەملىكەتتە سوتسىيالىزم غەلىبىسى توغرىسىدىكى قائىدىسىنى ئاساسلاپ، بۇ مەسىلىنىڭ ئىككى يېقىنى، يەنى ئىچكى ۋە خەلقئارا تەرەپلىرىنى پەرق قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

1941-يىلىدىكى ئۇرۇش داۋامىدا ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋال تۇغۇلدى. موسكۋا دەھشەتلىك قورقۇنچ ئاستىدا قالدى. 1941-يىل 19-ئۆكتەبىردە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش ستالىن ئىمزاسى بىلەن موسكۋانىڭ "قورشاۋ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان"لىقى توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى. يولداش ستالىن پايتەختنى مۇداپىئە قىلىش پىلانىنى ھەم موسكۋا ئەتراپىدا نېمىس قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈپ بەردى ۋە بۇ پىلاننى ناھايىتى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇردى.

دۈشمەن موسكۋاغا ناھايىتى يېقىن كېلىپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ 1941-يىل 6-نويابىردا موسكۋا مېھنەتكەشلىرى دېپۇتاتلىرى سوۋېتىنىڭ موسكۋا شەھىرىدىكى پارتىيە ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرى بىلەن بىللە ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ 24 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئادەتتىكى تەنتەنىلىك مەجلىسى بولدى. بۇ مەجلىستە يولداش ستالىن دوكلات بەردى.

1941-يىل 7-نويابىردا موسكۋانىڭ قىزىل مەيدانىدا قىزىل ئارمىيە

يولداش لېنىن، ئارىمىزدىن كېتىۋېتىپ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ساقلاش ۋە مۇستەھكەملەشنى ۋەسىيەت قىلغان، يولداش لېنىن، سىزگە قەسەم قىلىپ ئېيتىمىزكى، بىز سىزنىڭ بۇ ۋەسىيىتىڭىزنىمۇ شەرەپ بىلەن ئورۇنداش ئۈچۈن كۈچىمىزنى ئايىمايمىز!

يولداش لېنىن، ئارىمىزدىن كېتىۋېتىپ ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇستەھكەملەشنى ۋەسىيەت قىلغان. يولداش لېنىن، سىزگە قەسەم قىلىپ ئېيتىمىزكى، بىز سىزنىڭ بۇ ۋەسىيىتىڭىزنىمۇ شەرەپ بىلەن ئورۇندايمىز!

يولداش لېنىن، ئارىمىزدىن كېتىۋېتىپ رېسپۇبلىكىلار ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىشنى ۋەسىيەت قىلغان، يولداش لېنىن، سىزگە قەسەم قىلىپ ئېيتىمىزكى، سىزنىڭ بۇ ۋەسىيىتىڭىزنىمۇ شەرەپ بىلەن ئورۇندايمىز!

لېنىننىڭ ۋاپاتىغا بىر يىل تولغان كۈنى ستالىن «ئىشچىلار گېزىتى» ئىدارىسىگە يازغان خېتىدە مۇنداق دېدى: "ئۇستازىمىز، يولباشچىمىز ئىلىچنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار، ئەسەرلىرىنى ئوقۇڭلار.

ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى ئىلىچكە ئوخشاش كۈرەشكىلار ۋە يېڭىڭلار.

ئىلىچ كۆرسەتكەندەك يېڭى تۇرمۇشنى، يېڭى مەئىشەت ۋە يېڭى مەدەنىيەتنى قۇرۇڭلار.

كىچىك ئىشتىن ھېچقانداق يۈز ئۆرۈمەڭلار، چۈنكى كىچىكتىن چوڭ پەيدا بولىدۇ، ئىلىچنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇدۇر".

ستالىننىڭ 1924-يىلدا نەشر قىلىنغان «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا» دېگەن نەزەرىيىۋى ئەسىرى ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

# ئۈچىنچى باب

# رۇس سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى توغرىسىدا

قوشۇنلىرى پاراتى بولدى. يولداش ستالىن لېنىن ماۋزولېيى (مەقبەرى) مۇنبىرىدە تۇرۇپ سۆزلىگەن نۇتقىدا قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇستىگە ھەممە خەلقلەرنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسى چۈشكەنلىكىنى ئېيتىپ، سوۋېت ئەسكەرلىرىنى، ئەر ۋە ئايال پارتىزانلارنى تەبرىكلەپ، ئۇلارغا مەدەت تىلەپ مۇنداق دېدى: ”ئالېكساندىرنېۋسكى، دمىترى دونسكوف، كوزمامىنىن، دمىترىي پوژارسكى، ئالېكساندىر سۇۋوروف، مىخايىل كۇتۇزوفلارغا ئوخشاش ئۇلۇغ قەھرىمان بوۋىلىرىمىزنىڭ ئوبرازى بۇ ئۇرۇشتا سىلەرگە مەدەت بەرسۇن! ئۇلۇغ لېنىننىڭ زەپەر بايرىقى سىلەرگە مەدەت بولسۇن!“

ئالىي باش قوماندان يولداش ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن 1945-يىل 24-ئىيۇندا موسكۋا قىزىل مەيدانىدا ھەرىكەتتىكى ئارمىيە، ھەربىي دېڭىز فلوتى ۋە موسكۋا گارنىزونى ئەسكەرلىرىنىڭ غەلىبە پاراتى بولدى. قىزىل ئارمىيە نېمىس فاشىستلىرىنىڭ دۈشمەنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈلگەن بايراقلىرىنى بۇ يەرگە — قىزىل مەيدانىغا ئېلىپ كەلدى، بۇ بايراقلارنى غالىب سوۋېت خەلقىنىڭ ئايىقى ئاستىغا، لېنىن ماۋزولېيى تېگىگە تاشلىدى.



لىن جاۋنەن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز رۇس سەنئىتىنىڭ تىياتىر نامايەندىلىرىنى كۆرۈپ ئۆگىنىش ئۈچۈن موسكۋا چايكوۋسكى، لېنىنگراد بالېت ئۆمىكى، ئوكرائىنا بوكوۋو ئاكادېمىيە تىياتىرى، كىروف نامىدىكى لېنىنگراد ئوپېرا بالېت ئاكادېمىيە تىياتىرى (1860 — 1880-يىل) قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلدۇق. ئۇلار بىزنى بەكمۇ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ ئويۇن قويۇپ بەردى. ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات، ئىجادىيەت تارىخىنى تونۇشتۇردى.

رۇس ئالىمى ل. تولستوي سەنئەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: "ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ كىشىلەرنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن ھەقىقىي سەنئەتنىڭ تەبىرى پەقەت بىرخىللا بولۇپ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ سەنئەت ئىنسانىيەتنىڭ بۇرچى ۋە بەختىنىڭ ئىلمىي يوسۇندا ئىپادىلىنىشىدۇر".

چايكوۋسكى تىياتىر سەنئىتى، يۇقىرىقى تىياتىرخانىلار ئاتاقلىق رۇس كومپوزىتورى، دۇنيا كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىلى چايكوۋسكىنىڭ تارىخى ۋە ئىجادىيىتى بىلەن باغلانغانىكەن.

## پيوتر ئىلئىچ چايكوۋسكى

پ. ئى. چايكوۋسكى 1840-يىلى 7-ئايدا ھازىرقى ئۇدمۇرت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋوتكىنسك دېگەن يېرىدە كان ئىنژېنېرى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1893-يىلى 6-نويابىردا پېتربۇرگدا ۋاپات بولغان. چايكوۋسكى — رۇس كومپوزىتورى، دۇنيا كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بۈيۈك

يۇكسىلىشىنىڭ بىرى — ئۇنىڭ تۆتىنچى سىمفونىيىسى (1877) بىلەن «يېۋگېنى ئونېگىن» (1878) ئوپېراسى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن «ئورلېئان قىزى» (1879)، «مازېپا» (1883) ئوپېرالىرى ۋە «موسكۋا» (1883) كانتاتاسى (مەدھىيە ناخشىسى)، بىرنەچچە سيۇئىتاسى (گۇرۇپپىلىق ناخشا) ۋە مۇزىكىلىرى مەيدانغا كەلگەن. چايكوۋسكى 1885-يىلى موسكۋادىكى رۇس مۇزىكا جەمئىيىتى ئورگىنىنىڭ مۇدىرى بولغان. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ نامى روسىيىدىلا ئەمەس، چەت ئەللەردىمۇ تونۇلغان. چايكوۋسكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دىرىژورلۇق سەنئىتىگە كۆپ كۆڭۈل بۆلگەن. 1887-يىلى 13-يانۋاردا موسكۋا چوڭ تىياتىرىدا ئۆزىنىڭ دەسلەپ قويۇلغان «ئالتۇن كەش» ناملىق ئوپېراسىغا دىرىژورلۇق قىلغان. 1887-يىلدىن 1893-يىلغىچە دىرىژور سۈپىتىدە روسىيىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە، غەربىي ياۋروپادىكى گېرمانىيە، چېخىيە، فرانسىيە، ئەنگلىيەلەردە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەرگە قاتناشقان. 1891-يىلى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىغا بېرىپ، بىرنەچچە سىمفونىيىلىك كونسېرتلارغا دىرىژورلۇق قىلغان. 1892-يىلى چايكوۋسكى فرانسىيىدىكى مۇزىكا سەنئىتى ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى، 1893-يىلى كامبرج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرىي دوكتورى بولغان.

1880-يىلدىن 1893-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چايكوۋسكى «سېھىرلىك گۈزەل» (1887)، «قاغا ئۇۋىسى» (1890)، «ئىئولانتا» (1891) ئوپېرالىرى بىلەن «ئۇيقىدىكى ئارۇ» (1889) بالېتلىرىنى، بەشىنچى سىمفونىيىسى (1888) بىلەن ئالتىنچى سىمفونىيىسىنى (1983)، «مانفرېد» پروگراممىلىق سىمفونىيىسىنى يازغان. چايكوۋسكى يەنە ئۇ. شېكسپىرنىڭ «هاملېت» تراگېدىيىسىگە كىرىش مۇزىكا فانتازىيىسى (1888) يازغان، رويالغا ۋە ئوركېستىرغا ئاتاپ ئۈچىنچى كونسېرتنى ۋە

ۋەكىلى. ئۇ 1866-يىلدىن 1878-يىلغىچە موسكۋا مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى بولغان. 1850-يىلدىن 1859-يىلغىچە قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1861-يىلدىن 1862-يىلغىچە رۇس مۇزىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇزىكا سىنىپىدا ۋە 1862-يىلدىن 1865-يىلغىچە پېتربۇرگ مۇزىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلغان. چايكوۋسكى بۇ يەردە ئا. گ. رۇبىنشتېين ۋە ن. ئى. زارېمبانىڭ شاگىرتى بولغان، 1866-يىلى موسكۋاغا كۆچۈپ كەلگەن، 1866-يىلى ئۇ بىرىنچى سىمفونىيىسى «قىسقا ئويلار»نى، 1868-يىلى «ۋويېۋودا» ئوپېراسىنى يازغان. ئا. ن. ئوستروۋسكى، پ. م. سادوۋسكى، ن. گ. رۇبىنشتېين قاتارلىق رۇس مەدەنىيىتىنىڭ پېشۋالىرى بىلەن يېقىنلىشىش ئارقىسىدا، چايكوۋسكىنىڭ ئىدىيە ۋە سەنئەت كۆزقارىشى شەكىللەنگەن. 1868-يىلدىن باشلاپ چايكوۋسكى «قۇدرەتلىك توپ»نىڭ كومپوزىتورلىرى بىلەن ئىجادىيەت جەھەتتە ئالاقە ئورناتتى. م. ئا. بالاكىرېۋنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شېكسپىرنىڭ «رومېئو ۋە ژۇلىيتا» تراگېدىيىسىنىڭ سيۇژىتىغا كىرىش مۇزىكىسى فانتازىيىسىنى يازغان. چايكوۋسكىنىڭ 1870-يىللاردا يازغان «ئوپرىچنىك» (1872)، «ئۇستا ۋاكۇلا» (1874) ئوپېرالىرى، «ئاق قۇ كۆلى» (1876) بالېتى، ئىككىنچى-ئۈچىنچى سىمفونىيىلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ قالتىس تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن. چايكوۋسكى ئۆز ئىجادىيىتىدە بولۇپمۇ پروگراممىلىق سىمفونىيىلىك مۇزىكىغا زور كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ كومپوزىتورلۇق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر قاتاردا موسكۋانىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگىمۇ ئاكتىپ قاتناشقان. 1868-يىلى چايكوۋسكى مۇزىكا تەنقىدچىسى سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلىغان؛ گارمونىيە (ماسلاشما ناخشا) توغرىسىدا روسىيە بويىچە تۇنجى دەرسلىك كىتاب يازغان. چايكوۋسكى ئىجادىيىتىدىكى تۈپ ئەھمىيەتلىك

تۇرمۇشىدىن ئېسىل ئەسەر يېزىش ئىدىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. چايكوۋسكىي ئىجادىيىتى بالېت سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بارلىق ئەللەردە كەڭ تارقالغان.

## لېنىنگراد دۆلەتلىك بالېت ئۆمىكى

لېنىنگراد دۆلەتلىك بالېت ئۆمىكىنىڭ "ئۇسسۇل سەنئىتى سەھنە ئەسەرلىرى"نى باشقا ھەرقانداق ئۆمەكنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. چۈنكى بۇ ئۆمەك 20 يىلدىن بۇيان ئوپېرادىن ئايرىم مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان، ئىزچىل ئۈلگىلىك رول ئويناپ كېلىۋاتقان ئۆمەك ئىكەن. بۇ ئۆمەكنىڭ ئويۇنلىرىدا لېنىنگراد ئەنئەنىلىرىگە كەمكۈتسىز ۋارىسلىق قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ كلاسسىك ئۇسسۇللار ئۇنىڭ ئورۇنلىشىدا كىشىگە گويا رومانتىزم دەۋرىنى ئەسلىتىپلا قالماي، بەلكى بىر خىل ئىجاتچانلىقى ۋە يېڭىلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىكەن، يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ئۇنىڭ ئويۇنلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، بىر ئويۇن يەنە بىر ئويۇنغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ نومۇرلىرىنى تەشكىل قىلىدىغان 28 پەردىلىك بالېت ۋە 60 سەھنە ئەسىرى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا گويا ئۇسسۇل (بالېت) سەنئىتىدە مەۋجۇت بولغان جىمىكى بەدىئىي ئېقىم ۋە ئىستىللارنى گەۋدىلەندۈرىدىكەن. ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بۇنچە كۆپ خىللىقىغا ئىگە بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆمەك ئۆزىگە خاس ۋە ئېنىق ئىجادىيەت يۆنىلىشىگە ئىگە ئىكەن. ئۇ بولسىمۇ

باشقىلارنى يازغان.
چايكوۋسكى جەمئىي 10 ئوپېرا، ئۈچ بالېت، ئىككى دراما ئەسرىگە مۇزىكا يازغان. ئالتە سىمفونىيە، 20 گە يېقىن ئوركېستىر مۇزىكىسى، نوت كونسېرت، ئۈچ كانتاتا (مەدھىيە مۇزىكىسى)، ئۈچ كۋارتېت (نوت كىشىلىك مۇزىكا)، ترىئو (ئۈچ كىشىلىك مۇزىكا)، ۋە سېكستېت (ئالتە كىشىلىك مۇزىكا)، 100 دىن ئوشۇق روياڭ پېسىسى ۋە كۆپلىگەن رومانسلار (لىرىكىلىق مۇزىكا)، ناخشىلار ۋە باشقىلارنى يازغان. ئۆز خەلقىنى ۋە ئۆز ۋەتىنىنى جان-دىلى بىلەن سۆيگەن ۋەتەنپەرۋەر چايكوۋسكىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى 19-ئەسىردە ئۆتكەن ئالدىنقى قاتاردىكى رۇس مەدەنىيىتى پېشۋالىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۇنىڭ رېئالىستىك ئىجادىيەت پرىنسىپىنىڭ شەكىللىنىشىگە 1860-يىللاردىكى دېموكراتىك-ئىجتىمائىي ھەرىكەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. چايكوۋسكى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى — ئىنسانلارنىڭ ھاياتى، ئەركىنلىكى ۋە بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ژانىرى — سىمفونىيىلىك ئەسەرلەردۇر. ل. بېتخوۋېندىن كېيىن، دۇنيا سىمفونىيە سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆسۈشىدە چايكوۋسكىنىڭ رولى چوڭ بولغان. سىمفونىيىلىك مۇزىكىنىڭ يېتىلگەن ماھىرى دەپ ئاتالغان چايكوۋسكىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ ئېسىلى ئالتىنچى سىمفونىيىسى («پاتېتىكىلىق») دۇر. ئادەمگە نىسبەتەن مۇھەببەت تۇيغۇسىغا، شۇنىڭدەك تۇرمۇش زىددىيەتلىرىگە قارشى نارازىلىقلارغا تولغان بۇ ئەسەر شۇ چاغدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان دېموكراتىك رۇس سەنئىتىنىڭ يۈكسەك ئۈلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
چايكوۋسكى ئۆز ئوپېرالىرىدا ئاجايىپ ئېسىل ئۇنتۇلماس ئوبرازلارنى ياراتقان. «يېۋگېنى ئونېگىن» ئوپېراسىدا چايكوۋسكى ئاددىي پۇقرالار

لېكىن بۇ ئۆمەك ئۇچۇن ئۇ خەۋپ مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ يېڭى، ياش كۆچلەر بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ. ئارتىسلارنىڭ ماھارىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسمەكتە. بۇ ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىجادىي ھاياتى. ھەممە كىشى چىن دىلىدىن ئۇلارغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلار تىلەيدۇ"

«ئەمگەك» گېزىتى

"بۇ بالېت ئۆمىكى ئۆزگىچە: ئۇنىڭ ئېلانلىرىنىڭ بىرەرسىدىمۇ بىرەر ئوخشاش (تەكرارلىنىش) نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. مەشھۇر سوۋېت بالېت ئۇستىسى لېئونىر ياكوبسون ئۆز ئەمەلىيىتىدە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قىسقا بىر سەھنە ئەسىرىدىمۇ، بىرلا ھەرىكەتتىكى نەپىسلىك بىلەن ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلارنى قوزغىغىلى، تاماشىبىنلاردا گويا چوڭ كۆلەمدىكى بالېت ئەسىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك تەسىرات پەيدا قىلىش مۇمكىن"

«سوۋېت سىبىرىيىسى» گېزىتى

"كلاسسىك ئۇسسۇل سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭ بەدىئىي كـۆچىگە ئىشىنىش ۋە زامانىۋى نەپىسلىككە ئىنتىلىش ئۇلارنىڭ يېڭى نومۇرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى"

«لېنىنگراد ھەقىقىتى» ژۇرنىلى

"بۇ كوللېكتىپنىڭ ئويۇنلىرى ئىجادىيەت جەھەتتىكى مۇستەقىللىقى بىلەن، باشقا بىرەر بالېت ئۆمىكىگە ئوخشىمايدىغان خاس ئىستىلى ۋە قىياپىتى بىلەن ئۇسسۇل سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى ئىزچىل ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە"

«سمېنا» ژۇرنىلى

"لېنىنگراد بالېت ئۆمىكىنىڭ ئويۇننى كۆرگەن كىشىدە بىر خىل مەمنۇنلۇق ۋە تەقەززالىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ"

«قىزىل بايراق» ژۇرنىلى

بەدەن ھەرىكىتىدىكى جانلىقلىق گويا سۆز، رەڭ ۋە تاۋۇشتىكى جانلىقلىقتا ئوخشاش ئېنىق، كۈچلۈك ۋە مەزمۇنلۇق ئىكەن.

1969-يىلدىن 1975-يىلغا قەدەر بۇ ئۆمەككە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن مەشھۇر سوۋېت ئۇسسۇل سەنئىتى ئۇستىسى لېئونىر ياكوبسونمۇ، ھازىر ئۆمەككە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان تالانتلىق ئۇسسۇلچى (ئەينى ۋاقىتدا لېئونىر ياكوبسوننىڭ سەھنە ئەسەرلىرىدە باش روللارنى ئوينىغان) ئاسكولىر ماكاروفمۇ ماھارەت كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن. ئۆمەك كوللېكتىپى ئۇستاز ياكوبسون يېتەكچىلىكىدە ئوينالغان ئويۇنلارنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرۇنقىدەك جانلىقلىق ۋە كۆپ خىللىقتا ئىنتىلىش ئاساسىدا يېڭى باليېت ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلماقتا ئىكەن.

ئۆمەك ئۆز ماھارىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جىمىكى شەھەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى پارىژ، ئافىنا، ئىتالىيە، نورۋېگىيە، تۇنىس، ھىندىستان، ئىئوردانىيە، فىلىپپىن قاتارلىق جايلاردىمۇ كۆرسەتكەن ۋە ھەممىلا يەردە ئالقىشقا ئېرىشكەن. بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەتراپلىق ماھارەتكە ئىگە باليېت كوللېكتىپلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرمىگەن كىشىنى سوۋېت باليېتى توغرىسىدا خەۋىرى بار دەپ ئېيتىش ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

## بۇ ئۆمەك توغرىسىدا مەتبۇئاتلاردىكى باھا

”ئىجادىيەتتىكى ئەڭ خەۋپلىك نەرسە — ئورنىدا توختاپ قېلىش.

جۇمھۇرىيىتىدە دوستانە زىيارەتتە بولغان (1919، 1974-يىللار). ئانسامبلىنىڭ ئويۇنلىرى ئادەتتە تېلېۋىزور ۋە رادىئولاردا بېرىلىدىكەن. ئۇنىڭ ياخشى نومۇرلىرى كىنو لېنتىلىرىغا، پلاستىنكىلارغا ئېلىنغان.

ھازىر بۇكوۋىن ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبلىنىڭ تەركىبىدە 80 دىن ئوشۇقراق ئارتىس بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەنئەت بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيە كۆرگەنلەر. بۇ كوللېكتىپ ئىچىدە ئۆز ئىشىغا ناھايىتى چوڭ ئىشتىياق باغلىغان تالانتلىق ئارتىسلار كۆپ ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق سەھنە نومۇرلىرىنى يارىتىش ئىشلىرىغا ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن قاتنىشىدىكەن. مەسىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇكرائىنانىڭ داڭلىق ئارتىسى، بالېت ئۇستىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرغۇچى دارىيىي لاستوۋكانى، دىرىژور، خور ئۇستىسى مىخايىل دوۋگانىچنى، خور ئۇستىسى نىكولاي يېمېتسنى، ئوركېستىر گورۇپپىسىنىڭ كونسېرت ئۇستىسى دىمىترىي دىمىنچۇكنى، ئوكرائىنانىڭ داڭلىق ئارتىسى يۇرىي سىچكوۋسكىنى، فولكلور توپلىغۇچى مىروسلاۋرىبويىچۇكلارنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىكەن. خەلق بۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇيدىكەن.

1962-يىلدىن بۇيان بۇ ئانسامبلغا ن. ۋلىسنېكو نامىدىكى لىۋوۋ دۆلەتلىك مۇزىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دىرىژور-خور ئۇستىسى، خەلق ئېغىز ئىجادىنى زېرىكمەي يىغقۇچى، ئوكرائىنانىڭ داڭلىق ئارتىسى، ئۇكرائىنانىڭ دۆلەتلىك مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان ت. گ. شېۋچېنكو ئاندرىي كوشنارېنكو رەھبەرلىك قىلىپ كەلمەكتە.

ئانسامبلنىڭ جاي ،مەزمۇن ۋە ھەرخىل شەكىلگە ئىگە ئويۇنلىرى — خەلق ناخشىلىرى، ئۇسسۇللىرى، كلاسسىك خور، ئىنستىرۇمېنتال مۇزىكىلىرى (چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن بېجىرىلىدىغان مۇزىكا) قېرىنداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ كەڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغانىكەن.

# ئوكرائىنا جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇكوۋىن ئاكادېمىيە ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبلى

بۇكوۋىن — قەدىمكى سلاۋيانلار ماكانى، ئوكرائىنانىڭ گۈزەل زېمىنى. ئۇ يەردە يىلنىڭ تۆت پەسلى، مەيلى قىش، مەيلى ياز، مەيلى باھار، مەيلى كۈز ئوخشاشلا گۈزەللىككە چۆمگەن. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئادەمدە بىرخىل زوق ۋە ئىشتىياق تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ.

1944-يىلى مانا شۇنداق بىر گۈزەل زېمىندا چېرنوۋىتس ئوبلاستلىق مۇزىكا ئەترىتى قارىمىقىدا بۇكوۋىن ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبلى بارلىققا كەلگەن. ھازىرغا قەدەر ئوكرائىنادا بۇ ئانسامبلنىڭ بارمىغان يېرى يوق. ئۇنىڭ سەنئەتتىكى ماھارىتى موسكۋا، لېنىنگراد، مورمانسك ۋە ۋوركۇتا، ئومسك، شۇنداقلا كوكچېتاۋدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ قىزغىن ئاپىرىن ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇ كامچاتكىدىكى بېلىقچىلارنىڭ، تېرىقچىلارنىڭ، ئورالدىكى مېتال ئىشچىلىرىنىڭ، دونباستىكى خالىڭ ئىشچىلىرىنىڭ، يىراق شىمال ۋە يىراق شەرق ئاھالىسىنىڭ، شۇنداقلا سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدىكى بارچە ئەمگەكچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىش ساداسىغا سازاۋەر بولغان.

ئانسامبل ر. س. ف. س. ر، قازاقىستان، ئېستونىيەلەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئوكرائىنانىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتناشقان، سوۋېت-فىنلاندىيە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن فىنلاندىيىدە سايمېن قانلى ئىشچىلىرىغا ئويۇن قويغان (1966-يىل)، رۇمىنىيە

## تۆتىنچى باب

# لىتۋا زېمىندىكى بىلىم ۋە زىيارەت

سوۋېت مۇزىكا سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قوشقان تۆھپىلىرى ئۈچۈن 1969-يىلى 7-ئاينىڭ 4-كۈنى ئۇكرائىنا ئالىي سوۋېتى پرېزىدىئومىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن بۇ كوۋىن ئانسامبلىغا ئۇكرائىنا سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئاكادېمىك ئانسامبلى دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە مەملىكەت ئىچىدىكى كەسپىي سەنئەت كوللېكتىپلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقە-كۆرەكلىرىدە ئىككى نۆۋەت مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ھەرخىل كۆرەك ۋە سەنئەت بايراملىرىغا ئاكتىپ قاتناشقانلىقلىرى ئۈچۈن ر س ف س ر ئالىي سوۋېتى پرېزىدىئومى، قازاقىستان، مولداۋىيە، ئېستونىيە، ئۇكرائىنا ۋە باشقىرت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولغان.

ئۆزىنىڭ جۇشقۇن سەنئەت ماھارىتى بىلەن بۇ ئانسامبل يېڭى لىباسقا پۈركەنگەن زېمىننى مەدھىلىمەكتە، مىللىي تانسا ۋە ناخشىلىرى ئارقىلىق ئەمگەكچىلىرىنى ئىنسانلارنىڭ بەختى ۋە تېنچلىقى ئۈچۈن يېڭى-يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرماقتا ئىكەن.

كىروۋ نامىدىكى لېنىنگراد ئوپېرا بالېت ئاكادېمىيە تىياتىرى 1860 — 1880-يىللاردا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ تىياتىر ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىكەن. قىسقىسى، يۇقىرىقى ئاكادېمىيە تىياتىر ئەزالىرى سەنئىتىمىز ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ئىشچى-دېھقان ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن دېگەننى ئۆزلىرىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلىدىكەن.

# مۇقەددىمە

7-ئاينىڭ 26-كۈنى لېنىنگراد ۋاقتى سائەت 23 تىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، لېنىنگراد-بېرلىن پويىزىغا ئولتۇرۇپ لىتۋاغا سەپەر قىلدۇق، بۇ سەپەردە خۇش پۇراق چېچەپ تۇرغان كۆركەم ئاق قېيىن، قىزىل قارىغايلىق ئىچىدىكى 708 كىلومېتىرلىق لىنىيىنى بېسىپ كېتىۋېتىپ، ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقىنىڭ قەھرىمان لېنىنگراد خەلقىگە بولغان دوستلۇق سالىمىنى يەتكۈزۈش جەريانىدىكى زىيارەت خاتىرەمنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ، لېنىنگرادنى قايتا زىيارەت قىلغاندەك ھېسسىياتقا چۆمدۈم.

لېنىنگراد ھەقىقەتەن نىۋا دەرياسى بويىدىكى ئاجايىپ گۈزەل شەھەر، روسىيىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى مۇشۇ شەھەرنىڭ نامى بىلەن زىچ باغلانغان، بۇ شەھەر ئۈچ ئەۋلاد رۇس ئىنقىلابچىلىرى ياشىغان ۋە كۈرەش قىلغان، دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ داھىيسى ۋە ئۇستازى، تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇرغۇچى ئۇلۇغ لېنىن ياشىغان ۋە مۆجىزىلەر ياراتقان شەھەر. لېنىنگراد دۇنيا تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان گىتلېر فاشىزمىنىڭ 900 كۈنلۈك مۇھاسىرىسىگە غەلىبىلىك تاقابىل تۇرغان شەھەر. 1941-، 1945-يىللىرىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە لېنىنگرادلىقلارنىڭ كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. لېنىنگراد تىرادىتسىيە بىناكارلىق ئەمگەك ئەنئەنىلىرىنىڭ شەھىرى، داڭلىق زاتلار شەھىرى، دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر پورت،

جەمەتلەردە داۋاملىق مۇناسىۋەت قىلىشنى خالايمىز ۋە جۇڭگودىن ئۆگىنىمىز. ۋىلنيۇس شەھىرىدە 92 مىللەت بار، %50 ى لىتۋا مىللىتى، %22 ى رۇس، %18 ى پولەك، %10 ى قالغان مىللەتلەر. مەدەنىيەت، سانائەتتە ھەرقايسى مىللەتنىڭ رولىنى ئوخشاش جارى قىلدۇردۇق، خەلقنىڭ %30 ى سانائەت ئىشچىسىدۇر. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە لىتۋا، رۇس، پولەكتىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىل ئاساس قىلىنىدۇ. شەھىرىمىزدە 700 مىڭ ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ %80 ى يېڭى بىنالارغا كۆچۈپ بولدى. نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا كەلسەك، رېسپۇبلىكا بويىچە گېزىت-ژۇرنال، كىتاب، رادىئو، تېلېۋىزوردا ئۈچ خىل تىل ئىشلىتىلىدۇ، ھەربىر لىتۋا خەلقىگە ئىككىدىن گېزىت-ژۇرنال توغرا كېلىدۇ، ھەممە ئائىلىلەردە تېلېۋىزور، رادىئو ئومۇملاشتى. 13 توملۇق لىتۋا ئېنسىكلوپېدىيىسىنى چىقاردۇق. جۇڭگونىڭ ئالىم، يازغۇچىلىرىدىن لىۋ شياۋچى، لۇشۈن، جاۋ شۇلى، ماۋدۇن، باجىن، ئەي سىچى قاتارلىق 34 كىشىنىڭ 500 مىڭ نۇسخا ئەسىرىنى نەشر قىلدۇق. ھەر يىلى 19 تىلدا 10 مىڭ نۇسخا دۇنيا ئەدەبىياتى چىقىرىمىز.

ئۇلار بىزگە يەنە لىتۋانىڭ تارىخى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. لىتۋانىڭ تارىخى توغرىسىدا خېلى ئوبدان چۈشەنچە ھاسىل قىلدۇق. ئۇلار بىزگە لىتۋا مەدەنىيەت تارىخىغا، ئارخېئولوگىيە يادىكارلىقىغا دائىر كىتاب، رەسىملىك ژۇرنال، خاتىرىلەرنى تەقدىم قىلدى ھەم مۇنداق دېدى: لىتۋالىقلاردا ئەزەلدىن ئۆز مېھمانلىرىنى كەڭ قوللۇق بىلەن كۈتۈش ئادىتى بار، لىتۋا خەلقى جۇڭگولۇق دوستلارنىڭ، ئالىملارنىڭ، سەنئەتكارلارنىڭ، دىپلوماتلارنىڭ، ئىش يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ كۆپلەپ كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشىنى قارشى ئالىدۇ، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان. لىتۋانىڭ مەدەنىيەت تارىخى مەن

ئۇ سوۋېت مەملىكىتىنىڭ ئەڭ چوڭ سىياسىي، ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى. سوۋېت دۆلىتى، سوۋېت ۋەتىنى بۇ شەھەرنىڭ ئۇرۇش قەھرىمانلىرىغا، ئەمگەك نەتىجىلىرىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەن، شۇڭا لېنىنگرادنىڭ بايرىقىدا قەھرىمانلىقنىڭ نىشانى — ئالتۇن يۇلتۇز ئوردېنى، ئىككى لېنىن ئوردېنى ۋە بىر قىزىل بايراق ئوردېنى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي ئوردېنلىرى نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۇلۇغ لېنىن نامى بىلەن ئاتىلىشقا تامامەن مۇناسىپ.

ئەتىسى سائەت 11 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە ۋىلنىيۇس شەھىرىنىڭ ئىستوس ۋوگزالىغا يېتىپ كېلىپ، نىسلىۋا دەرياسى بويىدىكى لىتۋا مېھمانخانىسىغا چۈشتۇق.

## لىتۋا ھەققىدە سۆز

7-ئاينىڭ 28-كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى يېرىمدا، لىتۋانىڭ چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش جەمئىيىتى سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى بىناسىنىڭ پەۋقۇلئاددە مېھمان كۈتۈش زالىدا تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا لىتۋا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، پارتىيە ئورگان مەسئۇللىرى، ۋىلنىيۇس شەھەر باشلىقى، لىتۋا پىلان كومىتېتىنىڭ باشلىقى، لىتۋا مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات-نەشرىيات ئىشلىرى مەسئۇلى، لىتۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرنەچچە نەپەر پروفېسسورلىرى قاتناشتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرى بىلەن مەدەنىيەت، تېخنىكا

توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يازما مەلۇمات كۆپىرلىنبۇرگ يىلنامىسىدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ۋاقتى 1009-يىلغا توغرا كېلىدىكەن. رۇسلار بۇ جاينى قەدىمدىن "لىتۋا" دەپ ئاتاپ كەلگەن (يازما قوللانمىلاردا 1040-يىلى تۇنجى قېتىم شۇ نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان) ئىكەن.

گېئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە قارىغاندا، مىليون يىللار ئىلگىرى بۇ يەرنى مۇز ۋە سۇ قاپلاپ تۇرغان، كېيىن بۇ يەرگە چوڭ مۇزلۇقلار يۆتكىلىپ كەلگەن، بۇنىڭ ئىزلىرى دەريا قىرغاقلىرىدا، دۆڭلۈكلەردە، قىيا تاشلاردا ھازىرمۇ ساقلىنىپ قاپتۇ. كېيىن تەدرىجى ھالدا لىتۋانىڭ ھازىرقى يەر تۈزۈلۈشى شەكىللىنىپتۇ. لىتۋادىكى ئەڭ ئېگىز چوققا — يۇئوزاپىنى دۆڭلۈكى بولۇپ، ئېگىزلىكى ئاران 294 مېتىر كېلىدىكەن، بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭقۇر كۆل — ئائۇرانكاس كۆلى (چوڭقۇرلۇقى 60.5 مېتىر)، ئەڭ چوڭ كۆل — رۇكشاي كۆلى (كۆلىمى 42.3 كۋادرات كىلومېتىر) ئىكەن، كېلىماتى مۆتىدىل ئىكەن.

لىتۋا تېررىتورىيىسىنىڭ 70% تىن كۆپرەكى نېمان دەرياسى ۋادىسىغا (نېمان دەرياسى لىتۋادىكى ئەڭ چوڭ دەريا ھېسابلىنىدۇ) جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى زامانلاردا لىتۋا نېمان رايونى دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەنىكەن. نېمان دەرياسى لىتۋا ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. قەدىمكى زامانلاردا لىتۋا خەلقى ئۆزلىرىنىڭ چەت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ۋە سودا ئالاقىلىرىنى سۇ يولى ئارقىلىق بېجىرىپ كەلگەن، نېمان دەرياسى تەبىئىي توساق سۈپىتىدە بۇ يەرنى غەربىي ياۋروپا ئىستىلاچىلىرىنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ساقلاپ كەلگەن. بۇ دەريا لىتۋا ئەجدادلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان، مۇھاپىزەت قىلغان ۋە پۈتۈن دۇنياغا لىتۋالىقلارنىڭ خەۋەرلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرغان، لىتۋا خەلقىنى دۇنيادىن خەۋەردار قىلىپ تۇرغان.

كىشىلەر لىتۋانى كۆللەر ماكانى دەپمۇ ئاتىشىدىكەن، كۆللەرنىڭ

ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر يېڭىلىق بولدى. لىتۋا بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئۈچ جۇمھۇرىيەت ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى. لىتۋا غەربىي بالتىق دېڭىزى بويىغا قەدەر سوزۇلغان بولۇپ، دېڭىز لىنىيىسى 99 كىلومېتىر كېلىدىكەن. شىمالدا لاتۋىيە بىلەن (چېگرا لىنىيىسى 610 كىلومېتىر)، شەرق ۋە جەنۇبتا بېلورۇسسىيە بىلەن (چېگرا لىنىيىسى 724 كىلومېتىر)، غەربىي جەنۇبتا پولشا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن (چېگرا لىنىيىسى 110 كىلومېتىر) ۋە ر س ف س ر نىڭ كالىنىنگراد ئوبلاستى بىلەن (چېگرا لىنىيىسى 303 كىلومېتىر) چېگرىداش ئىكەن.

لىتۋانىڭ تېررىتورىيىسى غەربتىن شەرققە 400 كىلومېتىر چامىسىدا، شىمالدىن جەنۇبقا 300 كىلومېتىر كېلىدىكەن. لىتۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆلىمى 65 مىڭ 200 كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 3 مىليون 603 مىڭ 200 (1986-يىلى 1-يانۋاردىكى سانلىق مەلۇمات بويىچە) ئىكەن. جۇمھۇرىيەت پايتەختى ۋىلنىيۇس بولۇپ، پۈتۈن جۇمھۇرىيەت تېررىتورىيىسى 44 مەمۇرىي رايونغا بۆلۈنىدىكەن. جۇمھۇرىيەتتە 92 شەھەر (بۇنىڭ ئىچىدە 11 شەھەر جۇمھۇرىيەتكە قاراشلىق شەھەرلەر) ۋە 22 شەھەر تىپىدىكى يېزا بار ئىكەن.

لىتۋا جۇمھۇرىيىتى 1965-يىلى لېنىن ئوردېنى بىلەن، 1972-يىلى مىللەتلەر ئىتتىپاقى ئوردېنى بىلەن، 1980-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىنىپتۇ.

تىلشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، "لىتۋا" دېگەن بۇ نام ھەممە خەرىتىلەردە كۆرسىتىلىشى ناتايىن بولغان "لىتۋا" ناملىق كىچىك بىر دەريا نامىدىن ئېلىنغان، دەسلەپ شۇ دەريا بويىغا جايلاشقان زېمىنلا "لىتۋا" دەپ ئاتالغان، كېيىن پۈتكۈل رايون "لىتۋا" دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان (13-ئەسىردە لىتۋا دۆلىتى قۇرۇلغانغا قەدەر). "لىتۋا" دېگەن بۇ نام

تۇمشۇق دېڭىزغا 100 كىلومېتىردەك ئۇسۇپ كىرىپ، كۆرىشسك بوغىزنى بالتىق دېڭىزىدىن ئايرىپ تۇرىدىكەن.

قەدىمدە كۆرشيو نېرىپ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ تۇمشۇق تامامەن ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، لىتۋالىقلار بۇ ئورمانلارنى مۇقەددەس دەپ ھېسابلايدىكەن. ئەپسۇسكى، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئورمانلار بارا-بارا ۋەيران بولغان، ئۇنىڭ ئورنىدا شەكىللەنگەن قۇملۇقلاردا تەبىئەت ئۆز كاراماتىنى كۆرسىتىپ كەلگەن. دېڭىز شامىلى ھەتتا ئېگىزلىكى 60 مېتىر كېلىدىغان قۇم دۆڭلىرىنى ھاسىل قىلغان، قۇم دۆۋىلىرى ئەتراپتىكى بىر مۇنچە يېزىلارنى بېسىپ كەتكەن. پەقەت 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا كىشىلەر بۇ يەردە ئورمان بىنا قىلىشقا كىرىشكەن، تەبىئەت بىلەن بولغان بۇ كۆرەشتە كىشىلەر غەلىبە قازانغان. بۈگۈنكى كۈندە كۆرىشسك تۇمشۇقىنىڭ مەنزىرىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ.

لىتۋا يەنە چىنارلىقلىرى بىلەن داڭلىق ئىكەن. لىتۋا ئەجدادلىرى چىنار دەرەخلىرىنى گويا بىر مۇقەددەس نەرسە قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەنىكەن. ھازىر چىنارلىقلارنىڭ كۆلىمى ئورمان كۆلىمىنىڭ %1.5 نى ئىگىلەيدىكەن، لىتۋالىقلار چىنار دەرىخىنى مىللەت دەرىخى، كۈچ-قۇدرەتنىڭ سىمۋولى دەپ ھېسابلايدىكەن. لىتۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گېربى چىنار يوپۇرماقلىرى بىلەن بېزەلگەن. لىتۋالىقلار مۇسابىقىلەردە غەلىبە قازانغانلارنى چىنار يوپۇرمىقىدىن ياسالغان گۈل چەمبىرەك بىلەن تەقدىرلەيدىكەن. ھازىر جۇمھۇرىيەت بويىچە 130 تۈپ چىنار دەرىخى تارىخىي يادىكارلىق قىلىپ بېكىتىلىپتۇ.

لىتۋا تېررىتورىيىسىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 4000-، 8000-يىللارغا تەۋە قەدىمكى ئادەملەرنىڭ تۇرار جاي قالدۇقلىرى تېپىلغان. مىلادىدىن

كۆپ قىسمى جۇمھۇرىيەتنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرقىي لىتۋا بولسا بىر تۇتاش كۆللەر ماكانى، جۇمھۇرىيەت بويىچە 4000 دەك چوڭ-كىچىك كۆل بار ئىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە 2500 كۆلنىڭ كۆلىمى بىر گېكتاردىن يۇقىرى كېلىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئــىگىلىكنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە نۇرغۇن سۇ ئامبارلىرى ياسىلىپ، گۈزەل ئىستىراھەت ئورۇنلىرىغا ئايلانغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئامبىرى كائۇناس شەھىرى ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ، كائۇناس دېڭىزى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن (كۆلىمى 63.5 كۋادرات كىلومېتىر).

كىشىلەر لىتۋانى قەھرىۋا ماكانى دەپمۇ ئاتىشىدىكەن، گەرچە قەھرىۋا دۇنــيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن چىقسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق مىللەتنىڭ فولكلورىدا، ئەدەبىياتىدا ۋە سەنئىتىدە لىتۋادىكىدەك بۇنداق مۇھىم ئورۇن ئىگىلىمەيدىكەن، لىتۋا قەھرىۋاسى ئەڭ قەدىمىي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان. "لىتۋا ئالتۇنى"نىڭ نەپىس-ئېسىللىقى ھەرقايسى ئەل سودىگەرلىرىنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ، ئۇلارنىڭ بالتىق دېڭىزىنىڭ شەرقىگە كېلىشىگە سەۋەب بولغان. بۇ يەردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار، ئەر-ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى، ئىگەر-جابدۇق، قورال-ياراقلاردىكى نەقىش-زىننەتلەر قەدىمكى زاماندا بالتىق دېڭىزى بويىدا ئولتۇراقلاشقان خەلقنىڭ قەھرىۋاغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىكەن.

بالتىق دېڭىزى — لىتۋانىڭ تاشقى دەرۋازىسى. لىتۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ كلايپېد ناملىق قىشتا توڭلىمايدىغان دېڭىز پورتى بار ئىكەن. بۇ يەردە دېــڭــىز پـاراخوتلىرى رېمونت قىلىنىدىكەن. جۇمھۇرىيەتنىڭ سودا ۋە بېلىقچىلىق كېمىلىرى شۇ پورتتىن دېڭىز ۋە ئوكيانغا چىقىدىكەن. بۇ پورت تەبىئىي كۆرنىشىك تومشۇقى ئارقىلىق دېڭىزدىن ئايرىلىپ تۇرىدىكەن، كــەڭــلىكى 500 مېتىردىن تۆت كىلومېتىرغىچە كېلىدىغان بۇ تەبىئىي

رېچ پوسپولىت دۆلىتى بارا-بارا باشقا ئەللەرگە قەرزگە بوغۇلۇپ، روسىيە، ئاۋستىرىيە ۋە پروسسىيەدىن ئىبارەت ئۈچ ئىمپېرىيىنىڭ ئاشۇ ھالەتتىن پايدىلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئۈچ ئىمپېرىيە خارابىلىشىشقا يۈزلەنگەن لىتۋانى ئۈچ قېتىم ئۆزئارا بۆلۈشكەن، ئاخىرى 1795-يىلى ئۇنى رەسمىي بۆلۈشۈۋالغان.

ياۋروپادا فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن مىللىي ۋە ئىجتىمائىي ئازادلىق يولىدىكى ھەرىكەتلەر ئەۋج ئېلىشقا باشلىغاندا، روسىيە ئىمپېرىيىسىدىكى ئېزىلگەن خەلقمۇ بۇ كۈرەشكە ئاتلانغان، جۈملىدىن 1831-، 1863-يىللىرى لىتۋا خەلقىمۇ چار پادىشاھىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭغا قاتناشقان. 1861-يىلى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنىشى بۇ يەردىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغان. 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ يەردە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى شەكىللىنىشكە باشلىغان، بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان دېموكراتىك قاتلاملار كېيىنچە پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ھەرد  ىتىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. 1895-يىلى لېنىن ۋىلنيۇس شەھىرىگە كېلىپ، يەرلىك ئىنقىلابچىلار بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەشنى قانداق ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىزم خاراكتېرىدىكى كىتاب-گېزىتلەرنى قانداق تارقىتىش توغرىسىدا پىلان تۈزگەن. 1896-يىلى ۋىلنيۇس شەھىرىدە لىتۋا سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى قۇرۇلغان ۋە ماركسىزم ئىدىيىسىنى ياقلىغان لىتۋالىقلار روسىيىدىكى خەلقنىڭ پادىشاھ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىغان ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان. 1900-يىلى گېرمانىيىدە، لېيپسىگدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان رۇس تىلىدىكى ماركسىزمچە گېزىت «ئۇچقۇن» مەخپىي ھالدا لىتۋا ئارقىلىق پۇتكۇل روسىيىگە تارقىلىشقا باشلىغان.

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن لىتۋا ئىشچىلار سىنىپى

بــۇرۇنــقى 3000-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربىي جەنۇب تەرەپتىن لىتۋا ئېررىتورىيىسىگە ھىندى-ياۋروپا تىل ئائىلىسىگە ياتىدىغان بىر قىسىم خەلقلەر كېلىپ ئورۇنلاشقان. كېيىنچە، ئۇلار شۇ يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ، بارا-بارا بۇ يەردە بالتا دەپ ئاتىلىدىغان (شۇلار ياشىغان دېڭىزنىڭ نامى) قەبىلە شەكىللىنىشكە باشلىغان، مىلادى 1000-يىللىرىدا بالتا قەبىلىلىرى ئۇيۇشۇشقا باشلىغان. لىتۋا ياكى ئاكۇكشايىت قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى نېمان دەريــاسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىن نىيارىس دەرياسىغىچە بولغان دائىرىدە ماكانلاشقان ۋە بۇ يەردە بىرخىل خاس مەدەنىيەت ياراتقان، شۇنداق قىلىپ ھازىرقى لىتۋا مىللىتىنىڭ يادروسى شەكىللەنگەنىكەن. لىتۋانىڭ تۇنجى كــىنــەزى مىندوۋگ 1236-، 1240-يىللىرى پۈتكۈل لىتۋانى بىرلىككە كــەلتۈرگەن، لېكىن ئۇ 1263-يىلى رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئاندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچكى نىزا، ئىچكى قالايمىقانچىلىقلاردىن كېيىن، 13-ئــەسىرنىڭ ئاخىرىدا قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كىنەزلەر ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، دۆلەت ئېررىتورىيىسىنى كېڭەيتكەنىكەن. لىتۋا كىنەزلىكى كىنەز ۋىتوۋتا دەۋرىدە ئەڭ زور قۇدرەت تاپقان (1392-، 1430-يىللار). ئۇلۇغ لىتۋا كىنەزلىكىنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىنىڭ بىرى شۇ بولغانكى، ئۇلار ئالتۇن ئوردىنىڭ غەربكە سىلجىشىنى توراپ قالغان (13-، 14-ئەسىرلەردە).

14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، پولشا ماگناتلىرى لىتۋانى ئۆز تەسىر دائىرىسىگە ئېلىشنى قەستلىگەن. 1447-يىلدىن باشلاپ لىتۋا بىلەن پولشا ھۆكۈمرانلىرى لىتۋانى ئىككىگە بۆلۈپ ئىدارە قىلغان، 1569-يىلى بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاق تۈزۈلۈپ، ئىككى دۆلەت رەسمىي يوسۇندا رېچ پوسپولىت دۆلىتى بولۇپ بىرلەشكەن. ئەپسۇسكى، لىتۋا بۇ دۆلەت تەركىبىدە ئۆز مۇستەقىللىقىنىلا ئەمەس، بەلكى نامىنىمۇ ساقلاپ قالالمىغان. ئىچكى جەھەتتىكى سىياسى پۇرسەتپەرەسلىك نەتىجىسىدە،

قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1950-يىلى جۇمھۇرىيەت سانائىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىللاردا خەلق ئىگىلىكى ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان، ماشىنىلاشقان. قېرىنداش مىللەتلەر مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، يەرلىك كادىرلارنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. لىتۋانىڭ باشقا ئەللەر بىلەن بولغان تېخنىكا مۇناسىۋىتى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ھەمكارلىقى ۋە ئۆزئارا دوستلۇقى يىلدىن يىلغا مۇستەھكەملەنگەن ۋە كۈچەيگەن. بۇلار لىتۋانىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ گۈللىنىشىدىكى ئاساس بولۇپ قالغان. ھازىر جۇمھۇرىيەتتىكى ئومۇمىي ساۋات چىقىرىش مەكتەپلىرىنىڭ %90.6 ى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم بىنالىرىنىڭ %80 ى، كەسپىي-تېخنىكا مەكتەپلىرى بىناسىنىڭ ھەممىسى، داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش ئورۇنلىرىنىڭ %86ى، مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى ۋە قىرائەتخانىلارنىڭ %90ى ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىللاردا بىنا قىلىنىپتۇ.

## ۋىلنيۇس شەھرى

7-ئاينىڭ 27-كۈنى سائەت بىردىن باشلاپ لىتۋانىڭ پايتەختى ۋىلنيۇس شەھرىنى زىيارەت قىلىشقا باشلىغانىدۇق. ۋىلنيۇس ھەقىقەتەن تولىمۇ چىرايلىق، گۈزەل شەھەر ئىكەن. لىتۋا مىللىتىنىڭ ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى گىدىموسنىڭ 14-ئەسىردە لايىھىلىگەن ئەنئەنىۋى ئارخىتېكتور شەكلىدىكى قەدىمىي ئىمارەتلىرى خۇددى چىمەنزارلىق ئىچىدە بوينىغا

سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇش يولىدىكى كۈرەشكە ئاتلانغان، 1918-يىلى 16-دېكابىر كۈنى ۋىلنيۇس شەھىرىدە لىتۋا سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ، يەنى ئىشچى-دېھقانلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان، شۇنىڭ بىلەن لىتۋا فېئودالىزم دەۋرىدە يىمىرىلگەن دۆلىتىنى قايتىدىن قۇرغان. ئەپسۇسكى، بۇ ھاكىمىيەت ئۇزاق تۇرالمىغان، ئىچكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار ۋە تاجاۋۇزچىلار بۇ ھاكىمىيەتنى تۇنجۇقتۇرۇۋەتكەن.

1919-، 1940-يىللارغا قەدەر لىتۋا بۇرژۇئا-پومېشچىكلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەت بولۇپ تۇرۇۋەرگەن. بۇ دەۋردە ھۆكۈم سۈرگەن تىنتىش ۋە تېررورلۇق 1918-يىلى قۇرۇلغان لىتۋا كومپارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنى بوغۇۋېتەلمىگەن. بۇ دەۋردە، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتكەن، 1940-يىلى لىتۋادىكى ئىشسىزلارنىڭ سانى 70 مىڭغا يېتىپ بارغان. 1940-يىلى 21-ئىيۇلدا دېموكراتىك سايلام ئاساسىدا سايلاپ چىقىلغان خەلق ۋەكىللىرى كېڭىشى تارىخىي ئەھمىيەتلىك دۆلەت تۈزۈمى دېكوراتسىيىسىنى ماقۇللاپ، لىتۋانى سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەت دەپ جاكارلىغان. لىتۋا خەلقىنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرى 1940-يىلى 25-ئاۋغۇستتا ماقۇللانغان لىتۋا سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مۇقىملاشتۇرۇلغان.

ئەپسۇسكى، لىتۋادا ئەمدى قانات يېيىشقا باشلىغان تارىخىي ئىسلاھاتلار نېمىس فاشىستلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇشتۇمتۇت تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان. 1944-يىلى 13-ئىيۇلدا لىتۋانىڭ پايتەختى ۋىلنيۇس شەھىرى، 1945-يىلى 28-يانۋاردا كلايپېد شەھىرى ئازاد قىلىنغان. لىتۋا جۇمھۇرىيەت تېررىتورىيىسىدىكى دۈشمەنلەر ئۈزۈل-كېسىل تازىلانغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋەيران قىلىنغان ئىگىلىك

ھەپتىدە بەش كۈن ئىشلەپ، ئىككى كۈن دەم ئالىدىكەن. زاۋۇتنىڭ بالتىق دېڭىزى بويىدىكى 200 كىشىلىك ساناتورىيىسىدە ھەربىر ئىشچى يىلىغا ئىككى ئايدىن دەم ئالىدىكەن. موسكۋادىكى لېنىن مۇزېيىنىڭ جاھازلىرىنى، لېنىنگرادتىكى ئېرمىتاژ مۇزېيىنىڭ جاھازلىرىنى، كىيېۋدىكى دۆلەت مۇزېيىنىڭ جاھازلىرىنى مۇشۇ زاۋۇت ياسىغانىكەن. زاۋۇت ئىشچىلارغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ھەربىر سېختا بىردىن رېستوران-قەھۋەخانا قۇرۇپ، ئىشچىلارغا بازار نەرقىدىن 40% ئەرزان سېتىپ بېرىدىكەن. يىلىغا ئىككى قېتىم پۇلسىز كىيىم بېرىدىكەن. 30 ياشتىن تۆۋەن 600 ئىشچى ھەرخىل مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىپتۇ. 170 ئىشچى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش قەھرىمانلىرى ئىكەن. زاۋۇت يىللىق كىرىمىنىڭ 20%نىلا يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ، قالغان قىسمىنى ئۆزى ئىشلىتىدىكەن.

1979-يىلى لىتۋا ئۆي جاھازلىرى سانائىتىنىڭ 400 يىللىق مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۆي جاھازلىرى ئىشلەپچىقىرىش لىتۋادا تۇنجى قېتىم 16-ئەسىرلەردە يولغا قويۇلغانلىقى مەلۇم، كېيىن بۇ ئىش شۇ مىللەتنىڭ بىر ئەنئەنىسى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، بارغانسېرى تېخىمۇ زور شۆھرەت قازىنىپتۇ. 18-، 19-ئەسىرلەردىلا ۋىلنيۇس شەھىرىدە ئۆي جاھازلىرى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىغان. ئۇ ھازىر بالتىق دېڭىزى ئەتراپىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ زور كارخانا ھېسابلىنىدىكەن. ئانچە ئۇزاق بولمىغان كەلگۈسىدە ئۇنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 50 مىليون رۇبلىغا يېتىشى ئەمەلىيەتتىن ئانچە يىراق ئەمەسكەن. بۇ كومبىنات ھازىر لىتۋا جۇمھۇرىيەتلىك سودا پالاتاسىغا ئەزا ئىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى بازارلىرىدا، شۇنداقلا خەلقئارا بازارلاردا ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىكەن. ھازىر بۇ كومبىناتتا ئىشلەنگەن ئۆي

مەرۋايىت تاقىۋالغان لىتۋا قىزلىرىدەك، مېھمانلارنى تەبەسسۇم بىلەن ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ تۇرىدىكەن.

17-ئەسىردىكى ئالېكساندىر چېركاۋىسى جايلاشقان كونا شەھەر كوچىسى بىلەن كافسوكوس مەيدانىغا ئۆتتۇق. ھازىر بۇ كوچا گوركىي نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن. چۈنكى، بۇ كوچىنىڭ 27-نومۇرلۇق قورۇسىدا گوركىي بىرنەچچە زامان تۇرۇپ، ئەمگەكچان لىتۋا خەلقىنىڭ جاپالىق ھاياتىنى ئۆگەنگەن. كېيىن «كىشىلەر ئىشكىدە» دېگەن ئەسىرىنى يازغانىكەن.

كافسوكوس مەيدانىغا كىرىشىمىز بىلەنلا بىزنى قىزىقتۇرغىنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىمەنزارلىقتا ئورنىتىلغان 15 مېتىر ئېگىزلىكتىكى كافسوكوسنىڭ قامەتلىك ھەيكىلى بولدى. كافسوكوس سوتسىيالىستىك لىتۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇنجى رەئىسى بولغان، لېنىن رەھبەرلىكىدە، لىتۋادا تۇنجى قېتىم بولشېۋىكلار پارتىيىسىنى قۇرغان. لىتۋادا بىر ئالىي مەكتەپ، باللار باغچىسى، بىر مۇزېي، 21 ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ، بىرقانچە پويىز ئېترەتلىرى كافسوكوس نامىدا ئاتىلىدىكەن. 1950-يىلى لېنىن مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا لېنىننىڭ ھەيكىلى، شەرق تەرىپىگە 1944-يىلى لىتۋا خەلقىنى نېمىس فاشىستلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇلدۇرغان مارشال چېرنىا خوۋسكىنىڭ ھەيكىلى تۇرغۇزۇلۇپتۇ.

7-ئاينىڭ 29-كۈنى سائەت 12 دە لىتۋا تۇرمۇش ماتېرىياللىرى زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، سېلىنغىنىغا 200 يىل بولغان بۇ بىنانىڭ مەجلىسخانىسىدا زاۋۇت باشلىقى زاۋۇتنىڭ تەرەققىيات تارىخى، تەركىبى، ئويما جازىلىرى سانائىتىنىڭ س س س ر ۋە خەلقئارا بازاردا تۇتقان ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تونۇشتۇردى.

بۇ زاۋۇتتا 2500 ئىشچى بولۇپ، 17 مىللەتتىن تەركىب تاپقان،

## بەشىنچى باب

# ئوكرائىنا زېمىنىدىكى بىلىم ۋە زىيارەت

جاھازلىرى پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەممە جۇمھۇرىيەتلىرىدە ناھايىتى تېز سېتىلىپلا قالماي، بەلكى ئەنگلىيە، گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى، پولشا، ۋېنگرىيە، ئانگولا دا ھەم باشقا مەملىكەتلەردىمۇ قىزغىن ئالقىشقا ئېگە ئىكەن. بۇ كومبىناتنىڭ ئۆي جاھازلىرى لوندون، پارىژ، لېيپسىگ، ۋارشاۋا، بىرىيۇسسېل قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىلەرگە قويۇلۇپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپتۇ.

7-ئاينىڭ 29-كۈنى كەچ سائەت توققۇزدا لىتۋا سوۋېت-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى دوستلۇق زىياپىتى ئۆتكۈزدى. زىياپەت زالىنىڭ ئالدىغا ئېلېكتىرونلۇق كۆرسەتكۈچ تاختىيىغا ”جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قارشى ئالىمىز! سىلەرنىڭ لىتۋادىكى كۈنۈڭلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىگە تىلەكداشمىز“ دېگەن خەتلەر يېزىلغان پىلاكات ئېسىلغان.

زىياپەتتە دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قەدەھ سۆزى قىلىپ، لىتۋا بىلەن جۇڭگودىن ئىبارەت ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى قەدىرلەيمىز، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات تەجرىبىسىنى ئۆگىنىمىز، بۇرژۇئا دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىقىغا تەنقىدىي قارايمىز، دوستلارنىڭ كۆپرەك تەنقىدىي پىكىر قالدۇرۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، دېدى. ن. ن. ئالىيوشا ئىسىملىك ئىككى ياش قىزغىن كەيپىيات، يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن ياشىسۇن جۇڭگو بىلەن لىتۋا ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى، گىتلېر فاشىزمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان قەھرىمان لىتۋا خەلقى نامىدىن ياپون فاشىزمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان قەدىردان جۇڭگو خەلقىغە سالام، دېيىشتى.

# لېنىن مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە

7-ئاينىڭ 30-كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە ئايروپىلان بىلەن ئۇكرائىنانىڭ مەركىزى كىيېۋ شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، كرىبىساچىك كوچىسىدىكى دۆلەتلىك لېنىن مۇزېيىنىڭ ئالدىدىكى خەلقئارا مېھمانخانىغا چۈشتۇق.

تاماقتىن كېيىن بىزنى كۈتۈش ۋە پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولغان ئۇكرائىنا-جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، پروفېسسور گرىنا تۆۋەندىكىچە ئەھۋال تونۇشتۇردى:

"كىيېۋ شەھرىدە كرىبىساچىك كوچىسى ئۆز بېشىدىن شانلىق تارىخىي دەۋرلەرنى، شۇنداقلا قانلىق پاجىئەلەرنى كەچۈرگەن، ئۇكرائىنا خەلقى لېنىن بايرىقى ئاستىدا ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىي دەۋرىنى ياراتقان، لېنىن مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە".

1919-يىلى 17-سېنتەبىر كۈنى ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن ئۆز قولى بىلەن ئۇكرائىنا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى قۇرۇپ بەرگەن. ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى ئىلىم-پەن ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرقانچە قېتىم يازما يوليورۇق بەرگەن. 12-، 13-ئەسىرلەردە تاتارلار، موڭغۇللار بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن كرىبىساچىك كوچىسىدىكى ئاسارئەتىقە، چېركاۋلارنى ئۇكرائىنالىق مارشال باگىيان مىلىنىسكى قايتا رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

ھەممىسىدە فاشىزمغا قارشى قەھرىمانلارنىڭ، ئالىملارنىڭ، شائىرلارنىڭ ھەيكەللىرى بار.

ستالىنگراد ئۇرۇشىنىڭ قەھرىمانى، بىرىنچى فرونت دىۋىزىيىسىنىڭ باش قوماندانى، ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى گېنېرال ۋاتوتىن ستالىننىڭ بىۋاستە بۇيرۇق بېرىشى بىلەن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، 1943-يىلى 10-ئاينىڭ 3-كۈنى ئۇكرائىنا خەلقىنى گىتلېر فاشىزمىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلغان. بۇ ئۇرۇشقا ئۇكرائىنا خەلقىدىن تەشكىللەنگەن 50 پارتىزان ئەترىتىدىكى 70 مىڭ ئادەم قاتناشقان. بۇ ۋەقەلەرنى ئۇكرائىنا خەلقى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

7-ئاينىڭ 31-كۈنى سائەت تۆتتە ئۇكرائىنا دۆلەت باغچىسىنىڭ ئالدىدىكى چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت-دوستلۇق ئالاقىسى باغلاش جەمئىيىتى بىناسىدا دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئۇكرائىنادىكى ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكى پروفېسسورلار، ئالىملار قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا پروفېسسور ئىۋان كارگونۋىچ مۇنداق دېدى: مەن جۇڭگو توغرىسىدا نۇرغۇن ئەدەبىي ماقالىلەرنى يازدىم، ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى شىۋچىنكو قاتارلىقلارنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئەسىرىنى جۇڭگو تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق، لۇشۈن ئەسەرلىرى توپلىمىنى ئۇكرائىنا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇق. ماۋدۇننىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇكرائىنا تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇق. يېقىندا جۇڭگو كىنو ھەپتىلىكى ئۆتكۈزدۇق، ئۇكرائىنانىڭ ئاتاقلىق خۇدوژنىكى راسفېتىنىڭ سۇن جۇڭشەن، سۇڭ چىڭلىڭلارنىڭ پانالىيەتلىرىگە دائىر سىزغان رەسىملەر كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزدۇق، فارامىنككانىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزدۇق. 1983-يىلى ئۇكرائىنانىڭ خاركوۋ شەھرىدە

خەلقئاراغا تونۇلغان ئاتاقلىق يازغۇچى تاراس شىۋچېنكونىڭ زۇلۇمغا، چار پادىشاھقا قارشى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشىدە زور رول ئوينىغان «كافىزار» ناملىق ئەسىرى مۇشۇ كوچىدا يېزىلغان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر 42 دۆلەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مۇشۇ كوچىدىكى تاراس شىۋچېنكو نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت ئالدىغا تاراس شىۋچېنكونىڭ ھەيۋەتلىك ھەيكىلى ئورنىتىلغان.

بۇ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەيدانىدا لېنىننىڭ قەيسەرلىك بىلەن يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇرغان ھەيكىلى بىلەن 12 نەپەر ۋەتەن ئۇرۇشى قەھرىمانىنىڭ ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھەيكەللەرنى لېنىننىڭ ئۇكرائىنالىق كونا ساۋاقدىشى مىركۇلوپ ياسىغان.

بۇ كوچىنىڭ ئاخىرىدا ئۇكرائىنا مىللىتىنىڭ ئارختېكتور لايىھىسى بويىچە ياسالغان 100 مىڭ كىشىلىك تەنتەربىيە مەيدانى بولۇپ، ئۇكرائىنا ياشلىرىنىڭ دۇنيا بويىچە داڭق چىقارغان "دىنامو" پۇتبول كوماندىسى مۇشۇ مەيداندا گېرمانىيىنىڭ پۇتبول كوماندىسىنى ئارقا-ئارقىدىن بەش قېتىم يېڭىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ تەرتىپ ساقلىغۇچىلىرى شۇ مەيداندىلا فاشىستلارچە ۋەھشىلىك بىلەن "دىنامو" پۇتبول كوماندىسىنىڭ 11 نەپەر ئەزاسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇكرائىنا ياشلىرى ھەر يىلىنىڭ 21-سېنتەبىر كۈنى ئاشۇ 11 نەپەر قەھرىمان ياشنى خاتىرىلەيدۇ.

گىتلېر فاشىزمى كىيېۋ شەھرىنىڭ كىرىسساچىك كوچىسىدىكى بافسار دېگەن تۇرمىدىلا 80 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئۇكرائىنا بويىچە 400 مىڭ ئادەم قۇربان بولغان. بۇ قۇربانلارنىڭ كۆپ قىسمى كىسلاۋا قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان. بۇ قەبرىستانلىقتا ھەمىشە مەشئەل يېنىپ تۇرىدۇ. بۇ كوچىدا كىيېۋ شەھرى بويىچە 27 پىئونېرلار باغچىسى بولۇپ، بۇنىڭ

كېلىماتى 6℃ — بولۇپ، بىيىجىڭدىن (4.6℃) ئازراقلا سوغۇق بولىدىكەن. يازدا بىرقەدەر ئىسسىقراق ئىكەن. لېكىن، بۇ يەردە تومۇز ئىسسىقى بولمايدىكەن، سەۋەبى، ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ھاۋا ئېقىمى بۇ يەرگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىكەن، شۇڭا كىيېۋنىڭ يامغۇر-يېغىن مىقدارىمۇ ئانچە تۆۋەن ھېسابلانمايدىكەن، ھاۋارايى تارماقلىرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، كىيېۋ شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 520 مىللىمېتىر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە مۆتىدىل بەلۋاغ رايونلىرىدا بولىدىغان ئورمانلار ۋە ئوتلاقلار يىلبويى كۆكىرىپ تۇرىدىكەن.

كىيېۋ شەھىرى تارىختا ناھايىتى زور رول ئوينىغان شەھەر ئىكەن. 5-ئەسىردە ئوكرائىنالىق ئۈچ ئاكا-ئۇكا، بىر سىڭىل بولۇپ، چوڭ ئاكىسىنىڭ ئىسمى كىيە ئىكەن، ئۇ خەلق ھاياتى ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگىنى ئۈچۈن، بۇ شەھەر ئۆز زامانىسىدا كىيەنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ شەھەر كىيېۋ دەپ ئاتىلىدىغان تارىخىي شەھەر بوپقالغانىكەن.

6-، 7-ئەسىرلەردە كىيېۋ ياۋروپادىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى بوپقالغان. 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇ يەنە رۇس دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان.

كىيېۋ شەھىرى شەھەرلەر ئىچىدە ئەڭ قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغانلىقى ۋە ئۇ يەردە نۇرغۇن تارىخىي يادىكارلىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن "رۇس شەھەرلىرىنىڭ ئانىسى" دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

12-، 13-ئەسىرلەردە تاتارلار، موڭغۇللار بۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتكەن چېركاۋ، ئاسارئەتىقىلەر ئوكرائىنالىق باگىيان مىلىنسكى دېگەن مارشال تەرىپىدىن قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇلۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئۆتكۈزۈلگەن كىتاب كۆرگەزمىسىگە جۇڭگونىڭ لۇشۈن، گومورو قاتارلىق ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر، ئالىملىرىنىڭ 70 پارچە كىتابىنى قويدۇق. بىزنىڭ بىرنەچچە مۇزېيىمىزدا جۇڭگولۇق دوستلارنىڭ، ئالىملارنىڭ، ئىشچىلارنىڭ تەقدىم قىلغان مەدەنىي يادىكارلىق بۇيۇملىرى ساقلانماقتا. جۇڭگونىڭ ۋۇخەن شەھىرى بىلەن كىيېۋ شەھىرىنىڭ، ئۇكرائىنا بىلەن خۇبېينىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدۇق. پروفېسسور چېركوف مۇنداق دېدى: بىز لى بەي، ماۋدۇن، لۇشۈن قاتارلىق شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىنغان يەتتە پارچە تاللانما ئەسىرىنى ئۇكرائىنا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ھەرخىل گېزىت-ژۇرناللىرىمىزدا نۇرغۇن قېتىم ئېلان قىلدۇق. بىزنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز 18-ئەسىردىن باشلانغان. جۇڭگو خەلقى بىلەن ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ تارىخىي دوستلۇقى مەڭگۈ گۈللەپ ياشنايدۇ، ئۇكرائىنا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مەركىزى بولغان كىيېۋ شەھىرى دنېپر دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن جۇڭگولۇق دوستلارنى داۋاملىق كۈتۈۋالىدۇ.

ياۋروپادىكى 3-ئاتاقلىق دەريا — دنېپر دەرياسى، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىكەن، بېلوروسىيە چېگرىسىنى بويلاپ، قارا دېڭىزغا قۇيۇلىدىكەن. ئۇ گۈزەل ۋە مۇنبەت ئۇكرائىنانى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدىكەن. دنېپر دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىمى بولغان كېسنا دەرياسى بىلەن پولېسىيات دەرياسىنىڭ دنېپر دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جايىدىن سەل نېرىسىدا ئۇكرائىنانىڭ پايتەختى كىيېۋ شەھىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن.

كىيېۋ شەھىرى مۆتىدىل بەلۋاغدىكى قۇرغاق كېلىماتلىق جاي ھېسابلىنىدىكەن. بۇ يەر قىشتا بىرقەدەر سوغۇق بولىدىكەن، لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئانچە سوغۇق جاي ھېسابلانمايدىكەن. 1-ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا

مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان خەلقئاراغا تونۇلغان نۇرغۇن كىتابلار كىيېۋدە نەشر قىلىنغانىكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئۇكرائىنانىڭ بەش يىللىق پىلانى بويىچە كىيېۋ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ سانائەتتە ماشىنىسازلىق سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، شېكەر سانائىتى، خۇرۇم سانائىتى ۋە باشقا يېنىك سانائەت تارماقلىرى قۇرۇلغان، 1941-يىلىغا كەلگەندە، كىيېۋنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە مەھسۇلات قىممىتى ئۇكرائىنا سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىسى بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپتۇ.

لېكىن ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە كىيېۋ گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، بىپايان خارابىلىققا ئايلىنىپ قالغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، كىيېۋ ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شەھەر دائىرىسىمۇ كېڭەيتىلگەن، يېڭى قۇرۇلۇش پىلانى بويىچە قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئەسلىدىكى شەھەر كۆلىمىگە يېتىپلا قالماستىن، بەلكى دنېپر دەرياسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلغان. ھازىر كىيېۋ شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۇرار جايى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئېشىپ كېتىپتۇ، يېڭىدىن گاز زاۋۇتى قۇرۇلۇپتۇ، گاز تۇرۇبىلىرى ئورنىتىلىپتۇ، يەر ئاستى تۆمۈر يولى ياسىلىپتۇ. ھازىر بۇ قەدىمىي شەھەر زامانىۋى تۈسكە كىرىپتۇ.

ھازىر كىيېۋ شەھىرىنىڭ نوپۇسى 3 مىليون 300 مىڭ ئىكەن. موسكۋا، لېنىنگرادتىن قالسىلا ئۈچىنچى چوڭ شەھەر ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم سودا مەركىزى ۋە ئۇكرائىنانىڭ سانائەت مەركىزى ئىكەن. كىيېۋنىڭ يېنىك سانائىتى ھەممىدىن بەك تەرەققىي تېپىپتۇ، ماشىنىسازلىق سانائىتى (ئىنچىكە ستانوكلار، ئايروپىلان، ئۆلچەش ئەسۋابلىرى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە داۋالاش ئەسۋابلىرى)

1810-يىلى باگىيان مىلىنىسكى مارشالنىڭ ئاتلىق ھەيكىلى كىيېۋ شەھىرى ئىچىدىكى ئالېكساندىر چېركاۋى ئالدىدىكى مەيدانغا ئورنىتىلغان.

1362-يىلى لىتۋا، 1569-يىلى پولشا بېسىۋالغان كىيېۋ شەھىرى 1654-يىلى روسسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. 17-ئەسىردە ئاق ئورۇس مارشال مىلىتىس بىلەن ئۇكرائىنالىق مارشال كىتمان موسكۋادا توختام تۈزۈپ، ئۇكرائىنانىڭ روسسىيە بىلەن بىرلەشكەنلىكىگە تەنتەنە قىلغان. بۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن دىنېپىر بويىدىكى دۆڭلۈك ئۈستىدىكى باغچىنىڭ ئىچىگە ھەسەن-ھۈسەن شەكلىدە ھەيۋەتلىك ئەگمە دەرۋازا ياسىلىپ، دەرۋازا ئىچىگە ئىككى مارشالنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان. بۇ، ھېلىمۇ خەلق بەختىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدىكەن.

كىيېۋ ئۇكرائىنانىڭ پايتەختى بولغاندىن كېيىن، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. 1917-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بىلەن سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كىيېۋ ئۇكرائىنا سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىسىنىڭ پايتەختى بولغان، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بەش يىل كېيىن، يەنى 1922-يىلى ئۇكرائىنا سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ، سوتسىيالىستىك رېسپۇبلىكا بىرلەشمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىيېۋ تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ كىيېۋ ئۇكرائىنانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان. بۇ يەرنىڭ سودا ئىشلىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان. قول سانائەت بۇيۇملىرى ئىچىدە، كىيېۋدا ئىشلىنىدىغان داڭلىق كەشتە ۋە گۈللۈك ياغلىقلار ناھايىتى زور ئابرويغا ئىگە ئىكەن. مەدەنىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ يەردە نۇرغۇن چوڭ تىياتىرلار، مۇزېيلار، ئانسامبىللار، ئالىي مەكتەپلەر بار ئىكەن. ئۇكرائىنا

مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلغىنىغا 100 يىلدىن ئېشىپتۇ. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ %80 ى ئوكرائىنا تىلىدا ئوقۇتۇلىدىكەن. 27 تەنتەربىيە ستادىيونى بولۇپ، 100 مىڭ تاماشىبىن سىغىدىغان زامانىۋى تەنتەربىيە مەيدانى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە بىرىنچى، دۇنيا بويىچە ئالتىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىغا دائىر قوغداش ئەسلىھەلىرى ئىچىدە دۇنيا سەۋىيىسىگە يەتكەن قوغداش ئورنىدىن 50ى بار ئىكەن. كىيېۋ شەھىرى ئىچىدە 345 ئىستىراھەت بېغى بار ئىكەن. شەھەر ئەتراپىنى 137 كىلومېتىرلىق قىزىل قارىغاي ۋە باشقا ئورمانلىقلار ئوراپ تۇرىدىكەن.

مېنىڭ كۆزۈمگە تولىمۇ چىرايلىق، قەيسەر گەۋدە بولۇپ كۆرۈنگىنى كىيېۋ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىدىكى ئاتاقلىق قەيسەر شائىر تاراس شېۋچېنكونىڭ ھەيكىلى بولدى. بۇ ھەيكەل 1938-يىلى ئورنىتىلغان، كىيېۋ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن كىيېۋ سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتى تاراس شېۋچېنكو نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن.

تاراس شېۋچېنكو 1814-يىلى كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن. ئاتاقلىق يازغۇچى، جامائەت ئەربابى رىكوۋسكى، ئاتاقلىق رەسسام لىرىلوبلا 2500 رۇبلى ياردەم بېرىپ تاراس شېۋچېنكونى مۇشەققەتلىك زىندان ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. تاراس شېۋچېنكونىڭ «كافىزار» ناملىق ئەسىرى خەلقنى زۇلۇمغا، چار پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئويغىنىشقا، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ كېڭىيىشىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن، تاراس شېۋچېنكونىڭ ئەسەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا 27 مىللەت تىلىغا، خەلقئارادا 42 دۆلەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلدۇرۇلۇپتۇ.

8-ئاينىڭ 1-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن كىيېۋ شەھىرىدىن 26 كىلومېتىر

مۇ ناھايىتى داڭلىق ئىكەن. كىيېۋ شەھىرىنىڭ خىمىيە سانائىتى تەرەققىياتىمۇ بىرقەدەر تېز بولۇۋېتىپتۇ. كىيېۋ شەھىرىدە 400 سانائەت بازىسى بولۇپ، 90 مەملىكەتكە 700 خىل سانائەت بۇيۇملىرىنى چىقىرىدىكەن. كىيېۋ شەھىرىنىڭ ھېسابلاش ماشىنىسى مەركىزى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە بەشىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن. كىيېۋ شەھىرى يەنە مۇھىم سۇ، قۇرۇقلۇق، ھاۋا قاتناش تۈگىنى ئىكەن.

دىنېپر دەرياسىنىڭ سۈيى كۆپ، ترانسپورت شارائىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. كىيېۋ شەھىرىدىن پاراخوت بىلەن دنېپر دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق كۆمۈر شەھىرى دونباسقا، يەنە تۆۋەنلەپ ماڭغاندا قارا دېڭىزدىكى پورت شەھىرى ئودىسساغا بارغىلى، يەنە پاراخوت بىلەن دەريانىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى بەزى شەھەر-يېزىلارغا بارغىلى بولىدىكەن. كىيېۋ شەھىرىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى قاتنىشىمۇ خېلى تەرەققىي تاپقان بولۇپ، تۆت تۆمۈر يول كىيېۋ شەھىرىدە قوشۇلىدىكەن. شۇڭا، كىيېۋ شەھىرىدىن پويىز بىلەن خاركوۋ، ئودىسسا قاتارلىق ئۇكرائىنا چېگرىسى ئىچىدىكى شەھەرلەرگە بارغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى موسكۋا، ۋولگاگراد قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاتاقلىق شەھەرلەرگىمۇ بارغىلى بولىدىكەن. كىيېۋ ئايرودرومىدا نۇرغۇن ھاۋا يوللىرى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چوڭ شەھەرلەر ۋە چەت ئەللەردىكى بەزى شەھەرلەرگە قاتناشقىمۇ بولىدىكەن. شۇڭا، بۈگۈنكى كىيېۋ ئۇكرائىنانىڭ قاتناش-ترانسپورتىدا مۇھىم رول ئويناۋېتىپتۇ.

كىيېۋ شەھىرى يەنە مەدەنىيەت، مائارىپ مەركىزى ئىكەن. بۇ يەردە ئۇكرائىنا دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن باشقا، يەنە 18 ئالىي مەكتەپ، 26 چوڭ-كىچىك مۇزېي، 1332 چوڭ-كىچىك كۇتۇپخانا، 12 تىياتىرخانا بار ئىكەن. يەنە 400 سىفەن مەكتىپى بولۇپ، ئۇنىۋېرسال تېخنىك

موسكۋا-بېيجىڭ
موسكۋا-بېيجىڭ
باسماقتا خەلقلەر ئالغا، ئالغا
شانلىق ئەمگەك يولىدا
مەھكەم تىنچلىق يولىدا
ئەركىنلىك توغى ئاستىدا.
ياڭزىجاڭ ساداسى ۋولگا ئۈستىدە،
كرېمل نۇرىنى جۇڭگولۇق كۆردى،
ئۇرۇش ئوتى قورقىتالماس بىزنى،
خەلقلەر ئىرادىسى بۇ ئوتتىنمۇ كۈچلۈك.
ئالقىش ياڭراتتى يەر-جاھان غەلبىمىزگە،
ئالقىش ياڭراتتى غەلبىمىزگە
.........غەلبىمىزگە.
بولمىغان بۇ دۇنيادا ئۇندىن مۇستەھكەم رىشتە
سېپىمىزدە ياڭرايدۇ، تەنتەنە بىلەن مارش
سوۋېت ئىتتىپاقى ئالغا باسماقتا
.........قۇدرەت تاپماقتا.
ماڭماقتا ئۇنىڭ بىلەن يېڭى جۇڭگومۇ،
يېڭى جۇڭگومۇ
يېڭى جۇڭگومۇ
موسكۋا-بېيجىڭ
..........
باسماقتا خەلقلەر ئالغا، ئالغا
شانلىق ئەمگەك يولىدا،

يــىراقلىقتىكى . پورتىنىڭ دېھقانچىـلىــق مەيــدانىـغـا باردۇق. «لېنىن ئوردېنى» ناملىق كولۇبتا بىزنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئـۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا پارتكوم سېكرىتارى بوگودىنكىرنوف رىياسەتچىلىك قىلدى. مەيدان باشلىقى شوشتىلوف شاد خۇراملىق بىلەن سۆز مۇنبىرىگە چـىـقــىـپ مـۇنــداق دېـدى: مـەن كـولـخـوزىـمـىـزدىـكـى بارلىق ئـىـشـچى-خىزمەتچىلەرگە ۋاكالىتەن جۇڭگولۇق ئەزىز دوستلارنى چىن قەلبىمدىن قارشى ئالىمەن، مەن ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىمدا، موسكۋا-بېيجىڭ دېگەن ناخشىنى تولىمۇ ياخشى كۆرۈپ ئۆگەنگەنىدىم، بىز مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىش بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرغانىدۇق، سۆزۈمنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىپ مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ بېرەي دېدى-دە، بۇ ناخشىنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن، تولۇق ئېيتىپ بەردى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلارمۇ ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ناخشىغا جور بولدۇق. يىغىن ئاشۇنداق دوستلۇق ساداسى ئىچىدە تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

موسكۋا-بېيجىڭ شەھىرى
سوۋېتلىك، جۇڭگولۇق قېرىنداش ئەبەد،
مۇستەھكەم ئۇيۇشتى خەلق ۋە ئىرق،
قەددىنى رۇسلىدى ئاددىي ئادەملەر،
غەزەل بىلەن قەدەم باستى ئاددىي كىشىلەر.
ساقلىنار قەلبىمىزدە دوستلۇق مەڭگۈگە
ساقلىنار قەلبىمىزدە!
ساقلىنار قەلبىمىزدە!

ئاپتوموبىلى، 40% ئىشچىنىڭ بانكىدا ئامانەت قويغان پۇلى بار ئىكەن. بۇ، لېنىن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان كولخوز ئىكەن.

8-ئاينىڭ 1-كۈنى چۈشتىن كېيىن كىرىمساچىك كوچىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان ئۇكرائىنا دۆلەت باغچىسىنى سەيلە قىلىشقا باردۇق. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مىللىي قەھرىمانى گېنېرال ۋاتوتىننىڭ 21 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مىس ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەيكەلگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقان قەددى-قامىتى كېلىشكەن، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن، كۆكرىكىگە لېنىن ئوردېنى، بىرىنچى دەرىجىلىك قەھرىمانلىق ئوردېنى، قىزىل يۇلتۇز ئوردېنى تاقىغان خۇش چىراي، ياشىنىپ قالغان بىر كىشى خەنزۇچە "نى مىن خاۋ، خۇەبىيىك ①" دەپ ئالدىمىزغا كېلىپ ئۆمەك باشلىقى لىن جاۋنەن، لى زىنچاۋ قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىپ كۆرۈشۈپ بولۇپ، يەنە قايتا لىن جاۋنەننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: "ماۋزېدوڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ داھىي، ئۇ ماركسىزمچى. ئۇ، ستالىنغا توغرا باھا بېرىپ، يەتتىدە ئۈچ ئۆلۈش دەپ، ستالىننىڭ خاتالىقى بىلەن ئۇتۇقىنى توغرا مۆلچەرلىدى." "ماۋزېدوڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگونىڭ مۇشۇنداق قىلىشى تارىخىي ماتېرىيالىزم روھىغا تامامەن ئۇيغۇن، مەن جۇڭگو خەلقىنى ھۆرمەتلەيمەن." دېدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: "مېنىڭ ئىسمىم فېتروۋىچ ئۇشناج، ھازىر ياشىنىپ قالدىم، دەم ئېلىشقا چىقتىم، لېكىن مەن بالا ۋاقتىمدا ستالىن، لېنىننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سارتىسىن مۇداپىئە ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغان ۋاقىتتا پولك ئوغلى بولۇپ ئوق توشىغاندىم. گىتلېر فاشىزمىنىڭ سوۋېت خەلقىغە ئېلىپ كەلگەن

① "ياخشىمۇسىلەر؟ قارشى ئالىمىز!" دېگەن مەنىدە.

مەھكەم ئىنچىلىق يولىدا
ئەركىنلىك تۇغى ئاستىدا. . .

شوشتىلوف ئومۇمىي ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆكەرتىشكە مەسئۇل يولداش تالبوكىن مۇنداق دېدى: "مەن جۇڭگو خەلقىنى چۈشىنىمەن، جۇڭگو خەلقى ئەمگەكچان، سەممىي، راستچىل خەلق، مەن جۇڭگو خەلقىنى بۇرۇنمۇ قىزغىن سۆيەتتىم، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق قىزغىن سۆيىمەن ۋە ھۆرمەتلەيمەن." بۇ ئېكسكۇرسىيە-زىيارىتىمىزدە دوستانە كەيپىيات تولۇپ تاشتى، بىز ئىككى دۆلەت خەلقى دوستلۇقىنىڭ چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق.

بۇ كولخوز بىرقەدەر زامانىۋىلاشقان بولۇپ، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى مەركىزى بار ئىكەن. ئەتراپىتىكى ئالتە كولخوز، 27 يېزىنىڭ ئومۇمىي پىلان ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھېسابلاش ئىشىغا ياردەم بېرىدىكەن. پۈتكۈل تېرىلغۇ يەر، باغ، ئورمان، ئوتلاقلار تورۇبا ئارقىلىق پۈركۈپ سۇغۇرىلىدىكەن، 31 چوڭراق زامانىۋى يېزا بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەھەرنى سۇ، كۆكتات، مېۋە بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى بار ئىكەن. ئۈچ قىرائەتخانا، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر باشلانغۇچ مۇزىكا مەكتىپى، ئالتە باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىككى كىنو-تىياترخانا، تۆت باللار يەسلىسى، بىر دوختۇرخانا بولۇپ، ھەقسىز داۋالايدىكەن، ئالتە ياشتىن ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرگىچە مەجبۇرىي ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپتۇ. كولخوزدا 1500 ئىشچى، 200 كوممۇنىست، 300 كومسومول، 21 نەپەر ئورۇش قەھرىمانى بار ئىكەن. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەربىر ئىشچىنىڭ يىللىق كىرىمى 250 رۇبلى ئىكەن، 30% ئىشچىنىڭ شەخسىي

ئىرادىسى بىلەن سارتىسنىڭ ساقلاپ ئاقلارنىڭ موسكۋاغا يول ئېچىشلىرىغا پۈتۈنلەي ئىمكان بەرمىگەن.

1919-يىلى كۈزدە، جاھانگىرلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم باشلىغان. ئۇلار بۇنى ماختىنىپ "14 دۆلەت يۈرۈشى" دەپ ئاتىغان. لېكىن لېنىن، ستالىننىڭ رەھبەرلىكىدە ھۇجۇم بىتچىت قىلىپ تاشلانغان، دېنىكىن ئارمىيىسىمۇ تارمار قىلىنغان.

مەركىزىي كومىتېت 1920-يىل مايدا ستالىننى سوۋېت رېسپۇبلىكىسى ئۈستىگە ئانتانتىنىڭ ئۈچىنچى يۈرۈشىنى باشلىغان پولەك باندىتلىرىغا قارشى غەربىي جەنۇب فرونتىغا ئەۋەتتى. بۇ يەردە ستالىن پولەكلەر فرونتىنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە، ئۇكرائىنانىڭ مەركىزىي شەھىرى كىيېۋنى ئازاد قىلىشقا ۋە ئۇكرائىنانىڭ جەنۇبىغىچە جاھانگىرلارنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىدىن مۇداپىئە قىلىش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ بىرنەچچە مىڭ تانكا ۋە ئايروپىلانلار بىلەن قوراللانغان 170 دىۋىزىيىدىن ئىبارەت نېمىس ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىزلا سوۋېت مەملىكىتى ئۈستىگە تاشلانغانىدى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جىددىي خەتەر ئاستىدا قالغانىدى. گىتلېر فاشىزمى ئۇرۇشنىڭ 10-كۈنىلا بېلورۇسسىيىنىڭ غەربىي قىسمىنى ۋە ئۇكرائىنانى بېسىۋالغانىدى. بۇ چاغدىمۇ ستالىن ئۇكرائىنا خەلقىنى ئىسلەپ تۇرغانىدى.

1941-يىل 3-ئىيۇلدا يولداش ستالىن رادىئودا پۈتۈن سوۋېت خەلقىغە، قىزىل ئارمىيە ۋە ھەربىي دېڭىز فلوتى جەڭچىلىرىگە مۇراجىئەتنامە چىقارغانىدى. يولداش ستالىن بۇ تارىخىي نۇتقىدا، بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى ناھايىتى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ بەرگەن ۋە سوتسىيالىستىك ۋەتەننى مۇداپىئە قىلىشتا ئەسكەرلەر ۋە خەلق ئۈستىگە قانداق ۋەزىپىلەر يۈكلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى.

بالايىئاپىتى بىلەن ستالىنگراد ئۇرۇشىغا، ئوكرائىنا خەلقىنى فاشىزمنىڭ قانلىق ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا قاتناشتىم. سىلەر جۇڭگو خەلقىمۇ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ بالايىئاپىتىگە ئۇچرىدىڭلار. فاشىزمغا قارشى تۇرۇشتا ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ تەقدىرى بىر بولۇپ كەلدى. مەن بۇ ئۆتمۈش كۈنلەرنى ئەسلەپ، لېنىن، ستالىنلارنى سېغىنغان چاغلىرىمدا مۇشۇ باغچىغا كېلىپ، گېنېرال ۋاتوتىن ھەيكىلى ئەتراپىدىكى گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ دەم ئالىمەن. گەرچە ستالىننىڭ خاتالىقى بولسىمۇ، لېكىن ئوكرائىنا خەلقى ئۇچۇن قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرى بار ئەمەسمۇ؟» دەپ بىرقانچە مەسىلىلەرنى سۆزلەپ بەردى. بۇ پېشقەدەم بولشېۋىكنىڭ سەمىمىي دوستانىلىق بىلەن دەۋاتقان سۆزلىرىنى بىز قىزىقىپ ئاڭلىدۇق.

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ستالىن ھەرقانداق تارىخىي شارائىتتىمۇ ئوكرائىنا خەلقىنى ئەسلەپ تۇرغان» دېدى. ئاندىن كېيىن مۇنداق مىسال كەلتۈردى:

1918-يىلى نويابىردا بولشېۋىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلىپ، ئوكرائىنا ئىشچى-دېھقانلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ ئوكرائىنا فرونتىنى تەشكىل قىلىشنى ستالىنغا تاپشۇرغان. ئارمىيىدىن يولداش ۋارشولوف باشلىق 20 نەپەر پارتىيە خادىمى ئاجرىتىلىپ، ستالىننىڭ ئىختىيارىغا بېرىلگەن. نويابىرنىڭ ئاخىرىدا ستالىن رەھبەرلىك قىلغان ئوكرائىنا قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى خاركوۋنى ئازاد قىلغان، غەربىي ئوكرائىنانىڭ ئوبلاستلىرىنى پۈتۈنلەي ئازاد قىلغان.

1918-يىلى دېكابىردا ستالىن ئوكرائىنادىكى ئىشچىلار قوشۇنى بىلەن سارتىسىنغا كەلگەن. قانداق قىلىپ بولمىسۇن سارتىسىنى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قولىدا ساقلاپ قېلىش زۆرۈر ئىدى، ستالىن پولاتتەك

ئەزا بولۇپ كىرىپ، ئوكرائىنالقلار، گرۇزىنلار ئارىسىدا ماركسىزم ئىدىيىلىرىنى تارقىتىشتا خېلى ئىجابىي رول ئوينىغان. ستالىن ماركسنىڭ «كاپىتال» ، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»نى ۋە ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئۆگەنگەن. لېنىننىڭ نارودنىكلەرگە قارشى «رادىكال ماركسىزم»غا ۋە «ئىكونومىزم»غا قارشى يېزىلغان ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان، لېنىننىڭ ئەسەرلىرى ستالىندا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ستالىن پەلسەپىنى، سىياسىي-ئىقتىساد، تارىخنى، تەبىئەت پەنلىرىنى، بەدىئىي ئەدەبىيات، كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگەنگەن، ئۇقۇمۇشلۇق ماركسىزمچى بولۇپ يېتىشكەن، 1900-يىلنىڭ دېكابىر ئېيىدا لېنىنچى «ئىسكرا» گېزىتى چىقىشقا باشلىغاندا، ستالىن تامامەن شۇ گېزىتنىڭ يولىنى تۇتقان.



گىتلېر گېرمانىيىسى تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى باشلانغان ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكىنى يولداش ستالىن ئېچىپ بەرگەن. "ئۇنىڭ مۇددىئاسى پومېشچىكلار ھاكىمىيىتىنى تىكلەش، چارىزمنى تىكلەش، رۇسلار، ئۇكرائىنلار، بېلورۇسلار، لىتۋالىقلار، لاتىشلار، ئېستونلار، ئۆزبېكلەر، تاتارلار، مالداۋانلار، گروزىنلار، ئەرمەنلەر، ئەزەربەيجانلىقلار ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا ئازاد خەلقلىرى ياراتقان مىللىي مەدەنىيەتلەرنى ۋە مىللىي دۆلەتلەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلاشتۇر، ئۇلارنى نېمىسلاشتۇرۇش، نېمىس كىنەزلىرى ۋە بارونلىرىغا قۇل قىلىپ بېرىشتۇر. شۇنداق قىلىپ، گەپ سوۋېت دۆلىتىنىڭ ھايات-ماماتى توغرىسىدا، س س س ر خەلقلىرىنىڭ ھايات-ماماتى توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى ئازادلىققا چىقامدۇ ياكى قۇللۇققا چۈشەمدۇ؟ گەپ ئەنە شۇ توغرىدا بولۇۋاتىدۇ" دېگەن.

دۆلەت باغچىسىدىن قايتىپ شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۆمىكىمىزنىڭ كاتىپى لى نەيچاۋ، فەن كىچىن، نەن چەنلىن تۆتىمىز لېنىن ماۋزولېيى يېنىدىكى كىتاب سېتىش دۇكىنىغا كىرىپ كىتابلار ئارىسىدىن نېمىس يازغۇچىسى ئېمىل لودۋىگنىڭ 1938-يىلى مايدىكى «ئى. ۋ. ستالىن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابىنى سېتىۋالدۇق، بۇنىڭ توققۇزىنچى بېتىدە مۇنداق دېيىلىپتۇ: "مەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە، - دەيدۇ ستالىن، - ئۇكرائىنا، زاكاۋكازىيىدە ياشىغان رۇس ماركسىزمچىلىرىنىڭ يوشۇرۇن گۇرۇپپىلىرى بىلەن باغلانغان چېغىمدىن باشلاپ كىرىشتىم، بۇ گۇرۇپپىلار ماڭا چوڭ تەسىر قىلدى ۋە يوشۇرۇن ماركسىزملىق ھەرىكەتكە مېنىڭدە ھەۋەس تۇغدۇردى." بىز بۇ كىتاب ئارقىلىق شۇنى بىلدۇقكى، ستالىن 1898-يىلى ئاۋغۇستتا روسىيە سوتسىيال دېموكرات ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ تىبلىس تەشكىلاتىغا رەسمىي

# ئالتىنچى باب

# گرۇزىيە زېمىندىكى بىلىم ۋە زىيارەت

# گورى شەھىرى ۋە ستالىن توغرىسىدا

گورى شەھىرى گرۇزىيىدىكى قەدىمكى شەھەر ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ شەھەر قارا دېڭىز بويلىرىدىن شەرققە، گرۇزىيىنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا بارىدىغان سودا يولى بولغانىكەن. شۇڭا، گورى 15 — 17-ئەسىرلەردە گرۇزىيىنىڭ ئاساسلىق قەلئە-مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

گرۇزىيە روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، گورى ۋىلايەت مەركىزى قىلىنغان، 1573-يىلى گورىدا تۇنجى خەلقچىل تەشكىلات قۇرۇلغان، 19-ئەسىرنىڭ 2-يېرىمىغا كەلگەندە گورى دېھقانلار ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان. 1892-يىلى ماكسىم گوركىي بۇ يەردە پادىشاھ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلغان دېھقانلارنىڭ جازالانغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ جاپالىق كۈرەشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. كېيىن گوركىي مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئۆز ئەسەرلىرىدە بايان قىلغان. گورى ئۆز ۋەتىنىگە نۇرغۇن ئوغلانلارنى تەربىيىلەپ بەرگەن. مەسىلەن، گرۇزىيىنىڭ مەشھۇر مائارىپچىسى ياكوپ گوگېباشۋىلى، گرۇزىيە يازغۇچىلىرى سافروم مگالوشۋىلى، ئازتون يۇرسلادزى، نىكسو لوموئۇرى، ئېكاتېرىنې، گاباشۋىلى، دراما تەتقىقاتچىسى مېخايىل تۇمانىشۋىلى، دراماتورگلار گىئورگى ئېرىستاۋى ۋە زۇراب ئانتونوۋلا، ئاتاقلىق ئارتىسكا ناتوگابۇنىيە ۋە باشقىلار. ستالىن (جۇگاشۋىلى) مۇ گورىدا تۇغۇلغان ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن.

1921-يىلى گورى شەھرىنىڭ ئەمگەكچىلىرى پۈتۈن گرۇزىيە خەلقى بىلەن بىرلىكتە مېنشېۋىكلار ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شەھەردە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قىزىل بايرىقىنى تىكلىگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گورىنىڭ جۇشقۇن، ئىجادىي ھاياتى باشلىنىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىلغار سوتسىيالىستىك شەھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان. كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان يېشىللىققا چۆمگەن بۇ شەھەرنىڭ كۆلىمى 1100 گېكتار، ئاھالىسى 60 مىڭ.

ھازىر گورى شەھرى سانائەت مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتە جۇمھۇرىيەت بويىچە بەشىنچى ئورۇننى ئىگىلەيدىكەن، ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق سانائەت توقۇمىچىلىق ۋە يېمەك-ئىچمەك سانائىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن جۇمھۇرىيەتنىڭ پاختا رەخت مەھسۇلاتىنىڭ 60 پىرسەنتى مۇشۇ شەھەردە ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. گورىنىڭ كونسېرۋا ياساش سانائىتىمۇ شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەن، «ئانالىز ئۇسكۇنىلىرى» زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتلىرى باشقا ئەللەرگىمۇ ئېكسپورت قىلىنىدىكەن.

سوۋېت ھۆكۈمىتى دەۋرىدە شەھەر قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولغان. بۇرۇنقى تار كوچىلار ۋە كونا ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى گرۇزىن مىللىي ئارخېتىكتور شەكلىدىكى يۇقىرى سەنئەت بىلەن سېلىنغان ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنالار ئىگىلىگەن. ئۇلاردا ساياھەت ئورنى ۋە مېھمانخانىلار، ئۇنىۋېرسال ماگىزىنلار، نۇرغۇن ئىجتىمائىي تەمىنات ئورۇنلىرى بار ئىكەن.

گورى شەھرى قەدىمكى پەن ۋە مەدەنىيەت مەركىزى، ھازىر بۇ يەردە بىر ئالىي بىلىم يۇرتى، بىرقانچە ئوتتۇرا تېخنىكوم، بىر پەن تەتقىقات ئورنى، 13 ئوتتۇرا مەكتەپ، 22 باللار باغچىسى ۋە يەسلى، گ. ئېرىستاۋ نامىدىكى دۆلەتلىك تىياتىرخانا، ياشلار مەركىزى، مۇزىكا مەكتىپى، كىنو-تىياتىرخانىلار ۋە تەنتەربىيە مەيدانلىرى بار ئىكەن.

بولۇپ، كېيىنرەك تىبلىستىكى ئادىلخانوۋ ئاياغ كىيىمى فابرىكىسىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن.

1896 — 1897-يىللاردا ستالىن سېمىنارىيىدىكى ماركسىزملىق كۇرۇژۇكنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ 1898-يىلى ئاۋغۇستتا روسىيە سوتسىئال دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ تىبلىس تەشكىلاتىغا رەسمىي ئەزا بولۇپ كىرگەن. ستالىن گرۇزىن سوتسىئال دېموكراتلىرىنىڭ تۇنجى تەشكىلاتچىسى بولغان ھەم 1893 — 1898-يىللاردا ماركسىزم ئىدىيىسىنى تارقىتىشتا خېلى ئىجابىي رول ئوينىغان. «كاپىتال ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نى ۋە ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. لېنىننىڭ نارودنىكلارغا قارشى «لىبېرىيال ماركسىزم»غا ۋە «ئىكونومىزم»غا قارشى يېزىلغان ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان، لېنىن ئەسەرلىرى ستالىندا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان.

ستالىن نەزەرىيە مەسىلىسىگە ئىنتايىن قىزىققان. ئۇ پەلسەپىنى، سىياسىي-ئىقتىسادنى، تارىخنى، تەبىئەت پەنلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. كلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇقۇمۇشلۇق ماركسىزمچى بولۇپ يېتىشكەن.

1890-يىلىنىڭ دېكابىر ئېيىدا، «ئىسكرا گېزىتى» چىقىشقا باشلىغاندا، ستالىن تامامەن شۇ گېزىتنىڭ يولىنى تۇتقان ۋە لېنىننىڭ ھەقىقەتەن پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ يولباشچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن.

1901-يىل 22-ئاپرېلدا تىبلىسنىڭ مەركىزىدە «1-ماي» نامايىشى بولغان. ستالىن بۇ نامايىشنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە رەھبىرى بولغان. لېنىن «ئىسكرا»سى بۇ نامايىشقا: بۇ پۈتكۈل كاۋكاز ئۈچۈن تارىخىي مۇھىم ۋەقە، دەپ باھا بەرگەن.

«بىردژولار» گېزىتىنىڭ بىرىنچى سانىدا بېسىلغان (1901-يىل

ستالىننىڭ ئانا يۇرتى بولغان بۇ شەھەر كۆنگە بىزگە ئوخشاش نۇرغۇن مېھمانلارنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدىكەن، مەخسۇس ستالىن ئۈچۈن مەرمەر ۋە ئەينەكتىن ياسالغان كۆرگەزمە ئۆيىدە ۋ. ئى. ستالىن تۇغۇلغان ۋە بـــالىلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن خىشتىن قوپۇرۇلغان ئاددىيغىنا ئىككى ئېغىزلىق ئۆيمۇ بار ئىكەن. شەھەر ئىچىدىكى ستالىن نامىغا قويۇلغان مەدەنىيەت ۋە ئىستىراھەت باغچىسى گورى ئاھالىسىنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان جايلىرىدىن بىرى ئىكەن.

گـــورى خەلقى جۇمھۇرىيەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋار ئۆتمۈشىنىڭ مۇزېيىنى تۇرغۇزۇشقا كىرىشكەن. شۇڭلاشقىمۇ بۇ يەردە ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئەزىز جېنىنى قـــۇربـــان قىلغانلارنىڭ، ئىنسانىيەتنى قانلىق ۋابا كېسىلىدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلارنىڭ خاتىرە يادىكارلىقلىرى ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋېتىپتۇ.

## ۋلادىمىر ئىلئىچ لېنىن بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇنقى ستالىن

بۇ بۆلۈمگە ستالىننىڭ شۇ دەۋرلەردە يازغان ماقالىلىرى، كىتابلىرى، هــەرخـــىل قـــولـــيـــازمـــىلىرى قويۇلغاندىن تاشقىرى ئۇنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان رەسىملەر قويۇلغان.

ئى. ۋ. ستالىن 1879-يىل 21-دېكابىردا تىبلىس گۇبېرنىيىسىنىڭ گورى شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتىسى گرۇزىن مىللىتىدىن بولۇپ، تىبلىس گۇبېرنىيىسىدىكى دىدىلۇ يېزىسىنىڭ دېھقانلىرىدىن ئىكەن. ئاتىسى موزدۇز

تۇرغان. ر س د ر پ نىڭ كاۋكاز كومىتېتى ئەزاسى بولغان ستالىن يولداش سىخاكايە بىلەن بىللە بۇ كومىتېتنىڭ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان. بولشېۋىكلارنىڭ بۇ كۈرەشتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورالى پارتىيە ئەدەبىياتى بولغان. كاۋكازدىكى بولشېۋىك مەتبۇئاتىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ستالىن ئۆزى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭدا تەشەببۇسكارلىق رول ئوينىغان. كاۋكازدا بولشېۋىزم پوزىتسىيىلىرىنى ھىمايە قىلىشتا، لېنىننىڭ ئىدىيىلىرىنى تەرغىپ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ر س د ر پ كاۋكاز ئىتتىپاقىنىڭ ئورگىنى بولغان. ستالىن تەھرىرلىكى ئاستىدا چىقىپ تۇرغان ۋە «بىردژولا»نىڭ مۇناسىپ ۋارىسى بولغان «پرولېتارىياتىس بىردژولا» گېزىتى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭدا بېسىلغان ئەڭ مۇھىم ماقالىلەرنىڭ تولاراقىنى ستالىن يازغان. بۇ ماقالىلەر ئارقىلىق ستالىننىڭ تالانتلىق مۇنازىرىچى، پارتىيىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي ۋە نەزەرىيىچىسى، پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي يولباشچىسى ئىكەنلىكى نامايان قىلىنغان.

ستالىن ئۆزىنىڭ «پارتىيىدىكى ئىختىلاپلار توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز» دېگەن كىتابىدا، "كۇتائىستىن خەتلەر" دېگەن ئىككى ماقالىسىدە ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرىنى قاتتىق قوغدىغان.

ستالىن «پارتىيىدىكى ئىختىلاپلار توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز» دېگەن كىتابىدا ئىشچىلارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەرىكىتى بىلەن سوتسىيالىستىك ئاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا، "سوتسىيال دېموكراتىيە مىللىي مەسىلىنى قانداق چۈشىنىدۇ؟" دېگەن ماقالە ر س د ر پ نىڭ مىللىي پروگراممىسىغا ناھايىتى ياخشى شەرھىيدۇر. ستالىن بۇ ماقالىدە پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى نەزەرىيە ۋە پروگراممىسىنى ئاساسلاپ ۋە چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. ئوپپورتۇنىستلارنىڭ ھەر مىللەت پرولېتارىياتىنى بىر-بىرىدىن ئاجرىتىش كېرەك، دېگەن قاراشلىرىنى

سىنتەبىر) ”رېداكسىيىدىن“ دېگەن باش ماقالىنى ستالىن يازغان. ستالىن گېزىتنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا توختىلىپ ”گرۇزىن سوتسىيال دېموكراتلار گېزىتى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە باغلىنىدىغان ھەممە مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بېرىشى، ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرەشتىكى رولىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتە چۈشەندۈرۈپ بېرىشى، ئىشچى تۇرمۇشىدىكى ھەربىر ھادىسىنى ئىلمىي سوتسىيالىزم نۇرلىرى بىلەن يورۇتۇپ بېرىشى لازىم“ دەپ يازغان.

«برودزۇلا» نىڭ ئىككىنچى سانى (1901-يىل نويابىر — دېكابىر) دا ستالىننىڭ ”روسىيە سوتسىيال دېموكرات ئىشچىلار پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئارىدىكى ۋەزىپىلىرى“ دېگەن مۇھىم ماقالىسى بېسىلغان. بۇ ماقالىدە ستالىن ئىلمىي سوتسىيالىزمنى ئىشچىلارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن قوشۇش زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىگەن.

1901-يىل 11-نويابىردا ستالىن باتۇمدا سوتسىيال دېموكراتلار تەشكىلاتىنى قۇرغان. ر س د ر پ نىڭ باتۇم كومىتېتىنى تەشكىل قىلغان. زاۋۇتلاردىكى ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلغان. ستالىن 1902-يىل 9-مارتتا باتۇمى ئىشچىلىرىنىڭ مەشھۇر سىياسىي نامايىشىنى تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭغان.

1902-يىل 6-ئاپرېلدا پولىتسىيە جاسۇسلىرى ستالىننى قولغا ئالغان، لېكىن ستالىن تۈرمىدىمۇ ئىنقىلاب بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزمىگەن.

1903-يىل كۈزدە ستالىن شەرقىي سىبىرىيىگە، ئىركۇتسك گۇبېرنىسىنىڭ بالاگانسك ئويېزىدىكى نوۋايائۇدا يېزىسىغا ئۈچ يىللىق سۈرگۈن قىلىنغان، ئۇ سۈرگۈن قىلىنغان مەزگىلدە لېنىندىن خەت ئالغان.

1904-يىل 5-يانۋاردا ستالىن سۈرگۈندىن قاچقان. 1904-يىل فېۋرالدا ستالىن يەنە كاۋكازغا كېلىپ، ئاۋۋال باتۇمدا، كېيىن تىبلىستا

سايلانغان.

ستالىن ر ىس د ر پ قۇرۇلتىيى (كىھولم، 1906-يىل ئاپرېل)نىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ يەردە لېنىن بىلەن بىللە مېنشېۋىكلەرگە قارشى تۇرۇپ، بولشېۋىكلارنىڭ ئىنقىلابتا تۇتقان يولىنى ھىمايە قىلغان.

قۇرۇلتايدىن كېيىن، ستالىن يەنە زاكاۋكازىيىگە كەلگەن. ئۇ مېنشېۋىزمغە ۋە پرولېتارىياتقا يات باشقا ئېقىملارغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بارغان. ئۇ تىبلىستا گرۇزىن تىلىدا چىقىدىغان بولشېۋىكلار گېزىتى «يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ۋاقىت»، «بىزنىڭ تۇرمۇش»، «ۋاقىت» گېزىتلىرىگە رەھبەرلىك قىلغان. ستالىننىڭ "ئانارخىزممۇ ياكى سوتسىيالىزممۇ؟" دېگەن سەرلەۋھىدە يازغان بىرقانچە ماقالىسى ئەنە شۇ دەۋردە يېزىلغان.

1909-يىلدا لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى» دېگەن داھىيانە ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان. لېنىن بۇ ئەسىرىدە ماركسىزم نەزەرىيىسى يولىدىن چەتنىگەن ئايىنغۇچىلارنى تولۇق پاش قىلىپ، بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى ساقلاپ قالغان. شۇ چاغدا ستالىنمۇ ماركسىزمنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى قوغداشتا چىڭ تۇرغان. ستالىن ئۆزىنىڭ "ئانارخىزممۇ ياكى سوتسىيالىزممۇ؟" دېگەن ماقالىسىدە ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى قوغدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان.

1907-يىل ئاپرېل، ماي ئايلىرىدا ر س د ر پ نىڭ (لوندون) قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ قۇرۇلتاي بولشېۋىكلارنىڭ مېنشېۋىكلار ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسىنى مۇستەھكەملىگەن. ستالىن بۇ قۇرۇلتايغا پائال قاتناشقان. قۇرۇلتايدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ "روسىيە سوتسىيال دېموكرات ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ لوندون قۇرۇلتىيى" دېگەن

قاتتىق تەنقىد قىلغان.

ستالىننىڭ 1905-يىل يازغان تەشۋىقات ئىنقىلابىي، ئىلمىي تەشۋىقات ۋەرەقلىرى بولشېۋىزم غايىلىرىنى ئامما ئارىسىغا تارقىتىشنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۈلگىسى بولغان. ستالىن «قوراللىق قوزغىلاڭ ۋە بىزنىڭ تاكتىكىمىز»، «ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە سوتسىيال دېموكراتىيە»، «رېئاكسىيە كۈچەيمەكتە» دېگەن ماقالىلىرىدە ۋە باشقا ماقالىلىرىدە مېنشېۋىكلارنىڭ باشلىقلىرىنى ناھايىتى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، بۇ ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە پۇختا ۋە كەسكىن ھالدا قوراللىق قوزغىلاڭ قىلىش زۆرۈرلىكىنى دەۋەت قىلغان.

1905-يىل «ئۆكتەبىر خىتابنامىسى» چىققان ۋاقىتتا ستالىن تىبلىستا لېنىننىڭ تاكتىكا پىلانى ئۈچۈن، ئىنقىلابنىڭ بولشېۋىكلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شوئارلىرى ئۈچۈن قىزغىن كۈرەش ئېلىپ بارغان.

## تاممېر فورس يىغىنىدىن كېيىنكى ستالىن

بۇ بۆلۈمگە ستالىننىڭ شۇ دەۋردىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە دائىر رەسىملەر ۋە يازما ماقالە، ئەسەر ۋە ھەرخىل قولىيازمىلىرى قويۇلغان.

1905-يىلنىڭ دېكابىر ئېيىدا، ستالىن زاكاۋكازىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ تاممېر فورس (فىنلاندىيە) تا ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى يىغىنىغا قاتناشقان. ئۇ، لېنىن بىلەن تۇنجى قېتىم تاممېر فورس يىغىنىدا ئۇچراشقان، شۇ يىغىندا ستالىن يىغىن ھۆججەتلىرىنى تەھرىرلەش ئۈچۈن قۇرۇلغان سىياسىي كومىسسىيىگە

لېنىننىڭ «نېمە قىلىش كېرەك؟» ، «بىر چامدام ئالغا، ئىككى چامدام ئارقىغا» ، «دېموكراتىك ئىنقىلابتا سوتسىيال دېموكراتىيىنىڭ ئىككى تاكتىكىسى» ، «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى» دېگەن ئەسەرلىرى ئىنقىلابنىڭ بۇ باسقۇچىدا ئاساسىي ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. بىر تالاي دۈشمەنگە قارشى بۇ كۆرەشتە ستالىن لېنىنغا سادىق سەپداش بولۇپ، ساداقەتمەن تايانچ بولغان.

1912-يىل 22-ئاپرېلدا ستالىن پېتېربۇرگتا ئاشكارا ھالدا قولغا ئېلىنغان ۋە بىرنەچچە ئاي تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، نارىم ئۆلكىسىگە ئۈچ يىللىق سۈرگەن قىلىنغان. لېكىن 1912-يىل 1-سىنتەبىردە سۈرگۈندىن يەنە قېچىپ، پېتېربۇرگقا كەلگەن، بۇ يەردە بولشېۋىكلار گېزىتى «پراۋدا» گېزىتىدە مۇھەررىرلىك قىلغان.

ستالىن چەت ئەلدە تۇرغان ۋاقتىدا «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» دېگەن ئەسىرىنى يازغان. لېنىن بۇ ئەسەرگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.

ستالىننىڭ «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» دېگەن ئەسىرىدە، مىللىي مەسىلىدىكى ئىككى خىل مېتود، ئىككى خىل پروگرامما، ئىككى خىل نەزەرىيە كەسكىن ۋە كۈچلۈك يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. لېنىن بىلەن ستالىن مىللىي مەسىلە ھەققىدە ماركسىزملىق پروگرامما تۈزۈپ چىققان. ستالىن ئۆز ئەسىرىدە مىللەت توغرىسىدىكى ماركسىزملىق نەزەرىيىنى سىستېملىق تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن.

1913-يىل 23-فېۋرالدا بولشېۋىكلارنىڭ پېتېربۇرگ كومىتېتى كالاشنىنكوۋ بىرژاسى زالىدا يىغىن ئۆتكۈزگەن كېچىسى ستالىن يەنە قولغا ئېلىنغان. بۇ قېتىم چار ھۆكۈمىتى ستالىننى ئەڭ يىراق ئورۇخان ئۆلكىسىگە تۆت يىللىق سۈرگۈن قىلغان. ستالىن 1914-، 1915- ۋە 1916-يىلنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن.

ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىدە قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىغا ۋە يەكۇنلىرىگە باھا بەرگەن.

ر س د ر پ نىڭ (لوندون) قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ستالىن پارتىيىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن زاكاۋكازىيىنىڭ ئەڭ چوڭ سانائەت رايونى ۋە روسىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم مەركىزى بولغان باكۇغا ئورۇنلاشقان، 1907-يىلدىن باشلاپ باكۇدىكى ئىنقىلابىي پائالىيىتىنى باشلىغان.

1908-يىل 25-مارتتا ستالىن قولغا ئېلىنغان ۋە سەككىز ئاي تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن ۋولوگدا ئىككى يىللىق سۈرگۈن قىلىنغان، 1909-يىل 24-ئىيۇندا سۈرگۈندىن قېچىپ باكۇغا كېلىپ، يوشۇرۇن ئىشلەشكە باشلىغان.

1910-يىل 23-مارتتا ستالىن باكۇدا جاسۇسلار تەرىپىدىن يەنە قولغا ئېلىنغان ۋە سۈرگۈن قىلىنغان. ستالىن سۈرگۈندە تۇرغان چېغىدا لېنىن بىلەن ئالاقە باغلىغان. 1910-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ستالىن مەركىزىي كومىتېتقا خەت يېزىپ، لېنىننىڭ يوشۇرۇن پرولېتارىيات پارتىيىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەش تەرەپدارلىرىنى بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا تۇتقان يولىنى پۈتۈنلەي قۇۋۋەتلىگەن.

1911-يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن ئېتىبارەن يولداش ستالىن پېتېربۇرگتا ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان. 1911-يىل 9-سېنتەبىردە پېتېربۇرگتا يەنە قولغا ئېلىنغان ھەم سۈرگۈن قىلىنغان. 1912-يىل فېۋرالدا بۇ يەردىن يەنە قاچقان.

1912-يىل يانۋاردا بولشېۋىك پارتىيىسىنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى زور ۋەقە بولغان، ئۇ بولسىمۇ ر س د ر پ نىڭ پراگا يىغىنى مېنشېۋىكلارنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، يېڭى تىپتىكى پارتىيە — لېنىنىزملىق پارتىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئۈچۈن ئاساس سالغان.

چىقىپ تۇرغان پارتىيە مەركىزىي ئورگىنىغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغان. ئەكسىلئىنقىلابچىلار لېنىننى سوتلىماقچى بولغاندا، ستالىن قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، پارتىيە ئۈچۈن، سوۋېت خەلقى ئۈچۈن، پۈتۈن كىشىلىك دۇنياسى ئۈچۈن لېنىننىڭ ئەزىز ھاياتىنى ساقلاپ قالغان.

سوۋېت ھۆكۈمىتى دۇنياغا كەلگەن بىرىنچى كۈندىن باشلاپ، تا 1923-يىلىغىچە ستالىن مىللەتلەر ئىشى خەلق كومىسسارى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ پارتىيە ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ س س س ر دا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدىكى ھەممە ئىشلىرىغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغان.

گراژدانلار ئۇرۇشى يىللىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە شەخسەن لېنىننىڭ ئۆزى ستالىننى ئىنقىلاب ئۈچۈن خەتەرلىك بولغان ئەڭ مۇھىم فرونتلارغا ئەۋەتكەن. قەيەردە قىزىل ئارمىيە ئۈچۈن ھالاكەتلىك خەۋپ تۇغۇلسا، قەيەردە ئەكسىلئىنقىلاب سوۋېت ھاكىمىيىتىگە خەۋپ سېلىۋاتقان بولسا، شۇ يەرگە ستالىننى ئەۋەتكەن. قەيەر ھالاكەتكە يېقىنلىشىپ قالسا، شۇ يەردە يولداش ستالىن پەيدا بولغان.

س س س ر نىڭ تەشكىل قىلىنىشى لېنىن-ستالىن مىللىي سىياسىتىنىڭ زور غەلىبىسى بولۇپ، شۇندىن كېيىن ياۋروپادىكى چوڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر س س س ر نى تونۇشقا باشلىغان. لېنىن 1924-يىلى 21-يانۋاردا موسكۋا يېنىدىكى گوركى دېگەن جايدا ۋاپات بولغان.

ستالىننىڭ 1924-يىلدا چىققان «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا» دېگەن نەزەرىيىۋى ئەسىرى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر. بۇ ئەسەردە لېنىنىزم ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن بايان قىلىنغان ۋە ئۇ نەزەرىيە

1916-يىل دېكابىردا ستالىن ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ، كراسنويارسك شەھىرىگە، كېيىن ئاچىنسكى شەھىرىگە ئەۋەتىلگەن. ئۇ، بۇ يەردە فېۋرال ئىنقىلابى خەۋىرىنى ئاڭلىغان، 1917-يىلى مارت ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئاچىنسكىدىن قېچىپ يولدا كېتىۋېتىپ، شىۋېتسارىيىدە تۇرغان لېنىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتكەن.

ستالىن ئورۇخاندىكى سۈرگۈندە ھەممە جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداپ، 1917-يىل 12-مارتتا يەنە پېتېربۇرگقا — روسىيىنىڭ ئىنقىلابىي پايتەختىگە كەلگەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ستالىنغا «پراۋدا» گېزىتىگە رەھبەرلىك قىلىشنى تاپشۇرغان.

1917-يىل 3-ئاپرېلدا يولداش ستالىن لېنىننىڭ چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىشچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە لېنىننى كۈتۈۋېلىشقا بارغان. پېتروگرادتىكى فىنلاندىيە ۋوگزالى لېنىننى كۈتۈۋېلىش چوڭ ئىنقىلابىي نامايىش مەيدانىغا ئايلانغان. 1917-يىل 22-ئاپرېلدا بولشېۋىكلارنىڭ (ئاپرېل) يىغىنى ئېچىلغان، لېنىننىڭ تېزىسلىرى بۇ يىغىننىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس بولغان. ستالىن يىغىندا لېنىننىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا تۇتقان يولىنى قەتئىي ھىمايە قىلغان.

1917-يىل مايدا، يىغىندىن كېيىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىي بيۇروسى قۇرۇلغان، ستالىن ئۇنىڭغا ئەزا بولۇپ سايلانغان. ستالىن شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىغا داۋاملىق دائىمىي ئەزا بولۇپ سايلىنىپ كەلگەن.

1917-يىل ئىيۇلدىن كېيىن، ئەكسىلئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قوغلىشىغا ۋە تۆھمىتىگە ئۇچرىغان لېنىن يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن ۋاقىتتا، ستالىن مەركىزىي كومىتېتقا ۋە شۇ ۋاقىتتا تۈرلۈك ناملار بىلەن

ئېنگېلس ۋە لېنىننىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى خۇلاسىلانغان.

## 2-دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ستالىن

بۇ بۆلۈمگە ستالىننىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر ئەسەرلەر، ماقالىلار ۋە رەسىملەر قويۇلغان.

1941-يىل 22-ئىيۇندا گىتلېر گېرمانىيىسى ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق توغرىسىدىكى ئەھدىگە قوپاللىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا خىيانەتكارلىقى بىلەن ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت خەلقىنىڭ نېمىس باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرى باشلاندى.

مەركىزىي كومىتېت ۋە س س س ر خەلق كومىسسارلىرى سوۋېتى 1941-يىل 30-ئىيۇندا دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقارغان ۋە مەملىكەت بويىچە پۈتكۈل ھاكىمىيەت شۇ كومىتېتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغان، ستالىن بۇ كومىتېتنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلەنگەن. ستالىن پۈتكۈل قوراللىق كۈچكە باش بولۇپ، سوۋېت خەلقىنىڭ دۈشمىنى گېرمان فاشىزمىغا قارشى كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلغان.

گىتلېر گېرمانىيىسى بىرنەچچە مىڭ تانكا ۋە ئايروپىلان بىلەن قوراللانغان 170 دىۋىزىيە ئەسكىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇيۇقسىزلا ھۇجۇم باشلىغان.

1941-يىل 3-ئىيۇلدا يولداش ستالىن رادىئودا پۈتكۈل سوۋېت

جەھەتتىن چوڭقۇر دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاپ بېرىلگەن.

1924-يىل دېكابىردا ستالىننىڭ «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي ۋە رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ تاكتىكىسى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى نەشر قىلىنغان. ستالىن بۇ ئەسىرىدە لېنىننىڭ بىر مەملىكەتتە سوتسىيالىزم غەلىبىسى توغرىسىدىكى قائىدىسىنى ئاساسلاپ، بۇ مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپىنى، يەنى ئىچكى ۋە خەلقئارا تەرەپلىرىنى پەرق ئېتىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

1926-يىلىنىڭ بېشىدا ستالىننىڭ «لېنىنىزم مەسىلىلىرىگە دائىر» دېگەن ئەسىرى نەشر قىلىنغان.

ستالىن 1934-يىلىنىڭ بېشىدا پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان. يولداش ستالىن قۇرۇلتايدا ۋ ك پ (ب) مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا قىلغان ھېسابات دوكلاتىدا پارتىيىنىڭ تارىخىي غەلىبىلىرىنى، سوتسىيالىزمنىڭ س س س ر دىكى غەلىبىلىرىنى يەكۇنلىگەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ستالىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلتايدا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى بەرگەن. ستالىننىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەيئىتى يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ ئاساسىي قانۇن 1936-يىل 5-ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۆۋەتتىن تاشقىرى چاقىرىلغان قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان.

1938-يىلى يولداش ستالىن يازغان، ۋ ك پ (ب) م ك كومىتېتى ماقۇللىغان «ۋ ك پ (ب) تارىخى قىسقا كۇرس» دېگەن كىتابى بېسىلىپ چىققان. «ۋ ك پ (ب) تارىخى قىسقا كۇرس» نىڭ "دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم توغرىسىدا" دېگەن بابىدا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسلىرى ناھايىتى روشەن بايان قىلىنغان، ماركس،

قورشاپ بېسىۋالماقچى بولغان گىتلېر مەقسىتىگە يېتەلمىگەن.

1942-يىلى ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نېمىسلار ستالىنگرادقا ھۇجۇم باشلىغان.

1942-يىل 19-نويابىر سوۋېت ئارمىيىسى ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ستالىنگرادقا قايتۇرما ھۇجۇم باشلىغان، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 300 مىڭ نېمىس ئەسكىرىنى قورشىۋالغان، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قىرىپ تاشلىغان، بىر قىسمىنى ئەسىر ئالغان.

يولداش ستالىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1943-يىلى ئاۋغۇستتا س س س ر خەلق ۋەكىللىرى سوۋېتى بىلەن ۋ ك پ (ب) مەركىزىي كومىتېتى «نېمىس باسقۇنچىلىرىدىن ئازاد قىلىنغان جايلارنىڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان زۆرۈر چارىلەر توغرىسىدا» قارار چىقارغان.

يولداش ستالىن 1944-يىل 6-نويابىردا ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ 27-يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بەرگەن دوكلاتىدا: فاشىستلارنى قوغلاپ يوقىتىپ، بېرلىن شەھىرىگە غەلىبە بايرىقىنى قادايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

سوۋېت ئارمىيىسى 1945-يىلىنىڭ يانۋار، فېۋرال ئايلىرىدىكى 40 كۈنلۈك جەڭدە دۈشمەنگە شىددەتلىك زەربە بېرىپ، ئۇلارنى غەربكە قاراپ قوغلاپ بارغان، پولشانى، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ تالاي قىسمىنى ئازاد قىلغان.

1945-يىل 2-مايدا، قىزىل ئارمىيە نېمىس قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىپ، غەلىبە بايرىقىنى بېرلىنغا قادىغان، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت خەلقى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن.

خەلقىغە، قىزىل ئارمىيە ۋە ھەربىي دېڭىز فلوتى جەڭچىلىرىگە مۇراجىئەتنامە چىقارغان. مۇراجىئەتنامىدە گىتلېر گېرمانىيىسى قوزغىغان ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى ئېچىپ تاشلانغان، سوۋېت خەلقىگە سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قوغداش چاقىرىقى قىلىنغان.

1941-يىل 19-ئىيۇلدا س س س ر ئالىي سوۋېتى كومىتېتى ستالىننى س س س ر مۇداپىئە خەلق كومىسسارى قىلىپ تەيىنلىگەن. يولداش ستالىن سوۋېت قوراللىق كۈچلىرىنى مۇستەھكەملەش يولىدا ئىنتايىن زور خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. سوۋېت ئارمىيىسى يولداش ستالىننىڭ رەھبەرلىكىدە ئاكتىپ قوغدىنىش تاكتىكىسىنى قوللانغان.

1941-يىلدىكى ئۇرۇشتا، ۋەزىيەت ئىنتايىن يامانلاشقان، موسكۋا جىددىي خەۋپ ئىچىدە قالغان. 1941-يىل 19-ئۆكتەبىردە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ستالىن پايتەختنى قوغداپ قېلىش پىلانىنى ھەم موسكۋا ئەتراپىدىكى نېمىس ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان ۋە بۇ پىلاننى ناھايىتى ئۇگۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرغان.

1941-يىل 7-نويابىردا قىزىل مەيداندا قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەربىي پاراتى ئۆتكۈزۈلگەن. ستالىن لېنىن مەقبەرىسى مۇنبىرىدە تۇرۇپ سۆزلىگەن نۇتقىدا، سوۋېت خەلقىنى ئازاد قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ قىزىل ئارمىينىڭ ئۈستىگە چۈشكەنلىكىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق ئەسكەرلەرنى، ئەر-ئايال پارتىزانلارنى دەرھال ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ فاشىستلارنى يوقىتىشقا سەپەرۋەر قىلغان.

موسكۋا ئەتراپىغا توپلانغان سوۋېت ئارمىيىسى 1941-يىل 6-دېكابىردا يولداش ستالىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن نېمىس قوشۇنلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم باشلىغان. كەسكىن جەڭدىن كېيىن، بەرداشلىق بېرەلمىگەن نېمىس قوشۇنلىرى تەرتىپسىز ھالدا قېچىشقا باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن موسكۋانى

ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىشتىكى ئىلمىي تۆھپىلىرى ئۈچۈن، 1939-يىلى 22-دېكابىردا يولداش ستالىن س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە پەخرىي ئەزا بولۇپ سايلانغان.

س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى ۋ. ۋىنوگرادوۋ ئاكادېمىيىگە ۋەكالىتەن سۆزلىگەن سۆزىدە ۋە "سوۋېت تىلشۇناسلىقى يېڭى تەرەققىيات يولىدا" دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدە ستالىننىڭ ماركسىزمنى تىلشۇناسلىققا تەدبىقلاش جەھەتتىكى تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بەرگەن بولۇپ، دەر ھەقىقەت ئى. ۋ ستالىننىڭ ئەمگىكىدە ماركسىزم-لېنىنىزم پەلسەپىسىگە ۋە مېتودولوگىيىسىگە ئاساسلىنىلغان ۋە كوممۇنىستىك جەمئىيەت قۇرۇشقا ياردەملىشۋاتقان سوۋېت ئىلمىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش يوللىرى بەلگىلەنگەن.

ئى. ۋ ستالىننىڭ ئەمگىكى نەتىجىسىدە تىلشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى ئومۇمىي خەلق ئىشى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن تىلشۇناسلىقتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا كەڭ ۋە ئىجادىي رەۋىشتە مۇھاكىمە قىلىنغان.

س س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى يولداش ستالىننىڭ نېمىس باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەن ئۇرۇشىدا قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا توغرا رەھبەرلىك قىلىپ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، 1943-يىلى 6-نويابىردا ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك سۇۋۇروۋ ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىغان.

1944-يىلى 20-ئىيۇندا موسكۋا مېھنەتكەشلىرى كومىتېتى رەئىسى س س س ر ئالىي سوۋېتى ھەيئەت رىياستى نامىدىن ستالىنغا «موسكۋا مۇداپىئەسى ئۈچۈن» ناملىق بىرىنچى مېدالنى تاپشۇرغان.

س س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ ھەيئەت رىياستى ستالىننىڭ قىزىل

# ئوردېن ۋە پەنلەر ئاكادېمىيىسى بىلەن ستالىننىڭ مۇناسىۋىتى

بۇ بۆلۈمگە بولشېۋىك پارتىيىسىنىڭ، لېنىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ، ستالىننىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى مۇكاپاتلاش، ئوردېن بېرىش توغرىسىدىكى قارار، ھۆججەتلەر ۋە ستالىننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، ئىلىم-پەن، مائارىپ، ھەربىي مەدەنىيەت ساھەلىرىدە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەپ يېزىلغان بىرقانچە يۈز پارچە قارار، مەتبۇئات، ژۇرنال-گېزىت، شېئىر، داستان، خەت، خاتىرىلەر قويۇلغان.

ستالىننىڭ گراژدانلار ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن، لېنىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۈتكۈل روسىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1919-يىل 27-نويابىردىكى قارارى بويىچە ستالىن «قىزىلبايراق» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

1939-يىل 20-دېكابىردا ستالىننىڭ 60 ياشقا كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن س س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى بولشېۋىكلار پارتىيىسىنى قۇرۇشتا، سوۋېت دۆلىتىنى قۇرۇشتا ۋە س س س ر دا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇشتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى مۇستەھكەملەشتە يولداش ستالىننىڭ ناھايىتى زور خىزمەت قىلغىنىنى ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا سوتسىيالىستىك مېھنەت قەھرىمانى ئۇنۋانىنى بەرگەن. ماركسىزم-لېنىنىزمنى، ماركسىزملىق مىللەت مەسىلىسى نەزەرىيىسىنى، تىل-ئەدەبىياتنى س س س ر نىڭ ئىجتىمائىي

ئۇلۇغ ستالىننىڭ نەپەسداشىمىز،
نەپەسكى مەزمۇنى يەتتە فەزالەردىن كەلگ.

قەترىدە ئاسمان ئەكس ئەتكىنىدەك،
جاھاندەك مەنىدار كۆز قارىچۇقىمىز.
غالىب ئەسىرىمىزگە قۇياشتىن مەشئەل،
زامان كۈرسىنىڭ ئۆچمەس چوغىمىز.

ھەر لەھزە ستالىن ئۆمرىدەك ئۇزۇن،
ئەسىرلەر تەقدىرى لەھزەلەردە ھەل.
ئۆمۈردىن ئۆتىدۇ ھەر لەھزە ئۈچۈن،
قۇدرەتلىك قول بىلەن قويايلى ھەيكەل.

ئاتاقلىق ئۆزبېك خەلق شائىرى چوستى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

......
بولمىسا ئاپتاپۇ يۇلتۇز نۇرى ئاسمان نە كېرەك،
بىلمىسە جانىڭنى قەدرىن ساڭا جانان نە كېرەك.
بولمىسا خەلقىڭ رىزا جىسمىڭدىكى جان نە كېرەك،
يۇرت ئۈچۈن دائىم ۋاپاسىز بولغان ئىنسان نە كېرەك.
تەپكىلەر گۈلنىڭ گۈلىستان ئىچرە ھايۋان نە كېرەك.

تۈركمەنۇ، تاجىك، قازاق، قىرغىز قېرىنداش بەختىيار،
ئۆزبېكۇ، ئەرمەن، تاتار، گرۇزىن ھەممە بىر-بىرىگە يار.

ئارمىيىگە باش بولۇپ، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى ناھايىتى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقانلىقى ھەم نېمىس فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەيدانىدا قىزىل ئــارمــيىنى زەپەر قۇچتۇرغانلىقىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن 1944-يىلى 29-ئىيۇلدا ئۇنى «غەلىبە» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىغان.

س س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى پۈتكۈل سوۋېت خەلقىنىڭ تىلىكىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن 1945-يىلى 26-ئىيۇلدا پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق كۈچلىرىگە باش بولۇپ، گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ تــولۇق مەغلۇبىيىتى بىلەن تۈگىگەن ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىغا ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ياخشى رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى باھالاپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم «غەلىبە» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىغان.

1945-يــىلــى 27-ئــىيۇندا س س س ر نىڭ ھەممە قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئالىي باش قوماندانى ستالىنغا ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ئۇنۋان — سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېنېرالىسسىمۇس ئۇنۋانى ۋە گېنېرالىسسىمۇس ئوردېنى بېرىلگەن.

ستــالــىن مــۇزېــيــىنىڭ يەنە بىر بۆلۈمىگە سوۋېت ئىتتىپاقى، ســوتــســيالىستىك ۋە باشقا دېموكراتىك ئەللەردىكى شائىر، يازغۇچى، ئــىشچى-دېھقان جامائەت ئەربابلىرىنىڭ ستالىن توغرىسىدا ھەر خىل يــېــزىقلاردا يازغان نۇرغۇن شېئىر، داستان ۋە قوليازمىلىرى قويۇلغان. بۇنىڭدىن ئىككى مىسال كەلتۈرەيلى.

ئاكادېمىك غاپۇر غۇلام داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

باھاسىز دەملەرنىڭ تىرىك جېنى بىز،
دەمى ئۆتمۇشنىڭ يۈز يىلىغا تەڭ.

# يەتتىنچى باب

# گېرمانىيە زېمىنىدىكى بىلىم ۋە زىيارەت

بىر ئاغا ئورنىدادۇر، رۇس خەلقلىرى خىشو تابار،
ئاپتاپ نۇر دەپتىرىدە هۆر سوۋېتلەر نامى بار.
ئوغرىغا ئەل دۈشمىنىگە، بۇ شەرەپ-شان نە كېرەك.

بورداقى قوي-قوزى هەم-يىلقىغا تولغان تاغىمىز،
يىنىكو-ئېغىر سانائەتلەرگە باي توپراقىمىز.
بى رەقىبدۇر ئىشقىمىز هەم بى تىكەندۇر باغىمىز،
داهىمىز دانا ستالىن دوستىمىز، يولداشىمىز،
بىزگە ئوخشاش كىم ياشالماس، ئۇنگە دەۋران نەكېرەك
. . . . . .



# فرانكفورت

## مۇقەددىمە

1989-يىلى 3-ئايدا غەربىي گېرمانىيە تۈركستان تەتقىقات ئىنستىتۇتى، كوللىن ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتى ۋە پروفېسسور، دوكتور ب. مىرزا ھەيت، پروفېسسور، دوكتور ۋوللا جونسونلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى فېڭ داجېننى، مېنى ۋە تۈرك تىلى مۇتەخەسسىسى مۆمىن ئابدۇللانى گېرمانىيىدە ئېچىلىدىغان شەرق تىل-ئەدەبىيات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ قىلدى. بىز 3-ئاينىڭ 3-كۈنى غەربىي گېرمانىيىگە يېتىپ بېرىپ، شەرق تىل-ئەدەبىيات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇق، ئاندىن كېيىن فرانكفورت، كوللىن، بونن، تىرىر، ھاننوۋېر قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەردىكى تارىخىي مۇزېي، ئېتنوگرافىيە مۇزېيى، ئۇنىۋېرسىتېت، قەدىمىي چېركاۋ، ھەيكەلتاراشلىق، مېمارچىلىق، مەشھۇر سەنئەت ئابىدىلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى زالى، ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇرلارنىڭ خاتىرە سارايلىرى، قەدىمىي يادىكارلىق خارابىلىرى

مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئۇزۇن تارىخ ۋە ئەنئەنىگە ئىگە شەھەر ئىكەن.

ئۇرۇش ۋە شەھەر تەرەققىياتى نۇرغۇن قەدىمىي ئىزلارنى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىز يەنىلا بۇ شەھەردە ساقلىنىپ قالغان ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىدىن ئۇنىڭ قەدىمكى تارىخىنى بىلەلەيمىز. رۇمېر بېرگ ۋە ئاتېدرال بىزگە بۇ شەھەر بۇرۇن بىر مەزگىل گېرمان ئىمپېرىيىسى تارىخىنىڭ مەركىزى بولغانلىقىنى، يەنى فرانكفورت بىر مەزگىل گېرمان پادىشاھلىرى تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن تاللىغان جاي بولۇشتەك شۆھرەتتىن بەھرىمەن بولغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. فرانكفورتنىڭ سودا ۋە زامانىۋى ئىقتىسادى رۇمېر ئالدىدىكى مەيداندىن بىخ سۈرۈشكە باشلىغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بەزى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەر ئاستى ئۆيلىرى ۋە ئوردا-سارايلىرى بار. 1848-يىلى 5-ئاينىڭ 18-كۈنى، پۈتۈن گېرمان ئىمپېرىيىسىدىن كەلگەن كېڭەش ئەزالىرى رۇمېرغا يىغىلىپ، فاۋلىسكىرىخقا كىرىپ، بۇ يەردە بىرىنچى قېتىملىق خەلق كېڭىشى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، گېرمانىيە تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچقان. فرانكفورت ئالاھىدە تەرەققىي تاپقان شەھەر، لېكىن دائىم مالىمانچىلىق ئىچىدە ئۆتكەچكە، ئۇلۇغ شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەركىنلىكى يېڭىلىقىنىڭ ئۇچۇغىدىشىغا ئۇچراپ كەلگەن.

بۇ يەردە، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەنقىدنىڭ ئەركىن قورالى سۈپىتىدىكى ئاخباراتچىلىق كۈچلۈك، قەدىمىي ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇ مۇنداق ئىسىملار بىلەن چاقناپ تۇرىدۇ: جۇمھۇرىيەتچى لۇدۋىگ بۆرنې، دېموكرات فرىدرىخ ستولتىز ۋە لىبېرال لېئوپولد سوننىمان (Frankfurter zeitung). شەھەر ئاھالىسى نۇرغۇن ئاممىۋى ئىمارەت ۋە ئەسلىھەلەرنى ھەدىيە قىلغان ۋە ياسىغان. ستەدېل مۇزېيى، Eisernesteg،

قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلىپ، ئىلىم-پەننىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئورتاق بايلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا چوڭقۇر تەسىراتقا ۋە كۆپلىگەن ئىلمىي ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇق.

تۆۋەندىكى بابلاردا بايان قىلغانلىرىم شۇ قېتىمقى زىيارەتتىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىمدۇر.

## ماين دەرياسى بويىدىكى فرانكفورت ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئالاقە مەركىزى

فرانكفورتنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان ماين دەرياسى بويىدىكى جايلاردىن باشقا، بۇ شەھەرنىڭ مەركىزى شەرق ۋوكزالى ياۋروپا بويىچە ئەڭ مۇھىم تۆمۈر يول مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. رېين — ماين ئايرودرومى 5000 ھاۋا يولى ئارقىلىق 90 دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، ئۇ گېرمانىيىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىش ئىشىكى. ماين دەرياسى بويىدىكى بۇ چوڭ مەركىزىي شەھەر گېرمانىيە بويىچە تېلېفون ئالاقە تورى ئەڭ كەڭ ۋە ئاپتوموبىل قاتنىشى ئەڭ زىچ شەھەر. پەلەككە تۇتاشقان ئاممىۋى بىنالار پەقەت بىرنەچچە كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان مۇشۇ جايغا مەركەزلەشكەن.بۇ يەردە دائىم ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىك خەلقئارا يەرمەنكە (كىتاب يەرمەنكىسى، ئاپتوموبىل يەرمەنكىسى)، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودىسى ۋە تېخنىكا يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ شەھەر مۇھىم ئىقتىساد ۋە قاتناش

دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئارىلىقىدا پارتلىغان بىر نۆۋەتلىك قىسقا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي "ئېپىزود" — ئىشچى ۋە ئەسكەرلەر ۋەكىللەر ئۆمىكى فرانكفورت Hof (هوف) مېھمانخانىسىدا بىر قوماندانلىق شتابى قۇرغان ھەم دۇمېر سارىيىنىڭ ئۈگزىسىگە ئۆزلىرىنىڭ قىزىل بايرىقىنى چىقارغاندىن كېيىن، شەھەر باشلىقى لۇدۋىگ لاندىمان ( 1924 — 1933-يىللار ) ئۆزىنىڭ "مۇلۇكدارلار بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىق ئورنىتىش" سەرلەۋھىلىك سىياسىي ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پروگراممىسى ئارقىلىق بىر "يېڭى دەۋر" ئېچىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. Niedۋە Hochst لار Fechen heim ، SchWanhiem، Griesheim ۋە SoSSenheim قاتارلىق شەھەر ئەتراپى رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى شەھەر رايونى قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان. غەرب قىسمىدىكى Hoechst بوياق ماتېرىياللىرى (paint، سىر، بوياق ماتېرىيالى) زاۋۇتى ۋە شەرق قىسمىدىكى Cassella زاۋۇتى بۇ شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇھىملىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

1926-يىلى، Rebstock دا بىرىنچى ئايرودروم ياسالغان ۋە ئىشلىتىلگەن، بۇ ھامبۇرگ — فرانكفورت — باسلېنى تۇتاشتۇرغان، ھافرابا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول قۇرۇلۇشى باشلانغان. "Halles" ئەركىن بازىرى قۇرۇلغان. شەھەر مەمۇرىيىتى لايىھىلەش ئۇستىسى ئېرنىست ماينىڭ لايىھىسى بويىچە، ئالدى بىلەن نىددا دەرياسى بويىغا "Romerstatd" دىن ئىبارەت بىرخىل قەدىمكى قۇرۇلۇشلارغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەسى بىنا قىلىنغان. X X ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى باشلانغاندا، دۇنياۋى ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن فرانكفورتنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان.

1933-يىلى، فرانكفورت "Gleichschaltung" نىڭ دۆلەت

Goethe’s house ، TheFreieDeutsche Hochstift ۋە سىنكېنبېرگ مۇزېيى ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىنالاردۇر.

فـــرانكفورتنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇشى 1802-يىلى باشلانـغـان. شۇ چـاغـدا مـۇداپىـئـە ئىستىھكاملىرى بۇزۇپ تاشلانغان ۋە تەدرىجـىـي كۆكەرتىلگـەن. X IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، فرانكفورت قەدىمكى چېكرا ھالىتىدىن سىرتقا كېڭىيىشكە باشلىغان. 1866-يىلى پروسسىيىگە قـوشـۇۋېـتـىلىپ ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقاتقان. ”Höchst“ ، بوسكىنھىم ئوففېنباخ ۋە فېخنھېيم قاتارلىق جايلارنى چۆرىدەپ، ھەممىلا جايغا سېپىق تۈز زاۋۇتى ياسالغان. فرانكفورت نوقۇل سودا بازىرىدىن تەدرىجىي ھالدا سانائەت شەھىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، سانائەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە قەدىمكى شەھەر مەركىزىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېڭىدىن ئايلانما كوچا ۋە تۈز كوچىلار رايونى، توغرا بۇلۇڭ شەكلىدىكى ئوق يول ۋە رادىئاتسىيە شەكلىدىكى مەيدان ياسالغان. شەھەر باشلىقى مايور، جوھان، مىچۇئېل شەھەرنى ئىدارە قىلغان (1880 — 1890-يىللار) مەزگىلدە، بۇ شەھەرنىڭ شەرقىي ۋوگزالى ۋە شەھەرنى ئايلانغان كوچا رايوننى تەسىس قىلىپلا قالماستىن، كايسېرشاھ شەھىرىنى بىنا قىلغان. ئۇنىڭ ۋارىسى فرانزى ئادىكېس ئىلگىرىكى شەھەر پىلانى ئىچىدە ئىككىنچى ئايلانما كوچا رايوننى بــەرپـا قـىلىش پىلانىنى (1880—1890-يىللار) تەپسىلىي شەرھلەپ، ”Alleenring“ دەپ نام بەرگەن. ئۇ فرانكفورت شەھىرىنىڭ ئاپتونومىيە رايونى قىلىنغان Bockenhiem ۋە Bornheim ئىككى شەھەر سىرتى رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سودا جەھەتتە ئۆزىنىڭ مۇقىم بازىرىنى بەرپا قىلىپ، سىرتقا قارىتا ئېشىكنى ئېچىۋەتكەن، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان ئالىي مەكتەپ 1914-يىلدىن باشلاپ رەسمىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. بىرىنچى

پايتەخت قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈلگەن، بۇنىڭ ئۈچۈن فېدېراتسىپ پالاتاسىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئورگىنى — ئاۋام پالاتاسى بىر چوڭ زال ياساتقان. ۋاھالەنكى، 1949-يىلى 11-ئاينىڭ 5-كۈنىگە كەلگەندە، فېدېراتسىپ پالاتاسى بوننى پايتەخت قىلىپ تاللىغان. بۇ چوڭ زال ھازىرقى كۈندە ئاسىيا رادىئو ئىستانسىسى قىلىنغان. شۇنداق بولسىمۇ، رېين دەرياسى بويىدىكى بۇ چوڭ مەركىزىي شەھەر يەنىلا ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان بىر «قوشۇمچە پايتەخت» سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

ئۇرۇشتىن كېيىن ۋالتېركولب شەھەر باشلىقى (1946 — 1956-يىل) بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى «ئىشچىلار ھەرىكىتى ۋە خىرىستىئان دىنى پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا بىرلەشمە ئورنىتىش» ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە شەھەر باشلىقى بولغانلار: يەنى ۋېرنېربوكېلمان (1956 — 1964-يىل)، ۋىللى برۇندېرت (1964 — 1970-يىل)، ۋالتېر مۆللېر (1970 — 1971-يىل) ۋە رۇدى ئارنىد (1971 — 1977-يىل) لار داۋاملىق مۇشۇ يولدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. بۇ كىشىلەر بۇ شەھەرنى زامانىۋى چوڭ مەركىزىي شەھەر بولۇشقا يېتەكلەپ كەلگەن. فرانكفورتنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، 60- ۋە 70-يىللاردا، داۋاملىق زور بىر تۈركۈم ئەسلىھەلەر ياسالغان. بۇ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول، رېين دەرياسى كۆۋرۈكى، ئاپتوموبىل مەيدانى، بىرىنچى يەر ئاستى تۆمۈر يولى ۋە شەھەر سىرتى رايونى پويىزى، 25 مىڭ ئائىلىلىك ئاھالە سىغدۇرىدىغان Nordweststadt (شەھەرنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا) ئوتتۇراق رايونى ھەم 15 مىڭ ئىشخانىسى بار Niederrad خىزمەت رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەھەر، ئولتۇراق جايلار ئەتراپىدىكى يېزا-كەنت بازارلىرى NiederESchbach ، Kalbach Hdrheim ، NiederErlanbach

سوتسىيالىزمى پرىنسىپىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىغان، بۇ پرىنسىپ بويىچە، بارلىق ئىجتىمائىي ۋە قانۇن تۈزۈش ئاپپاراتلىرى جۈملىدىن بەزى ئىلىم-پەن، سەنئەت ياكى سودا پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىمپېرىيە "Reich" نىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش شەرتى زورلۇق شەرت قىلىنغان. Jewish mayor مال-مۈلكىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ، چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلىنغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، قەدىمىي شەھەرنىڭ مەركىزىي رايونى بىرنەچچە كۈن بومباردىمان قىلىنىپ ۋە ئۇرۇش ئوتىغا ئۇچراپ، پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلگەن.

1948-يىل "Paulskirche" يىلى بولۇپ، بۇ يىل ئۇرۇشتىن كېيىنكى گېرمانىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا خېلى مۇھىم ئىدى. رېين دەرياسى بويىدىكى فرانكفورت بەزى زور ۋەقە ۋە ئىنقىلابىي مالىمانچىلىق پائالىيىتىنىڭ سورۇنىغا ئايلانغان. 5-ئاينىڭ 18-كۈنى "Paulskirche" چېركاۋى پۈتۈن گېرمانىيە خەلقىنىڭ ياردىمىدە يېڭىباشتىن ياسالغان.

1948-يىلى 6-ئايدا شەرقىي گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ يېڭىباشتىن بىر پۈتۈن گېرمانىيە دۆلىتى قۇرۇشتەك ئاخىرقى ئۈمىدى بىتچىت بولغان. ئامېرىكىلىقنىڭ ئايروپىلانى فرانكفورت ئايرودرومىدىن بېرلىنغا يېمەكلىك توشۇغان.

1948-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى فېدېراتىپ گېرمانىيە ماركى تارقىتىلىپ، Taunusanlage was baptised لۇدۋىگ ئېرھاردنىدا "ئۈچ رايون باشقۇرۇشى"غا ۋەكىللىك قىلىدىغان نورمىلىق تەمىنلەش تۈزۈمى تاماملانغانلىقى، ھازىر "ئىجتىمائىي بازار ئىقتىسادى" ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقى جاكارلانغان. فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى ئىتتىپاق دۆلەتلەر باش شتابىنىڭ I.G.—Farben بىناسىدا باشلانغان. فرانكفورتنى

(ۋېستېند) ۋە شەرقىي ۋوگزال رايوننى ئېنىق پىلانلىغان. Kaiserstrape نى يېڭىباشتىن بىر سودا كوچىسىغا ئايلاندۇرغان. يېڭى پوسۇنغا كىرگەن فرانكفورت بازىرىدىكى بۇ خىل كۆپ رولۇق ئۇنىۋېرسال ئىمارەت قۇرۇلۇشى ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەتنىڭ تەلپى بىلەن بىردەك بولالايدىغانلىقىنى نامايان قىلماقتا. بۇ قۇرۇلۇشلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىماقتا. فرانكفورت پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان "مۇزېي دەريا قىرغىقى" — رېين دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى 12 مۇزېي — بىلەن دۇنياغا خەلقئارا خاراكتېردىكى ئىقتىساد ۋە قاتناشنىڭ مەركىزى بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە چوڭ مەدەنىيەت شەھىرى ئىكەنلىكىنى، رېين ھاتتان ۋە رېين ئافىنا ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقتا.

## كايسېرساد

بۇرۇن 10 پادىشاھ مۇشۇ چوڭ زالدا تاج كىيگەن. گېرمانىيە تارىخىدا ئەڭ مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىرى — 1356-يىلى، چارلىز Ⅳ ئېلان قىلغان بىر «ئالتۇن يارلىق» نىڭ ئەسلى نۇسخىسى (Copg) مۇ مۇشۇ يەردە ساقلانغان. بۇ «ئالتۇن يارلىق» تا، چارلىز Ⅳ فرانكفورت گېرمان پادىشاھىنىڭ "مەڭگۈ" سايلام رايونى بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. شۇندىن بۇيانقى 52 پادىشاھنىڭ سىزما سۈرىتى بۇ چوڭ زالنى بېزەپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن 25 نەپىرى فرانكفورتتا تەختكە ئولتۇرغان. "Freie Reichsstadt" (ئەركىن شەھەر) پەقەت پادىشاھنىڭ شەخسىي

(1972-يىل) ۋە ھەمراھ شەھەر Bergen Enkheim (1974-يىل)مۇ داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇلغان.

شەھەرنىڭ مەركىزىي رايونىدا، قەدىمكى تىياتىر ئورنىنى ئوپېرا ۋە دراما ئىگىلىگەن. رۆمېربېرگدا شەھەرلىك ھۈنەر-سەنئەت تېخنىكا مۇلازىمەت بىناسى ۋە تارىخ مۇزېيى ياسالغان. ۋېستېند (غەربىي رايون)نى ئالغاندا، ئۇ كونا ئوپېرا ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇرۇن گېرمانىيىگە سانائەت ئىنقىلابى تارقالغان بۇ ئولتۇراق جاي رايونىنىڭ مەيدانى 70-يىللاردا، شەھەرنىڭ غەيرىي نورمال تەرەققىياتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان. ئومۇمەن تەسىراتىم شۇنداقكى، بىر شەھەر ئۆزىگە خاس رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە، گويا بىر مۇكەممەل ئاپپاراتقا ئوخشايدۇ. فرانكفورتنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا "كرانكى فورت" (كېسەل فرانكفورت)، "بانكا فورت" (بانكىنىڭ فرانكفورتى) ياكى "ماينھاتتان" (رېين دەرياسى بويىدىكى مانھاتتان) دېگەندەك لەقەملەرگە چىداشلىق بېرىشكە مەجبۇر بولماقتا.

شەھەر باشلىقى ۋالتېر ۋاللمان ئىدارە قىلغان مەزگىلدە (1977-يىل)، شەھەر پىلانى جەھەتتىكى يېتەكچى ئىدىيىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇ كاتېدرال ۋە رۆمېربېرگ رايونلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا، قەدىمكى تارىخ مەركىزىنى قايتىدىن بەرپا قىلغان. كونا ئوپېرانى قايتىدىن ئېچىۋەتكەن، "Rebstockbad" مۇزدا ئۇزۇش كۆلچىكى ۋە مۇز تېيىلىش مەيدانى بويىچە تىجارەت باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. رېين دەرياسىدىن ئۆتىدىغان بىرىنچى يەر ئاستى تۆمۈر يولىنى ياساتقان؛ بىر تۈركۈم كۆۋرۈك، قورغانلارنى ياسىتىپ، ئەسلىگە كەلتۈرگەن. داڭلىق جاي نىدداغا بىر چوڭ باغچا بىنا قىلدۇرغان. گېرمانىيە سانائەت ئىنقىلابىي رايونى، غەربىي رايون

## “Minerra” ۋە “Justitia”

ئادالەت ئىلاھى فونتانىغا، 1611-يىلى فرېدرىخ سچىرھولس تەرىپىدىن بىر توپ ئويما ھەيكەل ياسالغان. ئۇرۇش مەزگىلىدە، بۇ فونتان مۆجىزە كەبى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئويما ھەيكەلنىڭ گۈزەل ئايلار رەشەتكىسىدە فرانكفورت شەھىرىگە سىمۋول بولۇۋاتقان تۆت ئالتۇن بەلگە بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر ئويما ھەيكەل بار. ئۇلى ئەتراپىدا تۆت جايدا ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللەنگەن دەۋردىكى قاپارتما نەقىشتىن سەنئەت ئەسىرى بار. ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدە نەركەس گۈللىرى سۇ ئىچىدىن لەيلەپ چىقىۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەن. فرانكفورتتىكى “Justitia” كۆزىگە سۇرلۇك بەلگىسىنى ئورۇۋالغان بولماستىن، بەلكى قولىدا خەنجەر تۇتۇپ، ئادالەت ۋە ئەخلاق-ھەققانىيەت روھىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. بۇ يەر يەنە ئالاھىدە سورۇن بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن، بۇرۇنقى پادىشاھلارنىڭ تاج كىيىش مۇراسىمىدا، كىشىلەر ئۈزۈم ھارىقىنى فونتانغا قاچىلاپ قويۇپ، بىر تەرەپتىن ئىچىشىپ، بىر تەرەپتىن ناخشا-غەزەل ياڭراتقان.

## ھىستورسكى مۇزېيى

بۇ تارىخىي مۇزېي رۆمېربېرگ بىلەن ماين دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. زامانىۋى ئاساسىي گەۋدىلىك قۇرۇلۇش قىسمىدىن باشقا،

ئىگىدارلىقىغا تەۋە بولغان.

ئۈچ پادىشاھ فرانكفورتنىڭ تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار چارلىز پادىشاھ، فرېدېرىخ Ⅱ ، چارلىز Ⅳ . فرانكفورت دېگەن نام چارلىز پادىشاھنىڭ بىر پارچە خېتىدە بىرىنچى قېتىم رەسمىي ئىشلىتىلگەن بولۇپ، خەتتە "فرانكفورت دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ جايدا" دەپ يېزىلغان. ئۇ چاغدا ئۇ فرانكفورت ۋە "Reichstag" قا بېرىپ، بىر ئاممۋى ئىشلار يىغىنى (پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىدىكى گېرمان ئەركىن شەھەر-بازارلىرى قۇرۇلتىيى) غا قاتناشقان. ھەتتا كىشىلەر چارلىز پادىشاھ بۇ شەھەرنى بىنا قىلغان، ئۇ ئۆزىنى دۈشمىنى ساكسئوندىن (saxon) قاچۇرۇپ، رېين دەرياسى بويىدا ئامالسىز پىرقىراپ يۈرگەن، بىر ئاق چىشى بۇغا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا دەريادىن ئۆتىدىغان بىر كېچىكنى كۆرسىتىپ قويغان، چارلىز پادىشاھ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇ يەردە بىر شەھەر بىنا قىلغان، دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ساكسئون ئاسىيلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە بۇ پادىشاھ ساكسېن ھاۋسېن ئەتراپىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، سىرتقا قارىتا مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويغان. رېين دەرياسىدىن بىر قانال ياساشتىن دانۇبېغىچە بولغان پىلان چارلىز پادىشاھنىڭ پىكرى بولۇپ، ئۇ فرانكفورت بىلەن ۋىزانتىيە (Byzantium) ئوتتۇرىسىدا بىر سۇ ترانسپورت تۈگۈنى بەرپا قىلىشنى ئويلىغان.

1240-يىلى 7-ئاينىڭ 11-كۈنى، فرېدېرىخ Ⅱ سودا قىلىشقا رۇخسەت قىلىش پەرمانىنى ئېلان قىلىپ، ھەربىر ئادەمنىڭ فرانكفورتقا بېرىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشنى مۇھاپىزەت قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغان. 1356-يىلى چارلىز Ⅳ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالتۇن يارلىقنى جاكارلىغان.

# دۇنياغا مەشهۇر يەر ئاستى يولى

يەر ئاستى يولى — فرانكفورتنىڭ يۈرىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىكى يەر ئاستى يولى ئۆزىنىڭ دۇنياغا مەشهۇر ”zeil“ ى بىلەن فرانكفورتنىڭ باشقا شەھەر رايونى ۋە كەڭ شەھەر ئەتراپى رايونلىرىنى داۋاملىق تۇتاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ مەشهۇر ”zeil“ گېرمانىيە بويىچە داڭلىق بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر كۈنى نەچچە تۈمەن ئېكسكۇرسىيىچىلەر كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ، كۆرىدۇ. بۇ يەردە ئىلگىرىكى زاماندىكى جىمجىتلىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ، پاراكەندىچىلىك تەرىپىدىن چەتكە قېقىپ چىقىرىلغان. ئەگەر سىز زامانىۋى مۇھىتتىكى زامانىۋى ئادەملەرنىڭ كۆز قارىشى بىلەن قەدىمكى ”Hauptwache“ ۋە ”Katharinenkirche“ كە قارىسىڭىز، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ بىر مۇزېي رايونى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. بۇ باروقچە ئىمارەت HauptWache 1730-يىلى ياسالغان. جىنايەت سادىر قىلىپ قويغان بىر شەھەر ئارخىتېكتورى Joham Jakob Sanheiwer ئىشلىگەن. ھازىر، بۇ يەر كىشىلەر دائىم كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان بىر قەھۋەخانىغا ئايلانغان. بۇ ئىمارەت — ”Wachensturm“ بىر توپ ياش رادىكال ئىنقىلابچىلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىلىق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىنا بولۇپ قالغان، ئىنقىلابچىلار قاماپ قويۇلغان جىنايەتچىنى ئازاد قىلغان. ئۇلار بىر جۇمهۇرىيەت قۇرۇشقا ئاساس يارىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرگە مەنسۇپ زور بىر تۈركۈم بىرلەشمە گەۋدىلىك قورۇلۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رېنتېنتۇرم ماين دەرياسىنى بويلاپ ياسالغان سېپىلنى، مۇشۇ يەردىن مەركىزىي پىرىستاندا قاتناپ يۈرگەن ھارۋىلارنى كــۆرگىلى بولىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتىكى گوتچە قورۇلۇشى (1456-يىل) ۋېھىرتۇرم ماين دەرياسىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىرلەشمە قورۇ ئىچىگە جايلاشقان. ئۇ 1715-يىل گوللاندىيە سودىگىرى (dutch traders) — Bernus بېرنوس ئاكا-ئۇكا ئىككىسى سالدۇرغان يېڭى تىپتىكى بارۇقچە ئىمارەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1842-يىلى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا يەنە بۇرنىتز (Burnitz) بىناسى سېلىنغان. بۇ بىناغا ئۇنى لايىھىلىگەن بىر رومانتىك ئــارخــىتېكتورنىڭ نامى قويۇلغان. بۇ "Hohenstaufen" قورغىنىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن، بىرخىل يېڭى كلاسسىكزىم تىپىدىكى ئىمارەت. شەرق تەرەپكە جايلاشقان سائالھوف كىچىك چېركاۋى XII ئەسىردىكى لايىھە شــەكــلى بويىچە يۇمۇلاق شەكىلدە ئىشلەنگەن، ئۇ Hohenstaufen دەۋرىــدىــكى قورۇلۇش ئەمەس، بۇنىڭ راۋىقىدا ساقلىنىۋاتقان بۇيۇملار تەخمىنەن 15 مىڭ دانە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بــۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك بۇيۇملاردۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم سىزما سۈرەتلەر ساقلانغان.35٪ مىڭ پارچە كىتاب بار بىر كىتاب ساقلاش سارىيى، بىر داچەن پۇل ساقلاش ئۆيى بار. بۇ ئۆي گېرمانىيە بويىچە ئەڭ ياخشى، ئەڭ مۇھىم پۇل ساقلاش ئۆيى ھېسابلىنىدۇ. مۇزېيدا يەنە ئۇزۇن ۋاقىتلىق كۆرگەزمە ئۆتكۈزىلىدۇ. سخېما قاتارلىق شەكىللەر بىلەن خەلققە فرانكفورتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان تارىخى تونۇشتۇرۇلىدۇ. كۆرگەزمىدە ئومۇمىي تارىخ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، ئالاھىدە دەۋرلەر ۋە تارىخىي پاكىتلار ئۈچۈن مەخسۇس كۆرگەزمە ۋە مەتبۇئات ماتېرىياللىرى ھازىرلانغان.

خاتىرە سارىيىنى قۇتقۇلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن“ دېگەن. توماس مانمۇ قايتا ياساشقا قوشۇلۇپ، بۇ ئېسىل مۇستەقىل سەنئەت سارىيى ھەشەمەتلىك يۇمۇلاق تۈۋرۈكلەر بىلەن بېزەلگەن. بېزەكلىرى ئوپېرا-تىياتىرخانىدا ئورۇندالغان لېرىك مۇزىكىلاردەك كىشىنى بەكمۇ جەلب قىلىدۇ.

بۇ ئىمارەت ئوپېرا-تىياتىرخانا فوند جەمئىيىتىنىڭ ياردىمىدە 1964-يىلى قايتا ياسالغان. 1981-يىلى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان فرانكفورت بويىچە ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. ئۇ فرانكفورت خەلقىنى خىلمۇ خىل مول مەدەنىي پائالىيەت بىلەن تەمىن ئەتكەن.

## قەدىمكى ئويما ھەيكەل مۇزېيى

بۇ مۇزېي خۇددى توشقىچە قىممەتلىك گۆھەر قاچىلانغان قورغانغا ئوخشايدۇ. 1896-يىلى، Heinrick Won liebieg تۆرە ئاخىرقى مەزگىللىك تارىخچىلىققا مەنسۇپ بۇ قەدىمىي داچىنى ياساتقان. تۆرە بۇ ئىمارەتنى ھەدىيە قىلىپ بەرگەندە، ئۇ ”بۇ ئىمارەت ئۆزۈنىچە سەنئەت مۇزېيى قىلىنسا“ دېگەن شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغان.

1909-يىلى مۇزېي سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ نىشانى يىغىپ توپلىغان ئالىي ۋە ئالاھىدە ئەسەرلەر ئارقىلىق بىرنەچچە ئەسىردىكى ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرۇش ئىدى. مۇزېيدا ساقلانغان بۇيۇملار ئىچىدە قەدىمكى مىسىر، يۇنان ۋە رىم

# ئوپېرا-تىياتىرخانا

1871-يىلى، فرانكفورتتىكى شەھەر ئاھالىسى 480 مىڭ ئالتۇن مارك ئىئانە-ياردەم توپلاپ، خېرىدار چاقىرىپ بۇ ئوپېرا-تىياتىرخانىنى ياساتقان. بېرلىندىن كەلگەن ئارخىتېكتور رىكاردلۇسا قۇرۇلۇشقا مەسئۇل بولغان. بۇ ئىمارەت 1873 — 1880-يىللىرى ياسالغان. جەمئىي سەككىز يىل ۋاقىت كەتكەن. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن باروق ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشتۇر.

1880-يىلى قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، پادىشاھ ۋىللىيام I مۇراسىمغا قاتناشقان. بۇ قۇرۇلۇشقا دەسلەپتە توپلىغان مەبلەغدىن سەككىز ھەسسە ئارتۇق مەبلەغ كەتكەن. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆركەم تاشقى كۆرۈنۈشى، ئىچكى قۇرۇلمىلىرىنىڭ پۇختىلىقى شۇ ۋاقىتتىكى ئىلغار تېخنىكا ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېغىر ۋەيران قىلىنغان، 50-يىللاردا، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تالاش-تارتىش — قايتا ياساش ياكى يوقىتىۋېتىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇنازىرە بولۇپ، ئاخىرى قايتا ياساش قارار قىلىنغان. بىرىنچى قېتىم ئىئانە توپلاش ئارقىلىق بىرىنچى قەدەمدىكى قۇرۇلۇش خىزمىتى باشلانغان. پائۇل ھىندېمىت ئامېرىكىدىن يازغان خېتىدە: "بۇ مەشھۇر ئوپېرا-تىياتىرخانىنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇھاپىزەت قىلىشقا تامامەن قوشۇلىمەن. شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەرىكەت قوللىنىپ، بۇ قىممەتلىك سەنئەت

تارىخى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مۇزېيدا يەنە قەرەللىك ھالدا ماركا توپلاش كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى مۇزېيى

فرانكفورتتىكى قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى مۇزېيى دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم قول ھۈنەر-سەنئەت مۇزېيلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭدا ياۋروپا ۋە ئاسىيا قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىدىن 30 مىڭدىن ئارتۇق بۇيۇم ساقلانغان. ئۇ 1877-يىلى ياسالغان. دەسلەپتە ئۇ فرانكفورتتىكى بەزى شەھەر ئاھالىسى ئۇيۇشتۇرغان بېزەك سەنئىتى بىرلەشمىسى، كېيىن ئۆزگىرىپ فرانكفورت شەھەرلىك مۇزېيى قىلىنغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ۋىللا مېتىزلېر بىناسىغا تەۋە قىلىنغان بولۇپ، بۇ بىنا 1803-يىلى schaumainkaiغا سېلىنغان. مۇشۇ يەردىلا بىر قىسىم مۇھىم سەنئەت بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ئىمكانىيىتى بار.

بۇ بىنانىڭ كۆرگەزمە ئۆيى نيۇ-يوركلۇق ئارخىتېكتور Richard meier نىڭ لايىھىسىگە ئاساسەن سېلىنغان بولۇپ، 7000 كۋادرات مېتىر قىلىپ كېڭەيتىلگەن، ئۇزۇن كارىدور شەكلىدە لايىھەلەنگەن. بۇ يەرگە قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمە قىلىپ قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە تولۇق كۆرۈپ ھوزۇر ئېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان، تېرە-يۇڭدا ئىشلەنگەن بۇيۇملار، گىلەم، كىگىز، ئەينەك قاچا-قۇچا، فارفور قاچا ۋە مودېل قاچىلار تۈرگە ئايرىلىپ، ۋاقىت تەرتىپى ۋە جاي-رايون بويىچە

ھەيكەللىرى، ئوتتۇرا ئەسىر، ھازىرقى زامان ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئەسەرلەر، باروق دەۋرىدىن روكوكو دەۋرىگىچە، ئاسىيانىڭ بەزى ھەيكەللىرىدىن تارتىپ، قەدىمكى كلاسسىك ئەسەرلەرگىچە بولۇپ، ئۇلار ساقلاش قىممىتىگە ئىگە.

## پوچتا مۇزېيى

بىرىنچى دۆلەت پوچتا مۇزېيى 1872-يىلى ياسالغان، ئۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى باش پوچتا نازارەتچىسى ھېنرىك سىتېپان ياسىغان. بېرلىندىكى ئىمپېرىيە پوچتا مۇزېيى ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، 1958-يىلى فرانكفورت بۇندېس پوچتا مۇزېيىمۇ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن. گېرمانىيىدىكى بارلىق شەھەر-بازارلار ئىچىدە، فرانكفورت ئەڭ ئۇزۇن پوچتا-ئالاقىلىشىش ئەنئەنىسىگە ئىگە. تەخمىنەن 1600-يىلدىن باشلاپ، مايىن دەرياسى بويىدىكى بۇ شەھەر پوچتا مۇلازىمەت مەركىزىگە ئايلانغان. 1702-يىلى Princes.von turne ۋە Taxis لار ئىمپېرىيە پوچتا ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى تۇركۈمدىكى ئاساسچىلىرى بولۇپ، ئۇلار فرانكفورتنى تاللاپ سىناق ئېلىپ بارغان. 1881-يىلى فرانكفورتتا بەرپا قىلىنغان ئاممۋى تېلېگراف تورى گېرمانىيە بويىچە كەسپى ئەڭ كەڭ بولغان لىنىيىلەردىن بىرى بولغان. بۈگۈنكى كۈندە فرانكفورت خېلى مۇھىم پوچتا مەركىزىگە ئايلانغان. تېلېگراف كەسپى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە. بۇندېس پوچتا مۇزېيى كىشىلەرنى مۇكەممەل پوچتا-تېلېگراف كەسپى

قىلىنمىغان. ۋاھالەنكى بۇ خىل ئىمتىياز دائىم ئۇلارغا ئىچىنىشلىق زىيانكەشلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئېلىپ كەلگەن.

بۇ يەھۇدىيلار رايونى ”Juden gasse“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېگىز تام ۋە كېچىسى تاقاپ قويۇلىدىغان ئۈچ ئىشىك بىلەن بۇ شەھەرنىڭ باشقا جايلىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن. مۇشۇ يەھۇدىيلار رايونىدىكى بىر خالتا كوچىدا تىجارەتچى Meyer Amschel Rathschild تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ بەش ئوغلى ئۇنىڭدىن مىراس قالغان مال-مۈلۈكنى ئېلىپ، ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ پايتەختىدە بىر پۇل مۇئامىلە ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. ھازىرمۇ ئاشۇ كونا قەبرىستانلىقتا Rotschild خانلىقىنى قۇرغۇچىنىڭ قەبرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

1824-يىلغا كەلگەندىلا ئاندىن فرانكفورتتىكى يەھۇدىيلار يەھۇدىي دىنىدىن ئايرىلىشقا چەكلەنمەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئېرىشكەن. 1864-يىلى سودىدا ئەركىنلىشىش ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ ئۇلار تولۇق پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئېرىشكەن.

1804-يىلى فرانكفورتتىكى يەھۇدىيلار بانكىر Rothschild نىڭ ياردىمىدە بىر ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى قۇرغان، بۇ جەمئىيەت كېيىن Philantropin گە ئۆزگەرتىلگەن. Bettina Von Arnim بۇ جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى ۋاقىتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى Goetheقا دەپ بەرگەن.

ئەركىنلىكى ھەل قىلىنغان بۇ يەھۇدىيلار فرانكفورتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇنىڭغا بىر ئىسىم سىمۋول بولۇپ كەلمەكتە، ئۇ بولسىمۇ Wilhelm Merton (1848 — 1916)، ئۇ خەلقئارا خاراكتېرلىك بىر ئاپپاراتنى (فرانكفورت مېتاللۇرگىيە ماشىنىلىرى شىركىتىنى) قۇرغان. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بىرمۇنچە ۋاقىتنى سەرپ

ئايرىم-ئايرىم تىزىلغان.

## گېرمانىيە كىنو مۇزېيى

1984-يىلى ئېچىلغان، بۇ كىنو مۇزېيى كىشىنى قىزىقارلىق تارىخىي ھۆججەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ مۇزېيدا 15 مىڭ پارچە كىنو ئېلانى، 2000 قىسىم كىنو فىلىمى، 250 مىڭ ئۆلچەملىك ئۇزۇن فىلىمنى قويغىلى بولىدىغان كىنو ئاپپاراتى، بىرمۇنچە قىممەتلىك سخېما ماتېرىياللار بار. 5000 پارچە پرويېكسىيە پلىيونكىسى ۋە بىر سۈرەت كۇتۇپخانىسى بار. گېرمانىيە كىنوچىلار جەمئىيىتىمۇ مۇشۇ مۇزېيدا.

## يەھۇدىيلار مۇزېيى

يەھۇدىيلار فرانكفورتتا داۋاملىق مۇھىم رول ئويناپ، مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە.

يەھۇدىيلار پادىشاھنىڭ ھىمايىسىگە نائىل بولۇپ، پادىشاھنىڭ مۇھاپىزىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، پۇللىرىنى خالىغانچە قەرز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان. ئەمما خىرىستىئان دىنىدىكىلەرگە رۇخسەت

بۇ مەشھۇر ئىمارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئۆتمۈش كۈنلەردە نۇرغۇن قىيىنچىلىق ساقلانغان. ئۇرۇشتىن كېيىن ساقلىنىپ قالغان ئاشۇ بۇيۇملار، تېرە مالالار ۋە قەدىمكى ئائىلە سايمانلىرىنى (بۇلار ئەلۋەتتە گىئوتى ئائىلىسىگە مەنسۇپ) كۆپ تەرەپلىمە ئىزدەپ تاپقان. GroBer Hirschgraben گە جايلاشقان گىئوتىنىڭ بۇ ئۇلتۇراق جايى يېڭىباشتىن ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1951-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى فېدېراتسىپ جۇمھۇرىيەتنىڭ زوڭتۇڭى Theodor Heuss بۇ تۇرار جاينىڭ ئىشىكىنى يېڭىباشتىن ئاچقاندا، ئۇ كەلگۈسى دەۋر ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ئىمارەتنى قايتا يەنە ئۆزگەرتمەي، ئەسلى ھالىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدىغانلىقىنى ئېيتقان.

## مۇزېيشۇناس، شائىر گىئوتى مۇزېيى

شائىر گىئوتى (Goethe) senckenberg مۇزېينى سېلىشنى بىرىنچى بولۇپ قوللىغۇچى، بۇ ئوت يۈرەك شائىر ۋە مۇزېيشۇناس فرانكفورت شەھەر ئاھالىسىغا تەبىئىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇشنى ۋە تەبىئىي پەن مۇزېيى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى مۇراجىئەت قىلغان. شۇڭا، 1817-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى دوكتۇر senckenberg Johann christian (1707 — 1772) نىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلامدىن كەلگەن كىشىلەر ئاكتىپ ياردەم توپلاپ، senckenberg تەبىئىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن.

قىلىپ، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى بىلەن جەمئىيەتنى يېڭىلاش ئۈچۈن تىرىشقان. دەل مۇشۇ كۈچلۈك ياردەم بىلەن، فرانكفورتتا بۈگۈنكى كۈندە بىر خىل مۇ خىل ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەمئىيەتلەر (جۈملىدىن ئىجتىمائىي پەن ۋە سودىگەرچىلىك تەتقىقات ئىنىستىتۇتى) ۋۇجۇتقا كەلگەن.

1933-يىلدىن بۇرۇن، فرانكفورتتا تەخمىنەن 30 مىڭ يەھۇدىي ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. 1938-يىلى 9-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە بولغان كېچىدە، فرانكفورتتىكى يەھۇدىيلار چېركاۋى ۋەيران قىلىندى، بۇ زور كۆلەمدىكى قوغلاپ چىقىرىش ۋە قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

## گىئوتىنىڭ قەدىمكى جايى

بۇ ئولتۇراق جاي GroBer Hirschgrabenغا جايلاشقان. 1749-يىلى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى Johdnn Wolfgang Goethe مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان ھەم ئۆز ھاياتىنىڭ بىرىنچى يىلىنى ئۆتكۈزگەن. يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن "تاۋاپ قىلغۇچىلار" بۇ يەرگە ئۇزۇلمەي كېلىپ، دۇنياغا تونۇلغان ئۇلۇغ ئادەمنىڭ تۇغۇلغان جايىنى زىيارەت قىلغان. GoBthe — گىئوتىنىڭ تەرجىمھال شەكلىدىكى ئەسىرى «Wahrheit ۋە dichtung»دا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جايدا ئۆتكۈزگەن باللىق ۋە ياشلىق دەۋرىنى مۇپەسسەل تەسۋىرلىگەن.

Wilhelmshaven دېڭىز ئۈستى «senckenberg» ئىلمىي جەمئىيىتى قورۇپ، دېڭىز-ئوكيان جۇغراپىيىسى ۋە بىئولوگىيە تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلار ئىلغار پەننىي ئۇسۇللار بىلەن دېڭىز-ئوكيانلاردىن بەزى ئېپتىدائىي ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تېپىپ، دېڭىز-ئوكيان بىئولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

## جوھان ۋولفگان ئۇنىۋېرسىتېتى

بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1914-يىلى ئېچىلغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن، senckenberg (سېنكېنبېرگ) تەبىئىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغان. ھازىر obermainbrückeدا ئىشلەك قاتارلىق يادىكارلىقلار ساقلىنىۋاتقان شەھەرلىك كۇتۇپخانا 1817-يىلى ياسالغان. städel سەنئەت جەمئىيىتى 1816-يىل قۇرۇلغان، جۇغراپىيە ۋە ستاتىستىكا ئىلمىي جەمئىيىتى 1836-يىلى قۇرۇلغان، 1859-يىلى گىئوتېنىڭ كونا تۇرار جايى ئاساسىغا Freie Deutsche Hochstift قۇرۇلغان، ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى ھۈنەر-سەنئەت ئىلمىي جەمئىيىتى 1816-يىلى قۇرۇلغان، ئىجتىمائىي پەن ۋە سودا پەن تەتقىقات ئىنستىتۇتىنى سودىگەر، ئۇلۇغ دوكتور ۋىلھېلىم مېرتون قۇرغان، ئۇ كېيىن گېرمانىيىدە ئىجتىمائىي ئىقتىساد پەن سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. تەجرىبە داۋالاش جەمئىيىتىنى paul Ehrlich قۇرغان، بۇلاردىن باشقا يەنە كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا بولغان sahsenhansen دىكى فرانكفورت شەھەرلىك

بىرىنچى مۇزېي 1820-يىلى ياسالغان، بۇنىڭ ئورنىنى Eschenneimer Turm ئەتراپىدىكى دوختۇرلارغا ئەركىن تاللاشنى ھاۋالە قىلغان. Eduard Ruppel نىڭ ئەستايىدىل تۇردە ئەسەر توپلاپ، ئۇنى تەتقىق قىلىشى بىلەن، Senckenberg مۇزېيى ئۆزاققا قالماي دۇنياغا تونۇلۇشقا باشلىغان. 1907-يىلى شەھەر باشلىقى ئادىكس ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە، مۇزېينى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرگەن ھەم مۇزېينىڭ قېشىغا بىر يېڭى تېپتىكى ئۇنىۋېرسىتېت سالماقچى بولغان. كۆرگەزمىگە ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر كېلىدىغان تاشقا ئايلانغان دىنوزاۋرنىڭ ئىسكىلىتى قويۇلغان. senckenberg مۇزېيى ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان، بىر قىسمى مەخسۇس ئاممىنىڭ كۆرۈشىگە ئېچىۋېتىلگەن. يەنە بىر قىسمى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن جايلاشتۇرۇلغان. كەڭ ئېكىسكۇرسىيە قىلغۇچىلار ئۈچۈن كۆرگەزمىگە قويۇلغان بۇيۇملاردا بىز تۇرۇۋاتقان بۇ پلانېتىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى جانلىق، ئوبرازلىق ۋە مول دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا دىنوزاۋر دەۋرىدىن زامانىمىزغىچە بولغان غەيرى-غەيرى تاشقا ئايلانغان ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرى ئارقىلىق يەر شارىدىكى ھايۋانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

senckenberg مۇزېيى ھەم ئاممىۋى ماتارىيىنىڭ ياخشى جانلىق دەرسخانىسى، ھەم ئىلىم-پەن تەتقىقاتىدىكى بىر ياخشى جاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋزەل مۇھىتى ۋە مول ماددىي ماتېرىياللىرى تەبىئىي پەن (بولۇپمۇ بىئولوگىيە) تەتقىقاتىنى تولۇق شەرت-شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن. ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىملار ئۆزلىرى توپلىغان مول بۇيۇملىرىنى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى دۇنياغا مەشھۇر بۇ مۇزېيغا تەقدىم قىلىشقان.

مۇزېي 1928-يىلدىن باشلاپ، شىمالىي مۇز ئوكيانىنىڭ

مەۋج ئۇرۇپ، تۇتاشتۇرۇپ تۇرماقتا.
سىزنىڭ، مېنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس روھىم.

## رېين — ماين ئايرودرومى

فرانكفورت خەلقى "رېين — ماين" ئايرودرومى بولمىسا، قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ! بۇ غايەت چوڭ ئايرودروم يىلىغا 18 مىلليون ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇيدۇ، كۈنىگە ئوتتۇرىچە 50 مىڭ ئادەمدىن توغرا كېلىدۇ. بۇ ئايرودروم فېدېراتسىپ گېرمانىيە بويىچە ئەڭ چوڭ ئايرودروم، ياۋروپا بويىچە ئىككىنچى چوڭ ئايرودروم، دۇنيا بويىچە ئۈچىنچى چوڭ ئايرودروم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياۋروپادىكى ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك ئورنى تۈپەيلىدىن، ئۇ ھەقىقەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ھاۋا ترانسپورتىنىڭ بىر ئوتتۇرا مەركىزىگە ئايلانغان. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، ئوتتۇرىچە ھەر ئىككى يولۇچىدىن بىرسى فرانكفورتتا ئايروپىلانغا ئالمىشىپ ئولتۇرىدۇ. ھەتتا "ھەممە بىر مەركەزگە بويسۇنۇش" دېگەن مۇشۇنداق ئىدىيە بويىچە، ئايرودرومدا ئېلېكترون بىلەن كونترول قىلىنىدىغان رەڭلىك ترانسپورت سىستېمىسى قۇرۇلغان. بۇ 40 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەتكۈزۈپ بېرىش تاسمىسىنى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ، 45 مىنۇتتىلا بىر قېتىملىق قاچىلاش-چۈشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ۋاقىت كۆپ مىقداردا تېجەپ قېلىنغان، ترانسپورت ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلگەن، بۇ خىل ئەلا مۇلازىمەت فرانكفورت ھاۋا ترانسپورتى

دوختۇرخانا بار.

## Gio Pomodoro فونتانى

بۇ فونتان Goetheplatzغا جايلاشقان. مىلانلىق ھەيكەلتاراش Gio Pomodoro لايىھىلىگەن. تەرتىپلىك بولمىغان بۇ چاسا ئۇچلۇق مۇنار ئۆز ۋاقتىدا ۋاقىتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان قۇياش سائىتى (گنومون) ئىدى. ئۇنىڭ سايىسىنىڭ قۇياش نۇرىغا ئەگىشىپ كۆلچەكتە يۆتكىلىپ بېرىشى قانۇنىيەتلىك ئىدى. كىشىلەر بۇ خىل قانۇنىيەتنى بىلىپ كۆلچەككە شكالا ياسىغان. مۇشۇ شكالىغا ئاساسەن ۋاقىتنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ھەيكەلگە شائىر گىئوتېنىڭ بىر شېئىرى ئويۇلغان، بۇ شېئىر ئۇنىڭ ئېپىك داستانى "مىللەتلەرنىڭ تۆۋە-ئىستىغپارى" دىن ئېلىنغان:

ئاھ، قۇياش ئولتۇردى،
كېچە ئاسمىنىغا يولتۇزلا كۆتۈرۈلدى، ئۇلار
جىمجىت غۇۋا ئويقۇدا پەقەت
سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى روشەنلەشتۇرمەكچى
سىز بىر مۇھەببەت يۇلتۇزى، يورۇتماقتا،
ئۇزۇندىن كۇتۇپ كېلىۋاتقان قەلبىمنى،
ئىللىق-گۈزەللىك بىلەن كۆزلىرىمنى ئالا چەكمەن قىلىپ،
گويا بۇ تۈگىمەس بۇلاق سۈيىدەك،

ھاكىمىيىتى بېرلىننى قامال قىلغاندا، رېيىن — مايىن ئايرودرومى بۆگۈنكى كۈندە ئەپسانىگە ئايلىنىپ قالغان مەشھۇر ھاۋا ئارقىلىق تولۇقلاپ بېرىش لىنىيىسىنىڭ بىر مۇھىم بازىسى بولغان. ئۇ چاغدا، ئامېرىكا "بومباردىمانچى ئايروپىلانى"نىڭ ھاۋا ترانسپورت لىنىيىسى ھەر كۈنى 24 سائەتتە بېرلىنگە 7000 توننا ماددىي ئەشيا توشۇغان. 1955-يىلى بىرىنچى lufthansa ئايرودرومى ئۇرۇشتىن كېيىن شەخسى ھاۋا ترانسپورت كەسپىنى باشلىغان. ئۇن يىلدىن كېيىن، بۇ ئايرودروم يەنە بىر قېتىم يىلىغا 4 مىليون يولۇچى توشۇشتەك ئەڭ يۇقىرى ترانسپورت مىقدارىنى ياراتقان. بۇ ئەھۋال يېڭى ئايرودروم ياساشتىن ئىبارەت جىددىي تەلەپنى مەيدانغا چىقارغان. 1972-يىلى ئايرودروم پۈتۈپ ئىشلىتىشكە كىرىشكەن. 1984-يىلى كەلگۈسىدىكى ھاۋا ترانسپورت ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن غەربىي يۆگۈرتىش يولى ياسالغان ۋە ئېچىلغان ھەم ئۇچۇش، چۈشۈشنى كونترول قىلىش سىستېمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.



ئوتتۇرىسىدىكى ئالمىنىش بېكىتىنى ياۋروپا بويىچە ئەڭ ياخشى بىر بېكەتكە ئايلاندۇرغان، ئۇ يۇك توشۇش مىقدارى جەھەتتە دۇنيادىكى تۆت چوڭ بېكەتنىڭ بىرى بولۇپ، چىكاگو، لوس-ئانژېلېس، نيو-يوركتىن قالسىلا مۇشۇ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يىلىغا تەخمىنەن 100 مىڭ توننا پوچتا نەرسىلىرى ۋە 750 مىڭ توننا مال قاچىلاپ-چۇشۇرۇلىدۇ. ئەگەر كىشىلەر پۈتكۈل ھاۋا قاتناش تارىخىغا ئەمدىلا بىرقانچە ئون يىل بولغانلىقىنى ئەسلىيەلىگەن تەقدىردىمۇ بۇ خېلى كۆپ سان ھېسابلىنىدۇ.

فرانكفورت بىرىنچى تۇركۇمدە ئايرودروم قۇرۇلغان شەھەرلەردىن بىرى. 1909-يىلى بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن (ILA). 1911-يىلى ئاۋىئاتسىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغان ھەم "Rebstockgelande" دا بىر كىچىك ئايرودروم ياسالغان. 1924-يىلى südwestdeutsche luftwerk ehrs AG, Frank furtam main ئاۋىئاتسىيە شىركىتى قۇرۇلغان. بۇ شىركەت بۈگۈنكى كۈندىكى Frankfurt — main AG غا ئايلانغان. X X ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، Rebstock ئايرودرومىنىڭ يىللىق ئەڭ كۆپ توشۇش مىقدارى ئاخىرقى چەك — 30 مىڭ يولۇچىدىن ئېشىپ كەتكەن، شۇ سەۋەبلىك يېڭىدىن رېين — ماين ئايرودرومى ياسالغان. ئۇ كرېئۇز، ھامبۇرگ — باسلې — كيولىن — ۋۈرزېبۇرگ بىرلەشمە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولىغا يېقىن، 1936-يىلى 5-ئايدا، "Graf zeppelin" ۋە "Hindenburg" ئايرودرومى ئاتلانتىك ھاۋا يولىنى ئاچقان. شۇ يىلى 7-ئايدا lufthansa ئايرودرومى 52 خىل مۇلازىمەتنى يولغا قويغان. ئۇرۇش مەزگىلىدە، رېين — ماين ئايرودرومى ھەربىي ئايرودرومغا ئايلىنىپ، كۆپ قىسمى ۋەيران قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىتتىپاقداش ئارمىيە قوماندانلىق شتابى قايتىدىن ياسىغان. 1948-يىلى سوۋېت قىزىل

گېرمانىكۇنىڭ قىزى جۇلىيا ئاگرىپپىناغا ئۆيلەنگەن. ئۇ كىيولىندا تۇغۇلۇپ كىيولىندا چوڭ بولغان. مىلادى 50-يىلى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قەدىمىي يۇرتى رىم شەھىرىنىڭ ھوقۇقى بېرىلگەن. كېيىن كىيولىن كولونىيە كلائودىيا ئارا ئاگرىپپىنىنسىيۇم (CCAA) دەپ ئاتالغان، بۇنىڭ مەنىسى ئاگرىپپىنانىڭ مۇستەملىكىسى (كولونىيىسى) دېگەن بولىدۇ. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ نەزىر-چىراغ سۇپىسى بار يەردە ئاگرىپپىنا كىيولىننى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئىتىراپ قىلغۇزۇپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدىكى ئۇل تېشى بولغان كىيولىن ئۇچۇن تۆت يۈز يىلغا يېقىن داۋام قىلغان بىرىنچى گۈللىنىش دەۋرگە ئاساس ئورناتقان. بۇ دەۋرنىڭ ئىزلىرى ھازىرقى كىيولىننىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئۇچرايدۇ. كىيولىننىڭ بىرىنچى رەت سېپىلى ئەتراپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان چاسا شەكىلدە بولۇپ، بۇ سېپىلنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. 80 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر ئۆستەڭ ئارقىلىق يېقىن ئەتراپىدىكى ئېفىل تېغىنىڭ باھار سۈيى باشلاپ كېلىنگەن. ئۇنىڭ يەنە ھازىر خېلى ئىلغار دەپ تونۇلغان بىر يەر ئاستى سۇ يولى بار.

يول قۇرۇلۇشى جەھەتتىمۇ روھانىيلار قىممەتلىك شەھەر جامائەت ئەسلىھەلىرىنى بەرپا قىلغان. كىيولىنمۇ ئىمپېرىيە يوللىرىنىڭ مەركىزىگە بىۋاستە تۇتاشتۇرۇلغان. قەدىمكى رىم كىيولىننى توغرا كېسىپ ئۆتىدىغان ئاساسلىق كوچىلاردىن خوخې كوچىسى ھازىرغىچە ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قېلىنغان ھەم مەشھۇر سودا كوچىسىغا ئايلانغان.

يېڭى راتخائۇسنىڭ ئاستىدا قەدىمكى رىمنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئوردا ئىزىنىڭ قالدۇقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇ "كولونىيە"دىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي بەرپا قىلىنغان. پرائېتورىيۇم بولسا ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتى تۇرغان جاي. ئۇ تۆۋەنكى گېرمان ئۆلكىسىنى كونترول قىلاتتى. ۋېتىللىيۇس

# كيولن

## كيولننىڭ تارىخى، قەدىمكى رىم دەۋرى

كيولننىڭ ھەممە ئىشلىرى قەدىمكى رىمدىن باشلانغان، تېخىمۇ توغرىراق ئېيتقاندا، گايئۇس جۇلئۇس قەيسەردىن باشلانغان. تەخمىنەن مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇن، قەيسەر قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرىسىنى كېڭەيتىپ پۈتكۈل رېين دەرياسى ۋادىسىغا يەتكۈزگەن ھەم گېرمان مىللىتى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. ئاگرىپپا (پادىشاھ ئاۋگۇستۇسنىڭ كۈيئوغلى)نىڭ رەھبەرلىكىدە ئوبىلار رېين دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن رومانلار كونتروللىقىدىكى سول قىرغاققا كۆچۈپ كەلگەن. تەخمىنەن مىلادىدىن 38 يىل بۇرۇن، ئاگرىپپا ئۇ يەردە ئۇبىلار شەھىرىنى — ئۇبى شەھىرىنى بەرپا قىلغان. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئاتالمىش ئۇبى خاتىرە تېشى — ئابىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ، ئالپىس تېغىنىڭ شىمالىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئەڭ بۇرۇنقى چاسا تاش، خىش تاش قۇرۇلمىلىق (مىلادىدىن 27 يىل بۇرۇن) ئابىدىدۇر.

مىلادى 48-يىلى، كلائۇدىيۇ پادىشاھ قەدىمكى رىمنىڭ گېنېرالى

قارىغان. يېڭىباشتىن ياسالغان قەبرە چوڭ چېركاۋنىڭ جەنۇبىدىكى روھان — گېرمان مۇزېيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنىڭ ئەسلى ئورنىدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان. ئەۋلىيا سېۋېلىن چېركاۋنىڭ ئاستىدا بىر جايدا روھان —فرانكىلار قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىق قەدىمكى رىمنىڭ غەيرى دىن مەدەنىيىتى بىلەن بالدۇرقى مەزگىلدىكى خىرىستىئان مەدەنىيىتىنى تۇتاشتۇرغان بىر مۇھىم ھالقا. خىرىستىئان دىنى مىلادى تۆتىنچى ئەسىردىلا كېيىنىدە پەيدا بولغان. ئەڭ بالدۇرقى خىرىستىئانلار ئۆزلىرىدىن ئۆلگەنلەرنى روھانىيلار قەبرىستانلىقىغا قويغان ھەم بۇلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن چېركاۋ سالغان. كېيىن بۇ چېركاۋلار ئەۋلىيا سېۋېرىن، ئەۋلىيا گېرئون، ئەۋلىيا ئۇرسۇلا چېركاۋى بولغان.

چوڭ چېركاۋنىڭ جەنۇبىدىكى روھان — گېرمان مۇزېيىدا مىلادى ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ سىزما سۈرەتلىك بىر مۇسايىك (تاختاي) پولى بار، پولنىڭ ئوتتۇرىسىدا شاراپ ئىلاھى دىئونىسوس بولۇپ، ئەتراپى ھەيۋەتلىك تاش، مېۋە-چېۋە ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ سۈرىتى بىلەن بېزەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسايىك تاماقخانىسىنىڭ پولى (ئاستى تاختىيى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## قەدىمكى رىم سېپىلى

كومۇدىين كوچىسى بىلەن تۇنىس كوچىسى، زېئوگائۇس كوچىسى بىلەن ئائودى دېم بېرلىك كوچىسىدىكى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغىنى مىلادى

مىلادى 69-يىلى مۇشۇ يەردە ئىمپېراتور ئاتالغان. شۇنىڭدىن 30 يىل كېيىن، تىراجانمۇ مۇشۇ يەردە ئىمپېراتور بولغان. پوستۇمۇس مۇستەقىل گالئۇلنى تىزگىنلىگەن. ئىمپېراتور كونستانتىن رېين دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا قورغان كاستروم دىۋتېنسىئوم (بۇنىڭدىن دېيۇتىز رايونىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن)مۇ بۇ يەرگە جايلاشقان. ھەم كيولنىدا رېين دەرياسىنى توغرا كېسىپ ئۆتكەن بىرىنچى كۆۋرۈكنى ياساتقان. بۇنىڭ تىرەك قىلىنغان بىرنەچچە تال ياغىچى ھازىرمۇ روھان-گېرمان مۇزېيىدا ساقلانغان.

1941-يىلى، چوڭ چېركاۋ يېنىدا يەنە بىر جايدا مەشھۇر قەدىمكى رىمنىڭ يادىكارلىقى دىئونۇسوس مۇسايىكى تېپىلغان. بۇ تەخمىنەن 7.5 — 10 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، بىرنەچچە مىليون پارچە ئۇۋاق تاش ۋە ئەينەك پارچىلىرىدىن قۇرۇلغان. بۇ مۇسايىكنىڭ پۇلى بىر سودىگەرنىڭ داچىسىدىكى ئاشخانىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى سەلتەنەتلىك تۇرمۇشنى نامايان قىلىدۇ. بۇ ئالپىس تېغىنىڭ شىمالىدا تېپىلىپ ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان مۇشۇ خىلدىكى يادىكارلىقنىڭ بىرى. يەنە باشقا بىر موسايىك پىلوسوپىر مۇسايىكى ئاتىلىپ، بۇمۇ روھان-گېرمان مۇزېيىغا قويۇلغان. بىز كيولنىدا يەنە مۇشۇ جايدا پەيدا بولغان قەدىمكى رىمنىڭ ئەڭ ياخشى ئەينەك قاچا-قۇچىلىرىنى كۆرەلەيمىز. بۇ خىل ئەينەك قاچىلار رىم ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يىراق يەرلەرگە تارالغان. ئەڭ داڭلىقى مىلادى ئىككىنچى ئەسىردىن تۆتىنچى ئەسىرگىچە بولغان كاگى ئىستىئانى.

مۇداپىئە لېنىيىسىنىڭ سىرتىدا، شەھەردىن چىقىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قەدىمكى رىم قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇ يەردىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان تۇۋرۇك بىلەن تىرەپ تۇرغۇزۇلغان ئالاھىدە بىر قەبرە يەنى ”پولىكيۇس قەبرىسى“ تېپىلغان، نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر ئۇشبۇ قەبرىنى، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ شىمالىدىكى مۇشۇ خىل قەبرىلەردىن ئەڭ ئاتاقلىقى دەپ

(ئىمپېرىيە ئوردىسى)دۇر. ئىشىك ئىچىدە كۆپلىگەن ئۇل تېشى، خاتىرە تېشى ۋە ھەربىي قىسمىنىڭ بەلگىسى ئويۇلغان ساپال خىشلار بار. يەنە بىر سۇ قۇدۇقىنىڭ ئىزى ۋە پرائېتورىئۇس كېڭەيتكەن سۇرەت بار، بۇ يەردىن يەر ئاستى سۇ يولىغا كىرگىلى بولىدۇ.

## روھان، فرانكى قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق سېۋېرىن كوچىسىدىكى ئەۋلىيا سېۋېرىن چېركاۋىنىڭ ئاستىدا. بۇ يەردە تۆتىنچى ئەسىردىكى جامائەت قەبرىستانلىقى چېركاۋىنىڭ يادىكارلىق ئىزى ۋە قەدىمكى روھان، فرانكىلارنىڭ تاش ساندۇقى بار. بۇ مىلادى 400-يىل ئەتراپىدىكى كيولىن باش روھانىسى (ئېپىسكوپى) سېۋېرىننىڭ قەبرىستانلىقى بولۇشى مۇمكىن.

## ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى رىم

ھەر يىلى يۈز بەرگەن ئۇرۇش نەتىجىسىدە گېرمانلار روھانلارنى تەدرىجىي ھالدا كيولىندىن قوغلاپ چىقارغان. فرانكىس دەۋرىدىكى نۇرغۇن دەلىل-ئاساسلار ئارخېپىسكوپ دىيوكېسان مۇزېيىدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان. بۇ دەلىل-ئىسپاتلار فرانكى شاھزادىسىنىڭ قەبرىسىدىن قېزىۋېلىنغان گۆھەر، ئالتۇن ۋە مىس قورال‌لاردۇر.

بىرىنچى ئەسىرنىڭ قەدىمكى رىم سېپىلى.

## قەدىمكى رىم مۇنارى

بۇ زىبىئوگائۇس كوچىسى بىلەن ئاپېم كوچىسىنىڭ بۇلۇڭىغا جايلاشقان. قەدىمكى رىم سېپىلىنىڭ غەربىي شىمال بۇلۇڭىدىكى مۇنار تولۇق ساقلانغان. ئىخلاس بىلەن ياسالغان خىش قۇرۇلمىنىڭ يۈزى قەۋەت-قەۋەت تىزىلغان خىش بىلەن بېزەلگەن، بۇ مۇنار تەخمىنەن مىلادىنىڭ 50-يىلى ياسالغان.

## كيولننىڭ ۋېيدىندىكى قەدىمي روھان قەبرىلىرى

ئاچېنېر كوچىسىدىكى 1328-قورۇدا شىمالىي ياۋروپا بويىچە بىردىن-بىر تارىخىي قەبرىستانلىق (مىلادى ئىككىنچى ئەسىر)، غايەت زور بىر تاش ساندۇق (مىلادى ئۈچىنچى ئەسىر) ۋە ئۆلگۈچىنىڭ ئويما ھەيكىلى ھەم تاش ئورۇندۇقى بار.

ئۇنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن كلېيىنى بۇدىنكاسقا كىرگەندىكى قېزىلما جاي تۆت دەۋرگە مەنسۇپ (مىلادى بىرىنچى ئەسىردىن تۆتىنچى ئەسىرگىچە)، ئىمارەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 مېتىر كېلىدۇ. ئەڭ ئالاھىدە بولغىنى تۆتىنچى دەۋردىكى ئىمارەت، يەنى ئاتالمىش رىگيا

بەرپا قىلىنغان. كىيولىننىڭ رېين دەرياسى ۋادىسىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى چوڭ سودا يوللىرىنىڭ ئۆتۈشمە نۇقتىسىغا جايلاشقانلىقىدەك ئۈستۈنلۈكى ئۇنىڭ گۈللىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبىدۇر. كىيولىن سودىگەرلىرى سىتسىلىيە، ئەنگلىيە، ئىسكەندىناۋىيە، فلاندىرىيە ۋە بوھېمىيە بىلەن سودا قىلىشىدۇ. كىيولىندا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار ناھايىتى مەشھۇر. كىيولىن جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكى بىلەن بىلەن رېين دەرياسى بويىدىكى تاۋار سودىسىنى كونترول قىلالايدۇ. كىيولىندا تاۋار ئالماشتۇرۇش بازىرى بەرپا بولغان. كىيولىن كېيىن خەنسا ئىتتىپاقى (مىلادى 13 — 17-ئەسىردە شىمالىي ياۋروپا شەھەرلىرى تۈزگەن سىياسىي، سودا ئىتتىپاقى، گېرمانىيىنىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان)نىڭ غول ئەزاسىغا ئايلانغان.

رىم ئۇسلۇبىدىكى ئىنىستىتۇت ۋە ئىبادەتخانىلار باش روھانىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ بىر دەلىلى. كىيولىندا ساقلىنىپ قالغان رىمچە ئەركىن ئاھالە ئۆيلىرى — ئوۋېرستولىزېن خائۇس، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللەنگەن دەۋرى تۈسىدىكى گوتچە ياسالغان شەھەر-بازار زالى، شاھ-پادىشاھقا ئۇنۋان بېرىدىغان گۈرزىنىچ، يەنە رېين دەرياسى بويىغا جايلاشقان باشقا كونا شەھەرلەردىكى ئەركىن خەلق ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى كىيولىننىڭ مۇختارىيات دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

چوڭ چېركاۋغا ئۇل بېسىلغان يىلى — 1248-يىلى، دومىنىكا ئوردىرى كىيولىندا بىر ئىنىستىتۇت سالدۇرغان. مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس ئالبېرتۇس ماگنۇس بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى توماس ئاپۇئىناس، ماستېر ئىككھارد ۋە جوھاننىس تائۇلېرلار ئوتتۇرا ئەسىردىكى "مۇقەددەس كىيولىن"نىڭ كۆپ بىلىملىك مەشھۇر ئالىملىرى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر شوتلاندىيىلىك ئاتاقلىق ئالىمنىڭ قەبرىسى

كيولن 4-ئەسىردىن باشلاپ باش روھانىينىڭ باشقۇرۇش رايونى بولغان. ئەۋلىيا سېۋېرىن چېركاۋى، ئەۋلىيا گېرېئون چېركاۋى ۋە ئەۋلىيا ئۇرسۇلا چېركاۋى قاتارلىق چېركاۋلار ئاشۇ دىن ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرىلىرى ئۈستىگە سېلىنغان، قەدىمكى رىمنىڭ كاپىتول ئوردىسىنىڭ يېنىغا خرىستال پېپىننىڭ خوتۇنى پلىكترۇدىس ساھىبجامال ئۈچۈن بىر قېرىلار ساناتورىيىسى ياساتقان. بۇ كېيىنكى ۋاقىتتىكى كاپىتولدىكى ئەۋلىيا مارىيە چېركاۋىدۇر. ھارلىماگنې كيولن بىلش روھانىيلىق ۋەزىپىسىگە ئۆستۈرۈلگەن. ھىلدېبولد بىرىنچى ئورۇندىكى باش روھانىي (ئارخىپىسكوپ) ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كيولنىنىڭ باش روھانىيلىرى گېرمان ئىمپېراتورىنىڭ مۇھىم مۇشاۋۇرى بولغان. ھازىرقى چوڭ چېركاۋنىڭ ئەسلىسى بولغان كارولنگيان چېركاۋى 870-يىلى ياسالغان. 10-ئەسىردىن بۇرۇن كيولنىنىڭ باش روھانىسى دىندىن خالىي شاھزادە بولۇپ، مۇشۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان. 1288-يىلدىكى ۋوررىنگېن كۈرىشىدە، چوڭ روھانىيلار ھوقۇق تەلىپىدىن ۋاز كەچكەن، كەم دېگەندە ئۇلار كيولن شەھىرى ئاھالىسىنىڭ ھۆرمىتىدىن مەھرۇم بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، كيولن ئەمەلىيەتتە بىر ئەركىن ئىمپېرىيە شەھىرىگە ئايلانغان. گەرچە ئىمپېرىيە قانۇن جەھەتتە ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن 200 يىلدىن بۇيان كيولنىنىڭ ئەركىن ئىمپېرىيە شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان.

1200-يىلدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يېرىم يۇمىلاق شەكىلدىكى بىر سېپىل قورۇلۇشى تاماملانغان. 12 ئىشىكلىك بۇ ئەڭ چوڭ مۇداپىئە رايونى تەخمىنەن 40 مىڭ ئادەمنى مۇھاپىزەت قىلغان. بۇ سېپىل ۋە 1248-يىلى ياسالغان چوڭ چېركاۋ قۇرۇلۇشى زور سىياسىي كۈچ، دىنىي جەمئىيەت كۈچى ۋە كۈللەنگەن ئىقتىساد ئاساسىدا

Weckschnapp نىڭ جەنۇبىي-شىمالىي ئىككى بېشى رېين دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا.

بۇ گوت ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەر پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان. ھانسا يىغىن زالى 1349-يىلدىن كېيىن سېلىنغان. يەنە 61 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنارمۇ بولۇپ، بۇ مۇناردا بىر سائەت بار. ئۇ چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە جاراڭلايدۇ. ۋىلھېلم ۋېرنۇكېندە بىر ئىشىك زالى بار، بۇ زال ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى سالقىن كارىدور. كارل ۋاند پىلانلاپ يېڭىباشتىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت زالى سالدۇرغان. شـەھـەرلـىـك ھـۆكـۈمـەت زالـىـنىڭ ئالدىدا 12-ئەسىردە سېلىنغان يەھۇدىيلارنىڭ تاھارەت ئېلىش ئۆيى، 20 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى "جانلىق سۇ" قۇدۇقى بار.

مارتىن گوتسىنىڭ زىياپەت زالى ۋە بايرام زالى مىلادى 1437 — 1444-يىللىرى سېلىنغان. كيولن ھازىر بۇنى چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈش، مۇزىكا يىغىنى ئۆتكۈزۈش، خۇشاللىق بايرىمى ۋە چوڭ يىغىن ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىدۇ.

شـەھـەرلىك ھۆكۈمەت زالىنىڭ ئالدىنقى قورۇسى ئوتتۇرا ئەسىر (12-ئەسىر) دىن باشلاپ، يەھۇدىيلارنىڭ نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدىغان جايى بولغان.

## 15-، 18-ئەسىردىكى كيولن

1475-يىلدىن كېيىن، كيولن ئىمپېرىيە بويىچە ئەركىن شەھەر

مىنورىتېن كىرچ (مىنورىتېس) چېركاۋىدا تېپىلدى. بۇ ئادەملەر كيولىننى ئىـلـىم مەركىزى دېگەن شۆھرەتكە ئېرىشتۈرگەن. شەھەرلىك بىرىنچى ئۇنىۋېرسىتېت يەنى كيولىن ئۇنىۋېرسىتېتى 1388-يىلى قۇرۇلغان. كيولىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 50 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، فېدېراتىپ گېرمانىيە بويىچە ئۈچىنچى چوڭ ئۇنىۋېرسىتېت ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا تـارىـخـى ئـەڭ ئـۇزۇن ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى. 1988-يىلى ئۇنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 600 يىللىقى خاتىرىلەنگەن.

14-ئـەسـىـردىـكـى مـىـنـورىـتـېنكىرىچ (مىنورىتۇس چېركاۋى)، ئارتەئۇسېركېرچ (ئارتئۇسان ئوردېر چېركاۋى) ۋە ئانتونىتېركىرچ (ئارتونس ئوردىر چېركاۋى) يىڭى گوت ئۇسلۇبىدا ياسالغان. بۇ دەۋر كيولىن رەسىم ئىنىستىتۇتىنىڭ ياغاچ ئويما سۈرەتتە داڭق چىقارغان گۈللەنگەن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ستېفان لوكنېرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنىستىتۇت بويىچە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. ئۇ 1430-يىلدىن 1451-يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملىق كيولىندا تۇرغان. ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى دومبىلدە چوڭ چېركاۋىدا ئەتىۋارلاپ ساقلانغان. باشقا نادىر ئەسەرلەر ۋاللراف-رىكارتىس مۇزېيىدا.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى سېپىل ھازىرقى "رىنىگ" نامى بىلەن مەشھۇر بولغان سېپىل بىلەن تۇتاشقان، ئۈچ چوڭ مۇداپىئە ئىشىكىنىڭ ئېبىرت مـەيـدانـىـدىـكى ئېيگېلىتېين تور، رۇدولق مەيدانىدىكى ھاخىنتور ۋە كىلودۋىگ مەيدانىدىكى سېۋېرنىس تور ھازىرمۇ مەۋجۇت، ھانسارىنىگ ۋە ساكسىنرىنگلاردىمۇ سېپىلنىڭ قالدۇقلىرى مەۋجۇت.

ئەسلىدىكى مۇداپىئە ئىشكى ھازىر خۇشاللىق بايرىمى جەمئىيىتى تۇرۇۋاتقان جاي. بۇ مۇداپىئە ئىشكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەر مۇداپىئە ئىستىھكامىنىڭ بىر قىسمى. يېرىم يۇمىلاق شەكىلدىكى "بايىنتۇرم" ۋە

يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭغا ئۇلۇشۇپ ئىقتىسادتا زەئىپلىشىش ۋە تۇرغۇنلۇق يۈز بەرگەن. 1794-يىلى فرانسىيە ئىنقىلابى پارتلاپ، كېولىننىڭ ئىمپېرىيە بويىچە ئەركىن شەھەرلىك تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەنلىكى جاكارلانغان. 20 يىللىق ئىشغالىيەت مەزگىلىدە، كېولىننىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇن، پۇل-مۇئامىلە ئاپپاراتى، مائارىپ جەھەتلىرىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. كېولىننىڭ باش روھانىلىق ۋەزىپە ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. چېركاۋلارنىڭ كۆپلىگەن بايلىقى مۇسادىرە قىلىنغان.

## كېولىن شەھىرىنىڭ 1531-يىلدىكى مەنزىرىسى

1531-يىلى ئانتون ۋوئېنسام ئالتە مېتىرغا يېقىن كەڭلىكتىكى ياغاچ ئويما سۈرەتنى ئىشلىگەن. بۇ سۈرەتنىڭ يېرىمىنى مۇنىكپال مۇزېيىدا كۆرگىلى بولىدۇ.

## 19-ئەسىردىكى كېولىن

1815-يىلى ۋىينا يىغىنى كېولىن ۋە پروسسىيە شاھلىقىنىڭ رېين دەرياسى رايونىنى ئايرىپ باشقۇرغان. كېولىننىڭ ئىلگىرىكى باش روھانىيلىق ۋەزىپە ئورنى قايتىدىن تىكلەنگەن.

كېيىنكى بىرقانچە يىلدا، كېولىن سانائەتلىشىش ۋە تېخنىكا كەشپىياتىنى باشلىۋەتكەن، تۆت قىرلىق دۆنگاتېل كېولىندا ئەۋج

دىكەن شەكىل جەھەتتىكى ھوقۇقنى ئىگە بولغان. بۇ ئۆز ئالدىغا تەڭگە پۇل قۇيدۇرغان، ئۆز ئالدىغا قوشۇن تەشكىللىگەن. بۇ قوشۇننىڭ قورال-لىرىنى شەھەرلىك ھەربىي قورال-ياراق زاۋۇتى زېئۇگ خائۇس تەمىن ئەتكەن. بۇ ھەربىي زاۋۇت ھازىرقى مۇنىسپال مۇزېيى. مۇزېيدا كيولننىڭ قورال-لىرى، بايرىقى، تەڭگە پۇلى، جەڭ تېشى ۋە كيولننىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىگە قويۇلغان. كيولننىڭ قورال-ياراق ئىشلىگۈچىلىرى، زەرگەرلىرى، ماشىنىچىلىرى گېرمانىيە بويىچە مەشھۇر. مەتبەچىلىك ۋە نەشرىياتچىلىقمۇ گۈللىنىشكە باشلىغان. 1531-يىلى ئانتون ۋوئىنسام تەخمىنەن ئالتە مېتىر كەڭلىكتىكى مەشھۇر ياغاچ ئويما سۈرەتنى ئىشلىگەن. بۇ سۈرەتتە كيولن شەھىرى، رېين دەرياسىنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى كۆرسىتىلگەن. كيولندا يەنىلا روھانىيلارنىڭ كاتولىك دىنى ئۈستۈنلىكنى ئىگىلەيدۇ. رېفورماتسىيونغا قارشى تۇرۇشقا ئەگىشىپ، يېڭىدىن بىرقانچە چېركاۋ سېلىندى. بۇ ئەۋلىيا مارىيە ھەممىل قاھىرتىننىڭ Jesuit جېسۇيىت چېركاۋى، (بىلىپسېد ۋىرگىن مارىننىڭ ئاسسۇمپىيون چېركاۋى)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گېرمانىيىنىڭ غەربىي شىمالى بويىچە Jesuit جېسيۇت ھەممىدىن مۇھىم. ئەڭ چوڭ باگات ئۇسلۇبىدىكى چېركاۋمۇ كيولندا، بۇلاردىن باشقا 17-ئەسىردە ياسالغان چېركاۋلاردىن: ئەۋلىيا مارىيە ۋوم فرېدېن (تىپ-تىنچ ئىلاھە. 1716-يىل). مارىيە چېركاۋى كۈپېر كوچىسىدا (ئەۋلىيا مارىيە كۈپېر كوچىسىدا، 1715-يىل). بۇ چېركاۋدا زور قارا ئىلاھە ھەيكىلى بار. باگات رەسسامى پېتر پائۇل رۇبېنس بۇرۇن كيولندا بولۇپ، ئۇنىڭ بىرقانچە نادىر ئەسىرى ۋاللراف — رىچارس مۇزېيى ۋە ئەۋلىيا پېتر چېركاۋىدا ساقلانماقتا.

ئامېرىكىنىڭ تېپىلىشى بىلەن، دېڭىز-ئوكيان ۋە دېڭىز پورتلىرى سودا ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولۇپ بىلىنگەن. دېڭىز ساياھىتى دەۋرى

# 20-ئەسىردىكى كيولن

كيولننىڭ 19-ئەسىرنى باشتىن كەچۈرگەن تەرەققىياتى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تەرىپىدىن (1914 — 1918) ئۈزۈپ تاشلاندى. دۇنيا مىقياسىدا ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇق يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن كونراد ئادېنائۇئېر كيولننىڭ شەھەر باشلىقى بولغان مەزگىلدە، كيولن داۋاملىق تەرەققىي قىلدى.

1919-يىلى: كيولن ئۇنىۋېرسىتېتى يېڭىباشتىن ئېچىلدى.

1921 — 1923-يىللىرى: تەنتەربىيە سارىيىنىڭ ياسىلىشى كيولننى كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە چوڭ تىپتىكى تەنتەربىيە پائالىيىتى مەيدانىغا ئايلاندۇردى.

1922-يىلى: شەھەرنىڭ شىمالىي سىرتقى رايونى شەھەرگە قوشۇلدى.

1922-يىلى: Messegesellschaft ۋە كۆرگەزمە زالى كيولندىكى دېئوتىزدا ياسالدى.

1924-يىلى: مەشھۇر يېشىل بەلباغ (ئىچكى چەمبىرىكى يەتتە كىلومېتىر، تاشقى چەمبىرىكى 30 كىلومېتىر كېلىدۇ) ياسالدى.

مەدەنىيەت ساھەسىدە بولسا ئەڭ مۇھىمى مىڭ يىللىقنى تەبرىكلەش مۇراسىمى كۆرگەزمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1925-يىلى كۆرگەزمە زالىدا، كيولننىڭ گېرمانىيە ئىمپېرىيىسى ئەزاسى بولغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى تەبرىكلەنگەن. يەنە مەتبەچىلىك تېخنىكىسى كۆرگەزمىسى ياسالغان.

ئالغانلىقتىن، سانائەت مىسلى كۆرۈلمىگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئېرىشكەن، خەلقئارا سەۋىيىدىكى سودا كارخانىلىرى راۋاجلىنىپ، كۆپلىگەن ئەمگەك كۈچىگە مۇھتاج بولغان. ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشى ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان. خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى تۆمۈر يول شىركىتى كېيىنىنى قاتناش تۈگىنىگە ئايلاندۇرۇشتىمۇ مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرغان. دېڭىز قاتنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پورتلارمۇ بەرپا قىلىنغان.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى سېپىل شەھەر تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپ قالغان. كارخانىلار شەھەر ئەتراپى رايونلىرىغا قۇرۇلغاچقا شەھەرگە بولغان بېسىم تۈگىگەن. جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، كونا سېپىلنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، شەھەر ئەتراپىنى شەھەرگە قوشۇش زۆرۈر تېپىلغان. بۇ لايىھە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئەمەلگە قويۇلغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ كۆلىمى كونا شەھەردىن 11 ھەسسە چوڭايغان. سېپىل ئېلىپ تاشلىنىپ، ئاتالمىش يېڭى شەھەر ياسالغان. يېڭى شەھەر ئەينى ۋاقىتتىكى شەھەر قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئەڭ ياخشى جايلاشتۇرۇلغان شەھەرلەردىن بىرىگە ئايلانغان. ئۇ ئەڭ مەشھۇر ئارختېكتورلار تەرىپىدىن لايىھىلەنگەن ۋە ياسالغان. ئەسلىدىكى شەھەر سېپىلى لېنىيىسى بويىچە، يېڭى شەھەر شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسى يادرو قىلىنغان يېرىم يۇمىلاق شەكىلدە لايىھىلەنگەن. ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئەسىر قىزغىنلىقى تايانچ بولغان مەنىۋى ھەرىكەت كۆتۈرۈلگەن. ئۇ پروسسىيە شاھلىقىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، چوڭ چېركاۋلار داۋاملىق ياسىلىپ 1880-يىلى پۈتتۈرۈلگەن. چوڭ چېركاۋ ياساش مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاساسلىقى كېيولن شەھەر ئاھالىسى بولغان. ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى شەھەر ئاھالىسى بۈگۈنكى مۇزېيلاردا كۆرگەزمىگە قويۇلغان بۇيۇملار ئۈچۈن ئاساس ياراتقان.

يېڭىباشتىن تەشكىللەشنىڭ بىر قىسمى بولدى. قايتىدىن قۇرۇش خىزمىتى يەنە بىر يەرلىك تۆمۈر يول سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، يېڭى يوللارنىڭ ياسىلىشى، سۇنئىي ھەمرا شەھىرى ۋە يېڭى سانائەت رايونىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كيولىندا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇن كيولىننى «ئەۋلىيا شەھىرى» دېگەن شۆھرەتكە ئىگە قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر چېركاۋلىرى ھازىرمۇ يەنە ئالاھىدە شەھەر مەنزىرىسىگە ئىگە ئىكەن.

## چوڭ چېركاۋ

چوڭ چېركاۋ كيولن شەھىرىنىڭ يۈرىكى، ئۇ شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. چوڭ چېركاۋ ئۆزىنىڭ 140 مېتىر ئۇزۇنلۇقى، 86 مېتىر كەڭلىكى، مۇنارىنىڭ 157 مېتىر ئېگىزلىكى بىلەن بىر تەكشى تاغ تۆپىلىكىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ تۆپىلىك تارىختا ئاللاھ ئۈچۈن نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزىدىغان جاي ئىدى. بۇ جايدا ئېلىپ بېرىلغان قېدىرىشتا قەدىمكى رىم دەۋرىدىكى غەيرىي دىنىدىكىلەرنىڭ ئاللاھ بۇتخانىسى ۋە بالدۇرقى مەزگىلدىكى خىرىستىئان دىنى چېركاۋىنىڭ يادىكارلىق ئىزى تېپىلغان. كېيىنكىسى مىلادى 6-ئەسىرگىچە ساقلىنىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، كېيىن بۇنىڭ ئورنىنى ھىلدېبولدنىڭ ئارولىنگيان ئاتېدارال (ئارولىنگىيا چوڭ چېركاۋى) ئىگىلىگەن. چوڭ چېركاۋنىڭ ئەتراپى پەلەمپەي شەكىلدىكى كەڭ ئوچۇقچىلىق بولۇپ ھازىر رەتلىك ياسىلىپ

ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاماملىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادولف گىتلېر رەھبەرلىكىدە دۆلەت سوتسىيالىزمى يولغا قويۇلغان، كونراد ئادىنائۇئېر شەھەر باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. شەھەرنى باشقۇرۇشتا دۆلەت سوتسىيالىزمى تۈزۈلمىسىنى قوللانغان. 1932-يىلى ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، كاتولىك دىنىدىكى نوپۇس قۇرۇلمىسى تۈپەيلى، كۆپ ساندىكى كېولىن پۇقرالىرى گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى (NsdAP) سايلاشقا چەك تاشلىمىغان. قارشىلىق ئەمگەكچىلەردىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن 1938-يىلى 11-ئاينىڭ 9-كۈنى، كېولىن يەنىلا ئۇياتلىق "خىرىستال كېچە"نى باشتىن كەچۈرگەن.

1939-يىلى 2-قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى، كېولىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇرۇشتا ۋەيران بولدى. سانسىزلىغان پۇقرالار ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. 1945-يىلى ئۇرۇش تاماملانغاندا، كېولىننىڭ %70 — %95 ى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. نوپۇسى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە يۈز مىڭدىن 40 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، مەدەنىيەت تۇرمۇشى پۈتۈنلەي يوقالدى. تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەشمۇ تامامەن توختىدى.

يېڭىباشتىن قۇرۇش خىزمىتى بىر ھالقا يەنە بىر ھالقىغا كىرىشتۈرۈلۈپ قانات يايدۇرۇلدى. ئەنگلىيىنىڭ قېلىپى بويىچە شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلمىسى قايتىدىن تەشكىل قىلىندى. 1946-يىلى ئىككى ھوقۇقنى ئايرىش يولغا قويۇلدى. شەھەر باشلىقى قانۇن تۈزۈش تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ۋە شەھەرنىڭ ۋەكىلى بولدى. شەھەر ئىش ئىجرا قىلغۇچىسى مەمۇرىي رەھبەر بولۇپ، ئۇ مەمۇرىي جەھەتتىكى ھوقۇقنى يۈرگۈزدى.

50-، 60-يىللاردىكى قايتىدىن قۇرۇش خىزمىتىمۇ شەھەرنى

چـوڭ چېركاۋ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ھالەتكە كەلگەن. ئۈچ يۈز يىل ئىچىدە، چوڭ چېركاۋنىڭ پۈتمىگەن چوڭ ئاساسىي گەۋدىسى ۋە يان تـەرىپـىـدىـكـى زور كىران شەھەر مەركىزىدە قەد كۆتۈرۈپ چىققان. 18-ئـەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قىزغىنلىق ئىقىمى پۈتكۈل ياۋروپانى قاپلىغان. يېڭى گوت ئۇسلۇبى قىياپىتى بىلەن مەيدانغا چىققان گوت ئۇسلۇبى شۇنىڭ بىلەن بىللە قايتا گۈللەنگەن. پۈتۈپ بولمىغان چوڭ چېركاۋ گېرمانىيە سەنئىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. يازغۇچىلار ۋە شائىرلار چوڭ چېركاۋ قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتتۈرۈلىشىنى كەينى-كەينىدىن تەلەپ قـىـلـىشقان. 1842-يىلى پروسسىيە شاھى فرىدېرىخ ۋىللىيام IV چوڭ چېركاۋنىڭ قايتا ياسىلىش قۇرۇلۇشىغا ئۇل قويغان. 1880-يىلى 270 مىڭ مارك سەرپ قىلىنغان چوڭ قۇرۇلمىسى پۈتكەن. بۇنىڭدا 13-ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇستىلارنىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشاش ئۇسلۇب ساداقەتمەنلىك بىلەن ساقلاپ قېلىنغان. تۆۋرۈك، ئەگمە جازىلىرى، ئۈچلۇق تام، گۈزەل ئويما نـەقـىـشـلـەرنـىڭ ھەممىسى بىردەك گوت ئۇسلۇبىدا تولۇق ئىشلەپ پۈتتۈرۈلگەن.

2-دۇنيا ئۇرۇشى كىيولنىدا چوڭقۇر تەسىر ئىزلىرىنى قالدۇرغان بولۇپ، 14 قېتىم ئېغىر بومبا، ئۈچار بومبا، قول بومبىسى ۋە كۆيدۈرگۈچ بومبىنىڭ ئېغىر زەخىملەندۈرۈشىگە ئۇچرىغان.

1956-يىلغا كەلگەندە، چوڭ چېركاۋ ئاندىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئـىشلىتىلگەن، رېمونت قىلىش-ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلماقتا.

بولغان. جەنۇب تەرىپىگە 1974-يىلى روھان-گېرمان مۇزېيى سېلىنغان، 1986-يىلدىن بۇيان يەنە ۋاللراف — رىكارتز مۇزېيى، لۇدۋىگ مۇزېيى ۋە سىمفونىيە زالى سېلىنغان.

## قۇرۇلۇش تارىخى

1248-يىلى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى خوكستادىنلىق باش روھانىي كونراد چوڭ چېركاۋ قۇرۇلۇشىنى باشلىغان. بۇ غايەت زور چېركاۋ بولۇپ، شۇنىڭدىن 24 يىل بۇرۇن ياسالغان پارىژ، ئامىن ۋە رېيمستىكى فرانسىيە چوڭ چېركاۋ قۇرۇلۇشىنى تەقلىد قىلىپ يېڭى ئۇسلۇبدا ياسالغان. شەرقىنىڭ ئۈچ دوكتورىنىڭ قەبرىسى مۇشۇنىڭغا قويۇلغان. 1320-يىلغا كەلگەندە، مۇناجات سىنىپى ۋە بارلىق جاھازلىرى ھەم بېزەكلىرى ئىشلەپ پۈتتۈرۈلگەن. 1322-يىلى مۇناجات سىنىپى پۈتكەندىن كېيىن، پۈتكەن قىسمى 1560-يىلغىچە بىر ۋاقىتلىق تام بىلەن ئېتىپ قويۇلغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى قۇرۇلۇش ئۈزۈپ قويۇلغاندا، تۆۋەندىكى تۈرلىرى پۈتۈپ بولغان: ئويما ھەيكەللىك ئەۋلىيا پېتر دەرۋازىسى، جەنۇبىي سارىيىنىڭ تورۇسى ياسىلىپ بولغان. جەنۇبىي مۇنارىنىڭ ئۈچى ۋە ئىككىنچى قەۋەت تەكشى سۇپىسى ھەم سائەتخانا (قوڭغۇراقخانا)، شىمالىي يان كارىدورىدىكى يەتتە رەت ئەگمە جازا، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى ئۇسلۇبىدىكى رەڭلىك ئەينەك راملار، چوڭ سارايىنىڭ ئېشىپ قالغان قىسمى ۋە قىسمەن يوللىرىنىڭ ئۈستى يېپىلغان. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل

قويۇلغان. مۇناجات سىنىپىنىڭ ئۈستى قىسمى 17 مېتىر ئېگىزلىكتىكى رەڭلىك ئەينەك رام، يۇزىگە ئىنجىلدىكى 48 شاھ سىزىلغان. ئېگىز نەزىر-چىراغ سۇپىسىنىڭ ئارقىسىدا 1320-يىلى ئەتراپىدىكى شەرقنىڭ ئۈچ (ئەۋلىياسى) دوكتورىنىڭ سۆڭەك قۇتىسى بولۇپ، ئەۋلىيالار سۆڭەك قۇتىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئالتە ئېنگىلىز دەن، ئېگىزلىكى 153 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 220 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 110 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ غەرب بويىچە ئەڭ زور ئالتۇن ساندۇق ھېسابلىنىدۇ. 1182-يىلدىن باشلاپ ئۇنى ۋېردىنلىق نىكولائۇس ئىشلىگەن، 1220-يىلى كيولننىڭ قول ھۈنەر ئۇستىلىرى پۈتتۈرگەن.

## دۇنيا سەنئىتىنىڭ خەزىنىسى

شۇنداق دېيىش قىلچە مۇبالىغە ئەمەسكى، كيولننىڭ ياۋروپا بويىچە ئەڭ مۇھىم سەنئەت مەركىزىدىن بىرى بولالىشى چېركاۋغا مەنسۇپ. شىركەت مۇزېيى ۋە شەھەر باشقۇرغان مۇزېي قاتارلىق ھەممە مۇزېيلارنى ئاددىي خەلق بىنا قىلغانىكەن. سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ دائىرىسى قەدىمكى ئاسىيادىن ھازىرغىچە بولۇپ، بۇ يىل ئېكسكۇرسىيە قىلغانلار بىرنەچچە مىليونغا يەتكەن. چوڭ چېركاۋنىڭ تەسىرىدە، بىر مەدەنىيەت مەركىزى يېقىنقى بىرقانچە يىلدا راۋاجلانغان. بۇ مۇزېي سىمفونىيە زالى، تىياتىرخانا ۋە يېڭى رېين دەريا باغچىسى، كۆكۆل ئېچىش مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مۇزېي مەنزىرىسى ئاساسلىقى ۋاللىراف رىكارتس مۇزېي ۋە ليۇدۋىگ

# چوڭ چېركاۋنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان بويۇملار

43.5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چوڭ ساراي ئەگمە تورۇسىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئېگىز جازىسى خۇددى يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىگە مۇسابىقە ئېلان قىلىشۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. مۇناجات سىنىپىغا بارىدىغان تار ئۇزۇن ئاساسىي سارايىنىڭ ئىككى يېنىدا بىردىن يان كارىدورى بار. شىمالىي يان كارىدورىنىڭ چىرايلىق بەش رەڭدار ئەينەك رامى بار. بۇنىڭ ئىشلەنگەن ۋاقتى 1507 — 1508-يىللاردۇر. ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل ھۈنەر-سەنئەتنىڭ ئەۋج ئېلىشى كيولىندا ئاخىرقى دەۋرگە يەتكەن. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ راملىرى (تا 16-ئەسىرگىچە)نىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1350 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ.

1928-يىلى گېرمانىيە سوتسىيالىستلار پارتىيىسى يۇقىرى باھادا يەنى 100 مىڭ ماركقا شەخسىيدىن بىرۇكنىستر كوچىسىدىكى 10-نومۇرلۇق

نوي قىلىپ، پارىژغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان.

1844-يىلى: ئېنگېلس بىلەن بولغان دوستلۇقى باشلانغان.

1845-يىلى: بىريۇسسېلدا ئولتۇراقلاشقان؛ "گېرمانىيە ئىدىئولوگىيىسى" ئېلان قىلىنغان.

1847-يىلى: "پەلسەپە نامراتلىقى" ئېلان قىلىنغان؛ ماركس «گېرمانىيە — بريۇسسىل گېزىتى»دا ئىشلىگەن.

1848-يىلى: «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغان.

1848 — 1849-يىلى: كيولىندا «يېڭى رېين گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان. «ياللانما ئەمگەك ۋە كاپىتال» ئېلان قىلىنغان.

1849-يىلى: لوندوندا ئولتۇراقلاشقان.

1850-يىلى: «يېڭى رېين گېزىتى، سىياسىي ئىقتىساد ئەنزارى» نەشر قىلىنىشقا باشلىغان.

1852-يىلى: «لۇئى بۇ ناپارتنىڭ ئون سەككىزىنچى بىر يۇمىرى»

1853-يىلى: «كولون كوممۇنىزمچىلىرىنىڭ سوراقتا تارتىلىشىنىڭ ھەقىقىي سىرى»

1857 — 1858-يىلى: «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىرنىڭ تېزىسلىرى»، «كاپىتال»نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى.

1859-يىلى: «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىرنىڭ مۇقەددىمىسى». بىرىنچى توم.

1861-يىلى: «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىر»نىڭ قوليازمىسى.

1863-يىلى: (قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسى)

1863-يىلى: ماركسنىڭ ۋاپات بولغان. ئىرىرغا ئاخىرقى قېتىم بارغان.

1864-يىلى: بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونال قۇرۇلغان.

يېڭىباشتىن ياسىلىپ، ”كارل. ماركسنىڭ قەدىمىي جايى مۇزېيى“ قىلىپ ئېچىلغان. 1983-يىلى 3-ئاينىڭ 14-كۈنى ماركس ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقى مەزگىلىدە، بۇ يەردە تېخىمۇ كەڭ تۇردە يېڭىدىن پىكىر قىلىنغان كۆرگەزمە ئۆتكۈزۈلگەن. يېقىندا ياسالغان تەتقىقات مەركىزى بىنانىڭ ئۆزىنىڭ كىچىك بىر قىسمى ئىدى. 1981-يىلدىن بۇيان ئىشلىتىلىپ، ھازىر كۈتۈپخانا ۋە تەتقىقات ھەم خەلقئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان ئورۇنغا ئايلانغان.

## چوڭ ئىشلار يىلنامىسى

1818-يىلى: كارل. ماركس 5-ئاينىڭ 5-كۈنى تىرېردا تۇغۇلغان.

1824-يىلى: 8-ئاينىڭ 26-كۈنى ماركس ئىنجىلچىلار جەمئىيىتى (جياۋخۇي)دا چوقۇنۇشقا ئۇچرىغان.

1835-يىلى: ھۆكۈمەت قارمىغىدىكى گراماتىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئىمتىھان بېرىپ، بونن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان.

1836-يىلى: جېنىنۇ. پىن.ۋىستاپالون بىلەن توپلاشماقچى بولۇشى، بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆگىنىشكە كىرگەن.

1838-يىلى: ماركسنىڭ ئانىسى ھىنرىخ ئالەمدىن ئۆتكەن.

1841-يىلى: ”دېموكرىت ۋە ئېپىكوئۇرۇس پەلسەپىسىدە تەبىئەتنىڭ ئوخشىماسلىقى“ دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلغان.

1842-يىلى: كىيولىندىكى «رېين گېزىتى»گە باش مۇھەررىر بولغان.

1843-يىلى: «رېين گېزىتى» پېچەتلەنگەن، ماركس جېننى بىلەن

# تىرىېرنىڭ قىسقىچە تارىخى

تىرىر — گېرمانىيە بويىچە ئەڭ قەدىمىي، كىشىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان شەھەرلەردىن بىرى. ئۇ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىي ياۋروپادىكى ھاكىمىيىتى جايلاشقان ئورۇن ئىدى. كايسېر ۋە مۆتىۋەرلەر ساناتورىيىسى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردىن بۇيان، ئۇ ئۆزىنىڭ سېھىرىي كۈچى ۋە سالاپىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ كەلگەن. ئۇ ليۇكسېمبۇرگ ۋە فرانسىيىگە يېقىن، چېگرا رايونىدىكى شەھەر

مىلادىدىن 58 يىل بۇرۇن، كايسېر قوشۇنى موزېل رايونىغا كىرىپ، گاللو-گېرمان مىللىتىنىڭ بىر تارمىقى تىرىئويېرىئان Treverians لار ئولتۇراقلاشقان جاينى تاپقان. بۇ تىرىۋېرىئانلار ئۇ جاينىڭ ئەڭ قەدىمىي ئاھالىسى بولماستىن، بەلكى باشقىلاردىن كېيىنكىسى. شۇڭا، تىرىر ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايدىكى ئەڭ بالدۇرقى ئىنسانلار ئىزىنى مىلادىدىن 3000 يىل ئىلگىرىكە سۈرۈش مۇمكىن.

تىرىر ئەمەلىيەتتە ئابراھام دەۋرىدە شاھزادە تىرىبېتا تەرىپىدىن ياسالغان. ئۇ رىم دەۋرىدىن 1300 يىل ئىلگىرىكى بابىلنىڭ ئايال شاھى سېمىرامىسنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ پاكىت ئېھتىمال تارىخشۇناسلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىنى خاتىرىلىشىگە ياردەم بېرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى، روھانىلار بىرىنچى قېتىم موزېل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تىرىۋېرىئانلارنىڭ نەزىر-چىراغ سۇپىسىغا يېقىن قورغانغا جايلاشقان ۋاقتىدا،

1867-يىلى: «كاپىتال» نەشر قىلىنغان (بىرىنچى تومى)

1870 — 1871-يىللىرى: فرانسىيە-گېرمانىيە ئۇرۇشى؛ ماركس بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ئۈچۈن ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە "فرانسىيىدە گراژدانلار ئۇرۇشى"نى يازغان.

1872-يىلى: ماركسنىڭ باكۇنىن بىلەن بەس-مۇنازىرىسى؛ گائاگادا بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتنىششى، بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تارقىتىلىشى.

1875-يىلى: «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد»نى يازغان.
(1891-يىلى نەشر قىلىنغان)

1881-يىلى: 12-ئاينىڭ 2-كۈنى جېنىنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

1883-يىلى: 3-ئاينىڭ 14-كۈنى ماركس لوندوندا ۋاپات بولغان. هايگېت قەبرىستانلىقىدا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئېنگېلس تەزىيە نۇتقى سۆزلىگەن.



مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىغاندا، تىرىر ۋە ئۇنىڭ باياشات يېزا-كەنتلىرى ئۇلارنىڭ قانائەتلىنەرلىك نىشانى ۋە ئولجا بۇيۇمىغا ئايلانغان.

تەخمىنەن 275-يىلى بىر تۈركۈم ئالمانلار تىرىر شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ شەھەرنى يەنە بىر قېتىم ۋەيران قىلىۋەتكەن. لېكىن رىمنىڭ يەنىلا كۈچى بولۇپ تىرىرنى يېڭىباشتىن كۈللەندۈرگەن ھەم ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىققان. رىم پادىشاھىسى دىئوكلىتان (284 — 305) ئۆزىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىش جەريانىدا، تىرىرنى ئىمپېرىيىسىنىڭ تۆت پايتەختىنىڭ بىرى قىلغان.

دەل مۇشۇ تىرىردا، كونساتانتا پادىشاھلىققا سايلانغان. 293-يىلى ئۇ غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان. بىنا-ئىمارەتلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئۇسلۇبى، گۈللەنگەن سەنئىتىنىڭ ئىسلىگە كەلتۈرۈلىشى، نازۇك-نەپىس قول ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ يېڭىباشتىن نامايان بولۇشى ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ۋە ئىمپېرىيە پايتەختىگە خاس بارلىق شان-شەرەپنى بەخش قىلغان. ئوخشاش بىر دەۋردە، تىرىرتا ئالمانلار ئۇنى ۋەيران قىلغىچە يەنىلا ئۇچۇق شەھەر ئىدى. سېپىل بىلەن ئورالغان تەخمىنەن 1.5 كۋادرات ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بىر پارچە جاي بولۇپ، رىمدىكى كىيولنىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلەتتى.

ئىمپىراتور كونستانتىن پادىشاھ كونستانتانىڭ ئوغلى بولۇپ، 306 — 316-يىللىرى، تىرىرنى ئۆزىنىڭ تۇرار جايى قىلغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، تىرىرنىڭ ئورنى رىمنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى پايتەختى قاتارىدا بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئالپىس تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىككىنچى رىم شەھىرى بولغان. بۇ چاغدا ئۇ پادىشاھنىڭ نوپۇسى 80 مىڭغا يەتكەن

تىرىر ئاللىبۇرۇن 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىدى. تىرىرنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى تارىخىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تارىخىي پاكىت شۇكى، مىلادىدىن تەخمىنەن 16 يىل بۇرۇن، ئاۋگۇستۇ دەۋرىدىكى روھانىلار (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 30-يىل — مىلادى 14-يىل) ئۇ يەردە ئاۋگۇسىتا تىرىۋېرورۇم AugusTA TRereRoRum ناملىق بىر شەھەر بىنا قىلغان. شەھەر نامىنىڭ مەنىسى تىرىۋېرىئانلار زېمىنىدىكى ئاۋگۇستۇ شەھىرى دېگەن بولىدۇ. شۇ زاماندىن باشلاپ، تىرىرنىڭ تەقدىرى پادىشاھلارنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەن ھەم سىياسىي تاكتىكىسىنىڭ سەھنە جاھازىسى بولغان.

ئۇنىڭ ئورنى غەرب ۋە جەنۇبتىن كېلىدىغان بىرمۇنچە مۇھىم ترانسپورت، سودا يوللىرى قوشۇلىدىغان جايدا بولغاچقا ھەم تىرىرنى مۇزېل دەرياسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، شىمال ۋە غەربكە سوزۇلغان قورغانلار بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان بولغاچقا، رىم پادىشاھلىرىنىڭ رېين دەرياسى بويىدىكى ئالدىنقى قاراۋۇلى بولۇش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تىرىر ئىستراتېگىيە ۋە مەمۇرىي جەھەتتە ئىنتايىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا، باشقا قوشنا گېرمان مىللىتى بىلەن بولغان داۋاملىق ئۇرۇشتا، تىرىر ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرەتلىك قورغىنىغا ئايلانغان. تىرىر قاتناش ئالاقە لىنىيىسىدىكى بازا ۋە مەركەز بولۇش سۈپىتىدە ناھايىتى تېز بېيىغان ھەم ئوتتۇرا دېڭىز ئەللىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە قارىتا ئىشكىنى ئېچىۋەتكەن. تەخمىنەن مىلادىنىڭ 40-يىلى رىمنىڭ جۇغراپىيەشۇناسى پومپونىيۇس. مېلا تىرىرنى تىرىۋېرىئانلارنىڭ ئەڭ باي، ئەڭ گۈزەل شەھىرى، دەپ ئاتىغان. بۇمۇ دۆلەتنىڭ پۈتكۈل سودا ۋە سانائەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. تىرىرنىڭ بۇ ئالتۇن دەۋرى ئىككى يۈز يىل داۋاملاشقان. كۈچلۈك ئۇرۇشقاق گېرمان مىللىتى تەخمىنەن مىلادى 260-يىلى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شىمالىي-شەرقىي

نۇقتىلىرى ئۇتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشتا مەنپەئەتكە ئېرىشىپ، IV ـ ئەسىردە بۇ جايدا كۈچلۈك ئورۇن ئالغان. چوڭ چېركاۋنىڭ قۇرۇلمىسى گۈزەللىكتە ئىمپېرىيىنىڭ ھەرقانداق بىنالىرىدىن قېلىشمايتتى. خىرىستىئانلارنىڭكىدىن باشقا چېركاۋلار ۋەيران قىلىنغان.

## ئائۇلا ئوردىسى

ھازىر باسىلىكا (Basilica) دەپ ئاتالغان، ئىمپېراتور كونستانتىن دەۋرى (تەخمىنەن مىلادى 310 ـ يىلى) دىكى ئائۇلا ئوردىسىنىڭ خىش قۇرۇلما ئىمارىتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللەنگەن دەۋر ئۇسلۇبى ۋە باروق ئۇسلۇبىغا ئىگە ئېلېكتور ئوردىسى بىلەن ئۇلۇشۇپ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ناھايىتى زور بىر توپ ئۆي ـ ئىمارەتكە ئايلانغان. بۇنداق بىرلەشتۈرۈش تەبىئىي بىر جەريان بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ ئىمارەتلەر بىرقانچە يۈز يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز ئىشلىتىپ كېلىنگەن، تۈرلۈك يازما خاتىرىلەردە ئىزچىل قوللىنىپ كېلىنگەن ئەنئەنىۋى نام — ”پالاتىئۇم“ Palatium (ئوردا) بۇنى يەنىمۇ دەلىللەپ بېرىدۇ. ئىلگىرىكى كونستانتىن دەۋرىدە، يۇقىرىقى ئوردا داۋاملىق پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەشرەپ ـ ئاكابىرلىرىنىڭ ئولتۇراق جايى بولۇپ كەلگەن. مىلادى IV ئەسىردە، ئۇ رىم پادىشاھلىرىنىڭ ئوردىسى بولغان، كېيىنكى ۋاقىتتا يەنە فرانكى شاھى ۋالىيلىرىنىڭ قۇدرەتلىك قورغانى، چوڭ روھانىلارنىڭ تۇرار جايىغا ئايلانغان. يەنە تىرىېرنىڭ خەلق تەرىپىدىن سايلانغان تۆرىسىنىڭ تۇرار جايى بولغان. تىرىېردىكى باشقا ئىمارەتلەرگە ئوخشاش،

مەمۇرىي ئوردىسى بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا بىرىتانىيىدىن ئىسپانىيىگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىمپېرىيە زېمىنى بويىچە دىنىنىي مەھكىمە تۇرغان جاي ئىدى.

كونستانتىن كونستانتىنبولنى تاللاپ ئۆزىنىڭ يېڭى پايتەختى (324-يىل) قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلى يەنىلا تىرىرنى ئۆزىنىڭ تۇرار جايى قىلغان. بۇ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شان-شەرەپلىك، مول سېھرىي كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋر 50 نەچچە يىل داۋاملىشىپ، تا بۇ خىل شەرەپ ئاخىرلىشىپ يوقالغانلىقى گېرمان مىللىتى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە رېيىن دەرياسى ئەتراپىدىكى رايونلاردا كۆندىن-كۈنگە ئېشىپ بارغان ئىچكى سىياسىي تالاش-تارتىشلار تەرىپىدىن بېيىنىۋېلىنغان.

لېكىن پادىشاھ ۋالېنتىنىئان (364 — 75) بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى گراتىئان (375 — 83) ۋە ۋالېنتىنىئان II (388 — 92)نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، بۇ ئىمپېرىيە شەھىرىنىڭ يەنە بىر سەرگۈزەشتىسى، باشقا بىر كۈچ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋە تەرەققىي قىلغان باسقۇچى باشلانغان. بۇ دەۋر 367-يىلدىن شۇ بىر ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان، ئاخىرقى مەزگىلدىكى رىم مەدەنىيىتى تىرىردا رىم ياكى ئالېكساندىرىيە ۋە كونستانتىنبولدىكىگە ئوخشاش قۇدرەت ۋە ھاياتىي كۈچ بىلەن تولغان. 371-يىلى «موسللا» Mosella ناملىق بىر مەدھىيە شېئىرىدا، شائىر ئاۋسونىئۇس (ۋالېنتىنىئان ئوردىسىدا شاھزادىنىڭ ئۇستازى ئىدى) تىرىر شەھىرىنىڭ ھەيۋەت گۈزەل بىنالىرى، تەرەققىي تاپقان سەنئەت ۋە ئىلىم-پەنلىرى، يېزىلاردىكى گۈزەل ئېتىز-ئېرىق، باغ-ۋارانلىرىنى ۋە ئېسىل ئۈزۈم ھارىقىنى ماختىغان.

خىرىستىئان دىنى تىرىر ۋە ئۇنىڭ شەرق تەرەپتە بەرپا قىلغان تايانچ

XVII ئەسىردىكى بۇ ئوردا باسلىكا ئوردىسىغا قوشۇۋېتىلگەن، دەسلەپتە ئۇ تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولسىمۇ، جوھاننىس سېتىز دەۋرىدە، ۋالتاسار نېئۇمان دېگەن ئادەم 1757 — 61-يىللىرى ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۇسلۇبىدا جەنۇبىي يان سارايىنى يېڭىباشتىن ياسىغان. ئوردا پادىشاھلارنىڭ ئىش ئورنى قىلىپ ياسالغاندا، ئوردىنىڭ ئىككى ئىچكى قورۇسىدا ئۆزگىرىش بولمىغان. لېكىن بۇ قورۇلۇش ئۇزاققىچە پۈتتۈرۈلمىگەن. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، باسلىكا ئوردىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ شىمالىي يېنىنىڭ تەكشۈكلىقى ئېغىر ۋەيران قىلىنغان. ئۇنىڭ گۈزەل ئىچكى شوتىسىنى فرانكونىيلىق ھەيكەلتاراش فېردىناند تىيېتىز ياسىغان. ئۇ تورلۇك ئۇسۇللارنى تەلتۆكۈس قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە پارلاق ئىقتىدارىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بالكونى ۋە ئارا تاملىرىدىكى ھەيكەللەر — سېرىبس ئىلاھە، دېھقانچىلىق ۋە باقمىچىلىق ئىلاھى، پەرىشتە ۋە پەرىزات ئىلاھى — نىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىشلىگەن.

## ماھارەت مۇسابىقە مەيدانى

بۇنىڭ ئورنى ئەسلىدە قەدىمكى رىم شەھىرى ئىچىدە بولۇپ، ھازىر شەھەرنىڭ سىرتىدا. بۇ يانتا شەكلىدە ياسالغان، پېترسبۇرگ دېيىلىدۇ، بۇ ئۈچ پەلەمپەيلىك بولۇپ، ھەربىر پەلەمپىيىدە 24 رەت ئورۇن بار، قورۇق تام يەنە 14 ئېغىزلىق كىچىك ئۆي بار، بۇ ئېھتىمال ھايۋانات كاتىكى

ئۇمۇ قەدىمكى رىم ئۇسلۇبى بىلەن كېيىنكى دەۋر ئۇسلۇبلىرى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ روشەن ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ.

مىلادى 310-يىلدىكى رىم ئوردىسىنىڭ غەربىي تېمى ۋە ئۇنىڭ ئارقا سارىيى ۋەيران بولغان بىر كىچىك ئوردا ئورنىغا سېلىنغان، كېيىنكى ۋاقىتتىكى بىنالاردىن پەرق ئېتىلگەن كىچىك ئوردىنىڭ ئۇلى يەنىلا ئەسلى ئېگىزلىكىنى (قېلىنلىقى تەخمىنەن 2.30 — 3.40 مېتىر) ساقلاپ قالغان. چوڭ زالنىڭ ئىچكى قىسمى (ئېگىزلىكى 30 مېتىر)، كەڭلىكى 27 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 67 مېتىر) — ئۇنىڭ كۆلىمى ئېھتىمال پادىشاھنىڭ ئولتۇراق جايىغا قوشۇمچە قىلىنغان نەرسىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا — مۇسايىك ۋە مەرمەر تاشلار بىلەن تولۇق بېزەلگەن. سىرتقى تاملىرىمۇ ئىخلاس بىلەن زىننەتلەنگەن.

X VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، قىسمەن بىنالار ئۆرۈۋېتىلگەن، قالغانلىرى تىرىردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللەنگەن دەۋر ئۇسلۇبىدىكى ئوردا — ئېلېكتورپرىنكى Electors Prince غا قوشۇۋېتىلگەن. تۆرلەر سالاھىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى رومانتىزم دەۋرىدە (1846 — 56) ئوردا يېڭىباشتىن ياسالغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ يېڭى دىنىنىڭ چېركاۋسى بولغان. بۇ بىنانىڭ سىرتقى كۆرۈنىشى ۋە ئىچكى قىسمى كىشىلەرگە شۇنداق چوڭقۇر تەسىر بېرىدۇكى، ئۇ ھېچقانداق بىزەپ بولمىغان، بۇ ئېھتىمال ئۆتكەن قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇزۇل-كېسىل رېمونت قىلىنغانلىقىدىن بولسا كېرەك، شۇڭا بۇنىڭ كۆركەم، ھەيۋەتلىكى تېخىمۇ نامايان قىلىنغان.

## پادىشاھلارنىڭ ئارقا ئوردىسى

## رىم چوڭ كۆۋرۈكى

موزېل دەرياسىنىڭ چوڭ كۆۋرۈكى شەھەر تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. رىم دەۋرىدە ياغاچ كۆۋرۈكنى تىرەپ تۇرغان ئېيفىل ئېگىزلىكىنىڭ قارا بازالىتلىرىدىن ياسالغان تۆت چاسا تاش تۈۋرۈكلەر مىلادى بىرىنچى ئەسىردە ئىشلەنگەن. تاش تۈۋرۈكلەر كىشىلەر مۆزېل دەرياسىنى ئىچكى قۇرۇقلۇق سۇ يولىغا ئايلاندۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان جەرياندا ياسالغان. بۇلار تىرىر شەھىرىنى سالغاندا بار بولغان ئاددىي ياغاچ قوزۇقلارنىڭ ئورنىنى ئالغان. يەنە ئىككى تۈۋرۈك كېيىنكى ۋاقىتتا ياسالغان. ھازىر بۇلار 1717-يىلدىكى ئەگمە كۆۋرۈكنى يەنىلا تىرەپ تۇرماقتا. 1931- ۋە 1957-يىللىرى ئەگمە كۆۋرۈك ئىككى ھەسسە كېڭەيتىلگەن.

مەريەم ئانا تەزىيىسى ئۈچۈن ياسالغان مۇنار تۈۋرۈك (مەريەم ئانا تۈۋرۈكى)، 1860-يىل) ئەۋلىيا ئىرمىنېن ئالدىدا، موزېل دەرياسىنى توغرا كېسىپ ئۆتكەن كىچىك تاغ ئۈستىدە قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ.

## لاندىس مۇزېيى

بۇنىڭدا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋر، رىم ۋە ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرلىرىگە مەنسۇپ سەنئەت بۇيۇملىرى ساقلانغان. مۇسايىك نەقىشلىرى، تاش ئويما، مىس قورال، شىشە قاچا ۋە ساپال قاچا قاتارلىقلار قەدىمكى رىمنىڭ مىللىي مەدەنىيەتتىكى مۇھىم ئورنىنى ئىسپاتلاپ

(قەپىزى) بولۇشى مۇمكىن (ئۇزۇنلۇقى 75 مېتىر، كەڭلىكى 50 مېتىر كېلىدۇ). بۇ تەخمىنەن مىلادى 100-يىلى ياسالغان. كېيىن ئىنتايىن گۈزەل-ھەيۋەت بېزەلگەن. رىم ئىمپېرىيىسى بويىچە ئۇن چوڭ ماھارەت مۇسابىقە مەيدانىدىن بىرى بولغان. بۇنىڭ غەربىي يېرىم قىسمىدا ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يان ئۆيى (باۋشياڭ) ۋە ئورۇندۇقلىرى بولۇپ، مەخسۇس يۇقىرى قاتلامدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغان. ئۇنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا ئاساسلىق كىرىش-چىقىش ئىشىكلىرى بولۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشى گۈزەل، كەڭ، ئايرىم-ئايرىم ئۈچ ئەگمە يولى بار، غەرب تەرىپىدە ئورۇندۇقلارغا بېرىپ ئولتۇرىدىغان ئىككى كىچىك ئىشىكى بار.

IV — V ئەسىردە، ماھارەت مۇسابىقە مەيدانى شەھەرنىڭ يولىمۇ بولغان. شىمالىي ئىشىكىدىن شەھەر ئىچىگە، جەنۇبىي ئىشىكىدىن شەھەر سىرتىغا بارغان. ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن، ئۇنىڭ دەرۋازىسى ۋە قالدۇق تاملىرى تاش قېزىش مەيدانى بولغان.

ماھارەت مۇسابىقە مەيدانىدىكى يەر ئاستى ئۆيلىرى ھەرخىل مەقسەتتىكى ساقلاش ئۆيلىرى قىلىنغان. ئۇنىڭغا ئەپچىل چىغرىق بېكىتىلگەن. يەنە مۇسابىقە مەيدانىغا بارىدىغان يول ئىشىكى بولغانلىقى ئېھتىمال. ھازىر يەر ئاستى ئۆيلىرى ئاممىغا ئېچىۋېتىلگەن.

نېنىنگ رىم داچىسىدىن تېپىلغان تىرىر رايونىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقلىرى بىزگە ماھارەت مۇسابىقە مەيدانىدا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ يەككە ئېلىشىشى ياكى ھايۋانلارنىڭ يەككە ئېلىشىشى، ئادەم بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئېلىشىشلىرى، سېرىك ۋە قىزىقارچىلىق نومۇرلىرى كۆرسىتىلگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇسابىقە مەيدانىغا 30 مىڭ تاماشىبىن سىغىدۇ.

## شەھەرلىك ھۆكۈمەت مۇزېيى
## (stödtische museum)

بۇ، پورتانىگرادىكى سىمېئودە مۇناستىرىدا، بۇنىڭدا شەھەر تارىخىغا ۋە تىرېر رايونىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر ھۆججەتلەر ساقلانغان. يەنە گوت ۋە باروق ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەل، ئوتتۇرا ئەسىردىن رومانتىزم دەۋرى ۋە رېئالىزم دەۋرىگىچە بولغان سىزما سۈرەت ئەسەرلىرى ساقلانغان، بولۇپمۇ ئۇ يەنە زامانىۋى سەنئەت كۆرگەزمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## شەھەرلىك كۇتۇپخانا

ۋېبېربىاخ 25-قورۇدا، بۇ ئەسلىدىكى تىرېر ئۇنىۋېرسىتېت كۇتۇپخانىسى ۋە باشقا دىندىن خالى كۇتۇپخانىلارنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئۇنىڭدا 4000 پارچىدەك قولىيازما ۋە 2500 پارچە قەدىمىي كىتابلار بار. ئۇنىڭدا يەنە مۇھىم تارىخىي سەنئەت كۆرگەزمىسى يولغا قويۇلغان.

## ئەۋلىيا سىمېئون ئىنستىتۇتى

بېرىدۇ.

## (Bischüf lich musenm) پوپ مۇزېيى

بۇ بانتۇس Bantnus كوچىسىدىكى ئالتىنچى نومۇرلۇق بىنادا. بۇ تىرېرنىڭ پوپلار رايونىدىكى دىنىي جەمئىيەت سەنئىتى مەركەزلەشكەن جاي. قەدىمكى رىم دەۋرىدىن بۇرۇن ئىشلەنگەن، چوڭ چېركاۋ ۋە لىيبفرا ئۇن چېركاۋسى liebfrauen ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان يادىكارلىقلار ۋە تىرېر چوڭ چېركاۋسى ئاستىدىكى رىم ئوردىسىدىن قېزىۋېلىنغان كونستانتىن دەۋرىدىكى سىزما سۈرەت ئەسەرلىرى كىشلەر دىققىتىنى جەلپ قىلىش مەركىزى بولۇپ قالغان.

## دومسخات ئامېر

Domschatzkammer (چوڭ چېركاۋ غەزىنىسى)، بۇ چوڭ چېركاۋنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان. غەزىنىدىكى نەرسىلەر قىممەتلىك پىل چىشى، كەم ئۇچرايدىغان مېتالدا ئىشلەنگەن ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بالدۇرقى مەزگىلىگە مەنسۇپ زىننەتلەنگەن قول يازمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىچىك چېركاۋدا چوڭ چېركاۋنىڭ ئەڭ مەشھۇر يادىكارلىقلىرى، ئەيسانىڭ مۇقەددەس كىيىمى قاتارلىقلارنى كۆرىسىز.

— «مـوزىـللا» دېگەن شېئىرنىڭ ئاپتورى. ئوردا ئوقۇتقۇچىسى، ۋە تىرىرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدار.

مىلادى 407 — 460-يىللار: ۋاندالار (vandals)، سۇ ۋېبلار (suebi) فـرانـكلار (Franks) بېسىپ كىرگەن ۋە تىرىر شەھىرىنى گۇمران قىلغان.

مــىلادى 870-يــىـلى: مېرسېن شەرتنامىسى (Tredty of Mersen)گە ئاساسەن، تىرىر شەرقىي فرانكى خانلىقىغا تەۋە قىلىنغان.

مىلادى 882-يىلى: شەھەر نورمانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان.

مىلادى 1161-يىلدىن باشلاپ: شەھەرلىك ھۆكۈمەت يەرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان.

مــىلادى 1302 — 1303-يىللار: شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى قانۇن-نىزامى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارى بىلەن مەمۇرىي كېڭەش ۋەكىللىرىدىن شەھەرلىك كېڭەش تەركىب تاپقان.

مىلادى 1307 — 1354-يىللار: چوڭ پوپ elector Baldnin Von luxem burg، ئىمپېراتور خېينىر VII (Heinrich VII) نىڭ ئىنىسى تىرىر سايلىغۇچى ئاھالە رايونىنى كېڭەيتكەن ۋە كۈچەيتكەن.

مــىلادى 1473-يىلى: تىرىر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇش باشلىغان. بۇ 1798-يىلغىچە داۋاملاشقان.

مــىلادى 1512-يىلى: ئىمپېرىيە-كېڭەشى ۋە ماكسىمىلان پادىشاھ تىرىردا.

مــىلادى 1567 — 1581-يىلى: شەھەرنىڭ مۇستەقىللىقى تەلەپ قــىلىندى؛ ئىمپېرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كېرەكسىز كۈرەش چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى، تىرىر سايلانغان پادىشاھ تۆرىلىرىگە بويسۇندى.

مىلادى 1633-يىلى بىلەن 1737-يىل ئارىلىقىدا: چەت ئەل قوشۇنى

پورتانىگراغا يانداش قەدىمكى رىم شەھىرى قوۋۇقىنى دانىشمەنلەرنى خاتىرىلەش چېركاۋسى قىلىپ ئۆزگەرتكەندە ياسالغان سىمېئون ئىنىستىتۇتى ئىچىدىكى تۇتاش ئەگمە كارىدور ئوتتۇرا ئەسىردىكى گېرمان بىناكارلىقىنىڭ مەشھۇر ئۈلگىسى. بۇ 11-ئەسىردە ياسالغان.

ئەدەبىي-سەنئەت كۇلۇلەنگەن ۋە باروق دەۋرىدە، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە ئورالغان ئىچكى قورۇدىكى ئىنىستىتۇتنىڭ سىرتقى يېنى خېلى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆتكۈزگەن.

## تىرىېرنىڭ يىلنامىسى

مىلادىدىن 58 — 50 يىل بۇرۇن: قەيسەرنىڭ رىم قوشۇنى گائۇل ۋە ترېۋېر رايونىغا بېسىپ كىرگەن.

مىلادىدىن 16 يىل بۇرۇن: رىم شەھىرى ئاۋگۇستاترېۋېرورۇم Augusta Treverorum سېلىنغان.

مىلادى 275-يىلى: فرانكىلار ۋە ئالمانلار ترېۋېر رايونىغا بېسىپ كىرگەن، تىرىېر شەھىرى گۇمران قىلىنغان.

مىلادى 306 — 324-يىللىرى: تىرىېر ئىمپېراتور كونستانتىننىڭ تۇرار جايى بولغان.

مىلادى 314-يىلى: ھۆكۈمەت ھۆججىتىدە بىرىنچى قېتىم تىرىېرنىڭ چوڭ پوپى تىلغا ئېلىنغان (ئارلېس Arles يىغىنىدىكى ئاگرىتيۇس. Agritius)

مىلادى 367 — 383-يىللىرى: دېسموس.ماگنۇس. ئاۋ سونيۇس

# بونن

## بونن 2000 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە شەھەر

ئـوتتۇرا ئەسىردىكى بونن روما دەۋرىدىن باشلاپ ھازىرقى مۇشۇ شـەھـەرنـىـڭ دائـىرىسى، ھەربىي ئىشلار، دىنىي ئىشلار ۋە ئىقتىسادىي ئالاقـىـلـەرنـىـڭ مـەركـىـزى بولۇپ كەلگەن، ئالدى بىلەن مىلادىيە 100-يىللاردىكى روما ئەسكىرى گورۇھلىرىنىڭ بارگاھى بولغاندىن تارتىپ تـەرەققىي قىلىپ ماڭغان. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە 10-ئەسىردە «بونن» دېگەن مۇشۇ ئاتنى ئىشلەتكەن. تاكى روما دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە بۇ بارگاھ ئىزچىل تۇردە ھەربىي ئىشلار مانېۋىر مەيدانى بولغان. بۇنىڭدىن كـېـيـىنكى كۈنلەردە بولسا ئاستا-ئاستا يىقىلىپ، بۇزۇلۇپ، تاشلىنىپ كـەتـكـەن. سانفىتر — سان يوھانىس چېركاۋسى شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بونندىكى ئەڭ مۇقەددەس چوقۇنۇش مـەيـدانى ۋە دىنىي رايوننىڭ تىلاۋەتخانىسى ھېسابلىنىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بىدات — ئىفۇرك چېركاۋسىدىن كېيىن تۇرىدىكەن. مىلادىيە 1015-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە بۇ يەردە تېخى يەنە

بىرقانچە قېتىم تىرىرنى بېسىۋالدى.

مىلادى 1794-يىلى: فرانسىيە ئىنقىلابىي قوشۇنى تىرىرنى ئىشغال قىلدى.

مىلادى 1798-يىلى: تىرىر سائار ناھىيىسىنىڭ مەركىزى بولدى.

مىلادى 1815-يىلى: تىرىر پرۇسسىيە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەركىزى بولدى.

مىلادى 1944-يىلى: شەھەرنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمى ھاۋا ئارقىلىق قىلىنغان بومباردىمان ۋە توپ-زەمبىرەكلەر بىلەن ۋەيران بولدى.

مىلادى 1946-يىلى: تىرىر رېھنپلاند — پالاتىناتقا قوشۇۋېتىلدى، يېڭىباشتىن ياساش خىزمىتى باشلاندى.

مىلادى 1969-يىلى: يەرلىك ھۆكۈمەت يېڭىباشتىن تەشكىللەندى؛ تىرىر «شەھەر» قىلىندى.

مىلادى 1970-يىلى: تىرىردا يەنە بىر قېتىم ئۇنىۋېرسىتېت ۋۇجۇتقا كەلدى.

مىلادى 1984-يىلى: تىرىرنىڭ 2000 يىللىق چوڭ خاتىرە مۇراسىمى.

ئىككى قەدىمىي قەبرە شۇنداقلا ۋائۇل كەنتىدىن قېزىۋېلىنغان بەزى كىچىك قەدىمىي قەبرىلەر ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، بەشىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدىن باشلاپلا بۇ يەردە فرانىك كۆچمەنلىرى بولغان. سەككىزىنچى، توققۇزىنچى ئەسىرلەردە ۋىلىش كەنتىدە بىر چېركاۋ بولغان، يەنى رېين دەرياسىنى بويلاپ كۆنىگسۋېنتېرنىڭ جەنۇبىدىكى زىن رايونىنىڭ چوڭ چېركاۋسىغىچە كېڭەيگەن. مىلادى 977-يىلى ئەدەلبىربېۇ سكونىز ئەر-ئايال ئىككىسى مۇشۇ چېركاۋنىڭ ئاساسىدا بىر موناستىر سالدۇرغان. ھەمدە قىزى ھ. ئارەلھىدنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىشىغا تاپشۇرغان. 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ مۇناستىر ئىلاھىيەت ئىنىستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلگەن. ھ. ئارەلھىد ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ قەبرىسى يېنىدا مۆجىزات پەيدا بولغان. راھىپ خوتۇنلار قەبرىستانلىقتا رومە شەكىللىك بىر چېركاۋ ياساپ تاۋاپچىلارنى كۈتۈۋالغان. مىلادى 1280-يىلىنىڭ ئىلگىرى ئاخىرىدا كورىزندىكى چېركاۋ ئىمارەتچىلىرى ئىشچىلىرى بىلەن تاشچىلىرى كەسپداشلار ئۇيۇشمىسى بۇ يەردە ناھايىتى ھەيۋەت بولغان گود شەكىلدىكى ئەنبىيالار مۇنبىرىنى ياسىغان.

بونندىكى چوڭ چېركاۋدا كارىل كارلوس Ⅳ كە تاج كىيدۈرۈلگەن.

مىلادىنىڭ 1346-يىلى پادىشاھ بولۇش ئالدىدىكى كارلوس Ⅳ كە بونندا كورۇندىن كەلگەن چوڭ ئېپىسكوپ ۋالرام چوڭ چېركاۋدا تاج كىيدۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ رومانىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا چىققان.

مىلادى 1913-يىلى رېين رايونىنىڭ تارىخى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىنغان قامۇستا 1346-يىلدىكى بونن شەھەر ئاھالىسىنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيىتى خاتىرىلەنگەن. مۇشۇ كونا شەھەر ئاھالىسى پرىنزىسىن ئادولۇپ خانىمنىڭ ئالاھىدە ئىززەت-ھۆرمىتىنىڭ ھىمايىسىدا بولغان. 7-ئاينىڭ 12-، 14-كۈنلىرى لىبو

بىر ئىبادەتخانا بار بولۇپ، كېيىنچە موناستىرغا ئۆزگەرتىلگەن.

مىلادىنىڭ 400-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، ھازىرقى چوڭ چېركاۋنىڭ ئاستىدا بىر كىچىك چېركاۋ بولۇپ، روما دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى بىر بازىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ كىچىك چېركاۋنى كونستانتىن پادىشاھنىڭ ئانىسى ھەلەنا شېھىت كەتكەنلەردىن كاسسىيۇ ۋە فىلارمىنتىيۇلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن سالدۇرغانىكەن. مىلادى 800-يىلدىن كېيىن، بۇ چېركاۋ كېڭەيتىلگەن ۋە يېڭىباشتىن ياسىلىپ موناستىرغا قاراشلىق چېركاۋ قىلىپ بېكىتىلگەن. 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ چېركاۋ كەنتلەردە قۇرۇلغان چېركاۋلارغا قارىغاندا ناھايىتى ئەۋزەل ئورۇندا تۇرغان ھەمدە "بونن" دېگەن نامغا ئىگە بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بوننغا كۆپلەپ كۆچ سەرپ قىلىنىشقا باشلىغان. 1244-يىلى چوڭ ئېپىسكوپ كونرات ۋون ھوستارىن بويىندىكىلەرنى بونن سېپىلى ۋە قاناللىرىنى سېلىشقا بۇيرىغان. سېپىل قۇرۇلۇشى ياندۇرقى يىلى تاماملانغان. شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ ماناستىر بىلەن سورا رايونى بىر گەۋدە بولۇپ تاكى 19-ئەسىرگىچە تۇرغان.

سېپىللار بىلەن قورشاپ شەھەر قىلىنغان بوننىنى ھەربىي ئىشلار نۇقتىسىدىن قارىغاندا كاتتا بىر قەلئە دەپ ئاتاشقا، تېخىمۇ چوڭقۇرراق مەنىدىن ئېيتقاندا، كورۇننىڭ چوڭ ئېپىسكوپلىرى ۋە خان-پادىشاھ ۋەزىر-ۋۇزرالار ئۆزىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ۋە قوغداپ بارىدىغان سىياسىي مەركەز دەپ ئاتاشقان. چوڭ ئېپىسكوپ سىگىپىرت ۋون ۋىستىربوزگ مىلادىنىڭ 1286-يىلى بوننىنى ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا قانۇنىي بىر شەھەر دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

ھازىرقى كونىدە بونن رېين دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا يەنە بىر يېڭى رايون بەرپا قىلدى. سۋارىز ھەيىن كەنتى ۋە ۋىلىش كەنتىدىن قېزىۋېلىنغان

نۇرغۇن دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن ھەمدە ئىمپېرىيە ۋە ياۋروپانىڭ سىياسىغا ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇ چاغدىكى كۆردىندا تۇرۇشلۇق چوڭ ئېپىسكوپ سايىلامغا چۈشكەن پادىشاھ سۈپىتى بىلەن تۇرسىمۇ ئەمەلىيەتتە گېرمانىيە پادىشاھلىرىنىڭ يەتتە نەپەر كاندىداتىنىڭ بىرى ئىدى. مىلادىنىڭ 1540-يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە بۇ يەتتە نەپەر كاندىدات ئىچىدە بوسۋىيە، مىيەنتىز، كورون تىللىرلەرنىڭ تۆت نەپەر دىن پادىشاھ نامزاتى ئەسلىدىكى ئېتىقادىغا سادىق بولسىمۇ، ساكسون، بورافېبۇرگ ۋە پارتىزدىكى ئۈچ نەپەر كاندىدات پرتىساك دىنىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. كورۇندىكى چوڭ ئېپىسكوپ بۇ دىن ئىسلاھاتىغا ئاتلانغاندا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپ ساندىكى مۇرتلار ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن. چوڭ ئېپىسكوپ ھەرمانىن ۋەن ۋىيەت ئۆزىنىڭ سويۇرغاللىقىنى پىرىتساك دىنىغا تەقدىم قىلماقچى بولسىمۇ، ئەمما كارىل IV نىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇ ئالدى بىلەن بۇ ئېپىسكوپىنى سىياسىي جەھەتتە يىتىم قالدۇرۇپ، ئاندىن 1547-يىلى 2-ئاينىڭ 24-كۈنى ئۇنى ئىستىپا بېرىشكە قىستىغان. 40 يىلدىن كېيىن، ۋاللىد بۇرگنىت نامزات پادىشاھقا بىمارد پروخ يەنە دىنىي ئىسلاھات قوزغىماقچى بولغان. بافالىيە شتادىدىكى ۋىشلىباخلار بىلەن ئىسپانلار بوشاڭ پادىشاھنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن. ۋە كۈچ توپلاپ تۇرۇپ كاتولىك دىنىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ۋىتباخلار پادىشاھى ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە كۈرنىڭ ئالىي مەنسەپ ئورنىدا ئولتۇرغان.

بىرىنچى قېتىملىق دىنىي ئىسلاھات مانېۋىرىنىڭ ئۇرتكىسىدە بونن شەھرىدە ئەڭ دەسلەپكى باسمىخانا مەيدانغا چىقتى، بونندىكى دىنىي قەسىرلەر نۇۋانى مانا مۇشۇ باسمىخانىدا بېسىلغان. تاكى ھازىرقى كۈنگىچە بۇ نۇۋان كۆپلىگەن دىنىي قەسىرلەرنىڭ دەستۇرى بولۇپ كەلمەكتە. بونندىكى شەھەر ئاھالىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى دىن ئىسلاھات

دەرياسى ۋادىسىدىكى پرىنىزەسسىن ۋون پرەبىنىنىڭ سائۇم قەلئەسىدە كاتتا مۇراسىم پائالىيىتىگە قاتناشقان. 1346-يىلى 11-ئاينىڭ 6-كۈنى بونىندىكى چوڭ چېركاۋدا كارىل IV شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشقان. تاج كىيدۈرۈشتىن ئاۋۋال كارىل IV كورۇن، مەيىنتىز، تىلىر قاتارلىق چوڭ ئېپىسكوپلار ئارىسىدىن ئاگىنىت دۆلەتكە قارشى قورچاق پادىشاھ سايلىغان. ئەمما، مەخسۇس تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە تەيىنلىگەن ئاچىن شەھىرى كارىل IV نىڭ شەھەرگە كىرىشىنى رەت قىلغان. كورۇنمۇ ئۇنى شەھەرگە كىرگىلى قويمىغان. ئەسلىدە بۇ يەردە ئۇنىڭغا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى مۆلچەرلىگەن چوڭ ئېپىسكوپ ۋالرام ئىلاجىسىزلىقتىن كورۇندىن ئايرىلىپ بونىنغا كەتكەن.

قىزىقارلىقى شۇكى، تارىختا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بولغان، يەنى 32 يىل ئىلگىرى لىيودۋىگ بايەرنىگە قارشى بىر قورچاق پادىشاھ — پرىندىرىخ بۇ يەردە تاج كىيدۈرۈشنى قوبۇل قىلغان. ئەمما، كارىل IV لىيودۋىگ بايارىن تەرىپىدىن ئۆرۈۋېتىلگەن.

## بونىن ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىرى

دىنىي مۇناجاتلار ئاۋۋالقىدەك تورىنۋەردى، دىنى ئىسلاھات مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. دىنىي ئېتىقاد كۈرىشى بولغان يىللاردا، بونىن ئىككى قېتىم دىن بىلەن سىياسىي ئوتتۇرىسىدا ئايىغى چىقمايدىغان تالاش-تارتىشلارنىڭ تۈگۈنى بولغان. بۇ كۈرەش رېيىن رايونىدىن ناھايىتى

شەھەرىدىكى باش مۇناستىرگە تەۋە ئىدى). چوڭ روھانى Konrad — ron Hochstaden كىيولىن چوڭ چېركاۋسىنى قۇرغۇچى — 1244 نەپەر بونن ئاھالىسىگە بونىنغا سېپىل ياساش ۋە سېپىل بويلاپ خەندەك قېزىشنى بۇيرىغان. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بارلىق پادىشاھلاردەك، ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭ ۋارىسى segeried ron wester burg ۋە Engelbert ron Fal kenburg لار بونىندىكى باش چېركاۋدا ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى ماكانىنى تاپقان. ۋاھالەنكى، بونىنىڭ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە جۇش ئۇرۇپ راۋاج تېپىشى، ئالدى بىلەن مۇشۇ چوڭ روھانىلار بىلەن ئۇنىڭ روھانىي شەھىرى — كىيولىن ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشقا باغلىق ئىدى. بۇ تالاش-تارتىش 1288-يىلدىكى Worringen ئۇرۇشىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن ۋە ئاخىرلاشقان؛ شۇنىڭدىن كېيىن، چوڭ روھانى كىيولىنغا پەقەت دىنىي چېركاۋنىڭ سالاھىيىتى بىلەن كىرىدىغان بولغان، بونن بولسا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان پايتەختكە ئايلانغان.

1525-يىلى، تۆرىنى سايلايدىغان كېڭەش ۋە ئىش ئورنىنى يۆتكەپ كۆچۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەل قىلغۇچ بىر تەدبىرنى قوللانغان، يەنى بونن شەھىرىنى كۆر دۆلىتى (kurstaata)نىڭ پايتەختى قىلغان. 1597-يىلدىن باشلاپ، بونن شەھىرى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىلگەن، ئاخىرى پايتەخت قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى باپارىيادىكى Wittelsbach خان جەمەتىدىن كەلگەن بەش نەپەر تۆرە: Ernst (1583—1612)، ferdinand (1612 — 1650)، Max Heinrich (1650—1688)، Joseph كېلىمىنتىس (1688 — 1723) ۋە clemens August (1723 — 1761) لارغا مەنسۇپ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى 180 يىلغا يېقىن ساقلاپ قېلىنغان. كاتولىك دىنىدىكى ۋېتىسباخ تۆرىلەرنىڭ سۆيۈرغاللىق زېمىنى — باپارىيادىكى ئىككىنچى ئوغلىنىڭ

مانىۋېرى توختىماستىن داۋاملىشىپ ماڭغان، ھەممە كاتولىك ئىسلاھاتىغا ئۆكتىكۈنچى بولۇپ، بونن ئاھالىسىدە ئاستا-ئاستا كونا ئېتىقادنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە سەۋەب بولغان. نامزات پادىشاھ گەبھارد ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ئۈچۈن، رېين دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى رايونىدا يۈز بەرگەن «30 يىللىق ئۇرۇش»تىن بۇرۇنقى خان ئوردىسىنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشلىرىنىڭ باش خوجايىنلىقىنى تالىشىش ئۇرۇشىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1584-يىلدىن 1588-يىلغىچە بونن شەھىرىدە ئۈچ قېتىملىق پادىشاھ ئالمىشىش، ئۈچ قېتىملىق بۇلاڭچىلىق يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بۇ شەھەر ۋەيران بولۇپ كەتمىگەن. بونن ئاھالىسىنىڭ مال-مۈلكى ۋە چېركاۋلار ناھايىتى زور زىيانلارغا ئۇچرىغان. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاسارەتلىك مىجەزىنى يوقۇتۇپ قويمىغان. پرىنساك مۇرتلىرىنىڭ غەلىبىسى 1630-يىلى ئەتراپىدا ئەيسا پەيغەمبەر جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا قولغا كەلگەن. 1816-يىلغا بارغاندا، پرىنساك ئېپىسكوپى ۋەن پروپىننىڭ رەھبەرلىكىدە بونندا بىر پىرتساك دىن رايونى قۇرۇلغان.

## بونننىڭ پايتەخت بولۇشى

1597-يىلى، بونن بىرىنچى قېتىم پايتەخت بولغان.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى بونن چوڭ دىنىي رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى زېمىن بولۇپ، ھەربىي ئىقتىسادىي ۋە دىنىي مەركەز بولغان ئىكەن. شۇنداقلا كىيولىن بويىچە چوڭ مۇناستىر (ئىبادەتخانا) ھېسابلىناتتى (كىيولىن

# كولنېر ئۇنىۋېرسىتېتى

كولنېر ئۇنىۋېرسىتېتى 1388-يىلى 5-ئاينىڭ 21-كۈنى قۇرۇلغانىكەن.

1988-يىلى 5-ئاينىڭ 21-كۈنىگىچە بۇ ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇلغىنىغا 600 يىلى بولۇپتۇ.

كولنېر ئۇنىۋېرسىتېتى بېسىپ ئۆتكەن بۇ 600 يىلنى تۆت دەۋرگە بۆلگىلى بولىدۇ. بىرىنچى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرى. بۇ دەۋردە بۇ ئۇنىۋېرسىتېت گۈللىنىپ راۋاج تېپىپ شۇ زاماندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئالدى بولغانىكەن. شۇڭلاشقا بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا تا بۈگۈنگىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئىككىنچى، يېقىنقى زاماننىڭ دەسلەپكى دەۋرى. بۇ دەۋردە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە فرانسۇزلارنىڭ ئوينىغان رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك. فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ بوران-چاپقۇنىنىڭ تەسىرىدە بۇ مەكتەپنىڭ بەزى ئىسلاھات ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغانىكەن. ئۈچىنچى، 19-ئەسىر دەۋرى. بۇ دەۋردە كولنېر پىلانى ۋە تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى قايتىدىن زىل-ئىنچىكە بىلىملەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ قىلىش ئۈچۈن تىرىشقانىكەن. تۆتىنچى، 1919-يىلدىن تا ھازىرغىچە بولغان دەۋرى. 1917-يىلى كونرات ئارېناۋېر دېگەن كىشى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى ”يېڭى زامانىۋى ئۇنىۋېرسىتېت“ قىلىپ قايتا قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تىرىشقانىكەن. لېكىن بۇ نەتىجىلەر كېيىنكى دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەيران

ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، رېيىن دەرياسىنى بويلاپ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىــرىـــسىنى دىنىي جەمئىيەتتىكى تۆرىلەر سۇيۇرغاللىق زېمىنىگىچە كېڭەيتكەن. كيولىندىكى چوڭ چېركاۋ روھانىلىرى كېڭىشى Ernst ron Bayereuنى چوڭ روھانى ۋە تۆرە قىلىپ سايلىغان. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ ھەربىي جەھەتتە باش غوجىدار گابۇخادنى يېڭىشى شەرت ئىدى. ئۇنىڭ غەلىبىسى (1583-يىلى بۇ كەسكىن ئۇرۇشتا گادىسبۇرگ ۋە پوپپىلستتىكى ۋاس قــورغىنىنى كۇمران قىلىنغان) نەتىجىسىدە، گېرمانىيىنىڭ غەربىي شــمــالــىي قىسمىدىكى كاتولىك دىنى ۋە تۆرىنىڭ دىنىي جەمئىيەت مــەكــتــەپلىرىدىكى كۆپلىگەن كاتولىك دىنىي جەمئىيەتلىرى ساقلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن خابۇسبۇرگنىڭ بىرنەچچە نۆۋەت پادىشاھ بولۇپ سايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. ئېرنست ئۆزى ئۆز غەلىبىسىنىڭ مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولالمىغان. كۇرنىڭ كيولىندىكى كېڭىشىنىڭ ۋەكىلى ۋە چوڭ چــېــركــاۋ روھانىلار كېڭىشى ئۇنى ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى فېردىناندقا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان. 1597-يىلى، ئۇ بونىنى كيولىن كۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلىپ جاكارلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوردا كېڭىشى ۋە ئوردا سوت مەھكىمىسى قاتارلىق مۇھىم ئورگانلار بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىلغان؛ شۇنىڭدىن كېيىنكى 200 قانچە يىل جەريانىدا، بۇ ئورگانلار داۋاملىق مۇشۇ يەردە ئىشلىگەن. فېردىناند — كيولىندىكى پوپ ئۇستىلىدىكى ئەڭ مۇھىم سىياسى شەخس. ئۇ دىنغا قارىتا ئىسلاھات يــۈرگــۈزۈپ، نــۇرغــۇنــلــىغان مۇناستىرنى قۇرۇش ۋە بونىن ئىستىھكام ئەسلىھەلىرىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىنى باشلاشقا ياردەملەشكەن. كىشىلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۇ سېپىللارنىڭ ئالدىغا زامانىۋى قورغان ياسىغان.

# ھاننوۋېر

## ھاننوۋېردا ساقلانغان مىسىر سەنئىتى

كېستنېر مۇزېيىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مىسىر قىسمىنىڭ ساقلاش ئۆيى ئېچىلغان. ئۆيگە پىھارائوخ PHaraoh (فارۇخ) دىن بۇيانقى قىممەتلىك بۇيۇملاردىن تاش، سېغىزدىن ياسالغان قاچا ۋە ئۇستىگە رەڭ بېرىلگەن ساپال قاچىلار، تىلتۇمار ۋە زىننەت بۇيۇملىرى، قائىدە-يۇسۇن مۇراسىملىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار، ئىلاھنىڭ كىچىك ئوبرازى ھەيكىلى، تاش تاۋۇت ۋە قاپارتما ئويما قاتارلىق نەرسىلەر تىزىلغان.

كېستنېر مۇزېيىدا ساقلانغان بۇيۇملاردا مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىردىن باشلاپ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىرگىچە يوقالغان ئېترۇسكان مەدەنىيىتى تولۇق خاتىرىلەنگەن.

ئېترۇسكانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مەبۇتى ئۆلارنىڭ كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى، مىس ھەيكەللىرى، ئالتۇن بېزەكلىرى، پىل چىشى بۇيۇملىرى ۋە قىزىل ساپال ھەيكەلتاراشلىقىدا جانلىق ئىپادىلەنگەن. ساقلانغان بۇيۇملارنىڭ كۆپ قىسمى ئاۋگۇستۇ كېستنېرغا مەنسۇپ ئىكەن.

رىم جۇمھۇرىيىتىنىڭ 3500 دانە مىس پۇلى قويۇلغان كېستنېر مۇزېيىنىڭ مەخسۇس ئۆيى دۇنيا بويىچە مۇشۇ خىلدىكى پۇل ئەڭ كۆپ

بولغانىكەن. 1945-يىلى بۇ مەكتەپ يەنە باشقىدىن قۇرۇلۇپ گۈللىنىپ، تا بۈگۈنگىچە راۋاجلىنىپ كەلمەكتە.

كولنېر ئۇنىۋېرسىتېتى ئارقىلىق گېرمانىيە ئالىي مائارىپىغا پۇختا ئاساس سېلىندى. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۈزلۈكسىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى، ئىسلاھات نەتىجىلىرى يۇقىرى باھالارغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. نېمىسلار بۇ مەكتەپنى سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى ئالىي مەكتەپ، يېڭى بىلىمنىڭ بۇلىقى دەپ قارايدىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان، ھازىر ئاز ئۇچرايدىغان تەرتىپ-تۈزۈم ھەمدە جانلىق تەشكىلىي قۇرۇلما بولۇپ، دۇنيادىكى يېڭى-يېڭى پەن ساھەسى تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ.



# هاننوۋېردىكى مۇزىكا-دراما بېغى

باروك ئۇسلۇبىدىكى ھېررېن ھاۋسېن مۇزىكا-دراما بېغى — بالدۇرقى باروك دەۋرىدىكى باغ كېيىنكى ساكسېن ۋە Guelf تارىخىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چوڭ باغ پادىشاھ ھېررېن ھاۋسېن ئائىلىسى بېغىنىڭ مەركىزىي قىسمى بولۇپ، گوللاندىيە ئۇسلۇبىدا ياسالغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۈسۈملۈك باغچىسى ۋە گېئورگى باغچىسى بار ئىكەن.

ھېررېن ھاۋسېن بېغى 30 يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدە (1618 — 1648) بىنا قىلىنغان. 1636-يىلى، هاننوۋېر ئالېنبېرگنىڭ تۆرىسى گېئورگنىڭ تۇرار جايى بولغان. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرگەن. 1666-يىلى جوھان فرىدرىچ ھۆكۈمرانلىقىدا، ھېررېن ھاۋسېن بېغى بىرىنچى قېتىم يازلىق تۇرار جاي قىلىنغان. سەيلە-ساياھەتخانىمۇ تۇنجى قېتىم ياسالغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 1674-يىلى جەنۇب تەرىپىگە مىچائىل گروسسې لايىھىلىگەن بىر باغ بىنا قىلىنغان بولۇپ، بۇ باغ كېڭەيتىلىپ ھېنرى پېررونت لايىھىلىگەن چوڭ باغقا يەتكۈزۈلگەن. 1676-يىلى بۇ باغ تازا ئاۋاتلاشقان. 1692-يىلى ئېرنىست ئاۋگوست تۆرە پېفالىزلىق سوفېي بىلەن توي قىلىشقان ھەم خەلقنىڭ سايلىشى بىلەن 1679-يىلدىن 1698-يىلغىچە شۇ جايغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

بۇ جەرياندا هاننوۋېرنىڭ شۆھرىتى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ، سەلتەنەتلىك ئوردا پائالىيىتى ھېررېن ھاۋسېننىڭ نامىنى چىقارغان. خوتۇنى سوفېي گۈزەل، زېرەك ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر تۈركۈم ئىختىساس

ساقلانغان ئورۇنلاردىن بىرى.

بۇ كۆرگەزمە رىم جۇمھۇرىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئىككى ئاساسلىق لىنىيىسىنى تولۇق شەرھلەپ بەرگەن. مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن قەغەز پۇلنىڭ كەڭ تۈردە خەجلىنىشى رىمنىڭ دۇنياۋى ئىمپېرىيە بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان. قەغەز پۇل كېيىن بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى تەشۋىقات قورالى قىلىنىپ، مىلادىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى جۇمھۇرىيەت كرىزىسى دەۋرىدە ئېنىق ئالاھىدە رول ئوينىغان.

1882-يىلى كېستنېرنىڭ جىيەنى هېرمان كېستنېرنىڭ ھەدىيە قىلغان بۇيۇملىرى، 1887-يىلى سېتىۋېلىنغان كولورغول توپلىغان بۇيۇملار، يەنە مۇزېي 1889-يىلى ئېچىلغاندىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇناسىۋەتلىك هېكايە-چۆچەكلەر قوشۇلۇپ هاننوۋېر تارىخىنىڭ جانلىق كۆرۈنىشىنى هاسىل قىلغان.

"Form des landesmuseums"دا.

بۇ كۆرگەزمىگە ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇزېيلاردىن ئارىيەتكە ئېلىپ كەلگەن بۇيۇملار قويۇلغان. بۇ، ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى بىلىشتە بىر قېتىملىق پۇرسەت ئىكەن، ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتى ئاساسلىقى پەلەستىن، قەدىمكى يۇنان، ئىتالىيە، ئىسپانىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىغا مەركەزلەشكەن.

يېقىنقى زامان قېزىلمىلىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدىن ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ ۋاستىچىسى ۋە تارقاتقۇچىسى بولغان فايىنكىلارنىڭ تارىخىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن.

كېستنېر مۇزېيى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، مۇزېيغا زامانىۋى زىننەت سەنئەت بۇيۇملىرى توپلانغان.

گېئورگ V دەۋرىدە، ھېررىن ھاۋسىن 1862-يىلى مەڭگۈلۈك ئوردىغا ئايلانغان. لېكىن، ھاننوۋېر ئۇزۇن ئۆتمەي1866-يىلى پروسسىيىنىڭ ئۆلكىسى قىلىنغان. ھېررىن ھاۋسىن بىلەن ھاننوۋېردىكى خان جەمەتى ئىمارەتلىرى 1934-يىلىغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. 1936-يىلى چوڭ باغ ھاننوۋېر شەھىرىنىڭ مۈلكى قىلىنغاندىن كېيىن، كەڭ كۆلەمدە قايتىدىن ياساش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، باغ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن. ئاپلىسنزارلىق ۋە ئۇزۇن كارىدور ۋەيران قىلىنمىغان. ئاپلىسنزارلىققا 600 تۈپ ئاپلىسىن دەرىخى تىكىلگەن. ھازىر كۆرگەزمە جايى بولغان. ئۇزۇن كارىدورنى 1968-يىلى ج. پ. ۋاختېر ھەم ب. ۋېستېمانلار ياساتقان. بۇ، شەخسىي ئۆي ۋە باروكچە چوڭ زالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇرۇن ئوردىنىڭ پائالىيەت سورۇنى بولغان. ھازىر "ھېررىن ھاۋسىن مۇزىكا ۋە تىياتىرى" بويىچە يازلىق پائالىيەت ئۆتكۈزۈش جايى قىلىنغان.

سەيلە قىلغۇچىلار ئىككى بىنا ئارىلىقىدىن چوڭ باغقا كىرىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي شەكلى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ ئۈچ تەرىپى ئېرىق ۋە تـۇرلۇك دەرەخلىق يول بىلەن ئورالغان. دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى دېـگـۇدەك چـانـاپ-قـىرقىپ ئۆستۈرگەن. دەرەخ چىتلاقىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ. باغنىڭ ئالدىدىكى ئاساسلىق قىسمى "سەيلە رايونى" بولۇپ، تاختاي ياتقۇزۇلغان. سەككىز چوڭ تۆت بۇلۇڭغا ئايرىلغان ھەم ئۆسۈملۈك بىلەن باروك ئۇسلۇبىدا بېزەلگەن. 32 ھەيكەل ئورنىتىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە چىر. ۋىسكىنسىنىڭ سەككىز قۇتىلىق بېزىكى كـىشىلەرنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدۇ. فونتان بۇلىقى كىشىلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ، شارقىراتما ۋە كامېر ئۆي ئارقىلىق سىرلىق ئوردىغا كىرگىلى بولىدۇ. باغ ئوتتۇرىسى كىچىك بۇتخانا بولۇپ، ئەتراپى سۇپا

ئىگىلىرى توپلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە لېبنىز ۋە مۇزىكانت گېئورگ فرېدرىخ ھەندېل بار. ھەندېل ئوردا مۇزىكا ئەترىتىنىڭ دىرىژورى بولغان، (1710 — 1712) ، كېيىن لوندونغا بارغان، 1714-يىلدىن بۇيان ئۇلۇغ برىتانىيە ۋە ئىرلاندىيە شاھىنىڭ ھاننوۋېردا خەلق تەرىپىدىن سايلانغان تۆرىسى گېئورگ فرېدرىخنىڭ قول ئاستىدا ئوردا مۇزىكانتلىرىنىڭ دىرىژورى بولغان. 1985-يىلى، بۇ ئاتاقلىق مۇزىكانتنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 300 يىل بولغان پەيتتە، ھېررىن ھاۋسىن بېغىدا تۈرلۈك مۇزىكا يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلگەن، دراما ئورۇندالغاندا، ھەندېلنىڭ مۇزىكىسى ياڭراپ پەلەككە يەتكەن. باروك ئۇسلۇبىدىكى ھېررىن ھاۋسىن بېغىغا يېتىدىغان باروك دەۋرى مۇزىكىسىغا لايىق جاي ئىككىنچى بولۇپ باقمىغانىكەن. ھازىرمۇ بۇ يەردە دەۋر روھى داۋاملىق ئىپادىلەنمەكتە.

1682-يىلى سوفېي مارتىن ساربوننېرنى باغۋەنلىككە تەيىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ باغ ھازىرقىدەك ساقلىنىپ كەلگەن. 1696-يىلدىن 1714-يىلغىچە، سوفېي ھېررىن ھاۋسىندا تۇللۇق تۇرمۇش كەچۈرگەن، مۇھىم بىنالارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ مەزگىلدە ياساپ پۈتتۈرۈلگەن. 1714-يىلى 84 ياشلىق سوفېي ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان گۈللۈك بېغىدا يۈرەك كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ھازىر سەيلە قىلغۇچىلار باغچىدا ئۇنىڭ مەرمەر تاشتا ئىشلەنگەن ھەيكىلىنى كۆرەلەيدۇ.

باغ 1756-يىلدىن كېيىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. 1803 — 1814-يىللىرى، ھاننوۋېرنىڭ قىسمەن جايلىرى غەربىي فالىن پادىشاھلىقىغا تەۋە بولۇپ، ناپالېئوننىڭ ئىنىسى جېرومنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان. 1814-يىلى، ھاننوۋېر قايتۇرۇپ ئېلىنغان ھەم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن كېڭەيتىلىپ جاكارلانغان. ئارخىتېكتور گ. ليۇدۋىگ فرىدىر. لاۋس ئوردا قورۇلىرىنى كلاسسىك ئۇسلۇبتا كېڭەيتىپ، يېڭى بىنالارنى سالدۇرغان.

پادىشاھ چاتقاللىقلىرىدىكى "ئالتۇن ئىشىك"تىن 1698-يىلى بىنا قىلىنغان چوڭ باغنىڭ تۇغرا يۈزى كۆرۈنىدۇ. چوڭ باغنىڭ ئالدىنقى قورۇنىڭ ئۇزۇن كارىدورى ۋە ئاپلىسىنزارلىقىدا ف. ۋ. ئېنگېلھارد 188-يىلى ئىشلىگەن سوپپىنىڭ (1714 — 1630) ھەيكىلى كۆرۈنىدۇ.

چوڭ فونتان بۇلاق (1720)، ياۋروپا بويىچە ئەڭ زور فونتان بولۇپ، ئېتىلىپ چىققان سۇنىڭ ئېگىزلىكى 82 مېترغا يېتىدۇ.

"سەيلىگاھ" ئوتتۇرىسىدىكى فونتاندىكى سەككىز تاشتەكتە بېزەلگەن 24 ھەيكەل.

چوڭ «لۇستىنتوك»تىكى بېزەكنى چىرۋىسكىن ئىشلىگەن (1710 — 1711). ئانتونىئولاگى ئىشلىگەن ھەيكەل.

18-ئەسىردە نامىسىز ئاپتور ئىشلىگەن ھەيكەل. ئورفىرپىنىڭ «يەر شارى». تۆتلىك گورۇپپىنىڭ بىر قىسمى.

باغ تىياتىرخانىسىنىڭ كىچىلىك نومۇرى، ساسبىيانىڭ «ياز كېچىسىدىكى چۈش». ئۇزۇن كارىدوردا ئوينالغان ھەندېل ئوپېراسى «سېر شېس».

كۇتۇپخانا ئورنى ئۆسۈملۈك باغچىسىدا، گىئورگى لىيۇدۋىخ، فرىدرىخ لاۋېسنىڭ ئەسىرى. ئەينى ۋاقىتتا پادىشاھ بېغىنىڭ باغۇەنچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئولتۇراق جايى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ 1817 — 1819-يىللىرى بىنا قىلىنغان. 1725-يىلى بىنا قىلىنغان ئاپلىسىنزارلىق.

## بامبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىيات بۆلۈمى توغرىسىدا

ئىكەن. ئورمان ۋە كۆلچەكلەر ئارىلىقىدا سەككىز رەت گۈلزارلىق بەرپا قىلىنىغان. 1937-يىلى پۈتتۈرۈلگەن بۇ باغدا ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇبلار نـامـايـان قـىلـىنىغان. مەسىلەن، ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللەنگەن دەۋر ئـۇسلۇبىدىكى باغچا، تۆۋەنكى ئەرمەنلەر گۈلى باغچىسى، باھار سۈيى باغچىسى...

سەيلە قىلغۇچىلار ئۇزۇن كارىدورنىڭ شىمالىي تەرىپىگە بۇرۇلسا، 1693-يىلى ياسالغان چوڭ باغ تىياتىرخانىسىغا كېلىدۇ. بۇ ياۋروپا بويىچە ئەڭ بالدۇرقى دەرەخ چىتلىق تىياتىرخانا ھېسابلىنىدۇ. سەھنىسى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە بولۇپ، ئارقا تەرىپى بارغانچە تارلىشىپ بارىدۇ. ئۇ دەۋەنشۇ دەرىخىنىڭ ياغىچىدا ئىشلەنگەن. ئارقا سەھنىسى ۋە كىيىم يەڭگۈشلەش ئۆيى دەرەخ چىتتىن ھاسىل قىلىنىغان. ئىككى يېنىدا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ھـەيكەللەر بار، بۇ گوللاندىيە ھەيكەلتىراشى پېتر. ۋان ئېمپتۇسنىنىڭ ئەسىرىگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن. ياز پەسلىدە بۇ يەردە تۈرلۈك پائالىيەت ئۆتكۈزۈلىدۇ.

پادىشاھنىڭ چاتقال ۋە گەنجەلىرى تىياتىرخانا بىلەن ئۇزۇن كارىدور ئارىلىقىدا بىر دەم ئېلىش زالىنى ھاسىل قىلغان.

كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سۇ مەنزىرىسى ۋە دەرەخ چىتلىرى ئىچىدە بـاروكـچـە مۇزىكا بىلەن گۈزەل ياز كېچىسىنى ئۆتكۈزگەن ھەرقانداق سەيياھ-تاماشىبىن بۇ كۆنلىرىدىن مەمنۇن بولىدۇ پەخىرلىنىدۇ.

## مۇزىكا-دراما بېغىدىكى ھەيكەل ۋە مەنزىرىلەر ھەققىدە ئىزاھات

**ئىران بۆلۈمى:**

بۆلۈم باشلىقى: پروفېسسور، دوكتور بەرت فراگوئېر

(ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ۋە يېقىنقى زامان تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ۋە شىنجاڭدىكى تاجىك خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدۇ)

ئاسسىستان، دوكتور بىرگىت ھوفمانن.

(پارس ئەدەبىياتىنى، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ)

**ئىسلام تەتقىقاتىغا ئائىت بۆلۈم:**

بۆلۈم باشلىقى: پروفېسسور، دوكتور روفجائۇت ۋىئېلاندىت.

Rofcaut Vielandit

(ئىسلام تارىخى، ئىسلام چۈشەنچىلىرى، زامانىۋى دىنىي ئېقىملار، تۈركىيە ۋە ئەرەب مەملىكەتلىرىدىكى، جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئىسلام دىنى، گېرمانىيىدىكى ئىسلام ئېقىملىرى، ئەرەب ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ)

**تەتقىقاتچىلار:**

سابىنە پروتور م. ئا

(تۈركىيىدە ئىسلام، گېرمانىيىدىكى تۈركلەر ئارىسىدىكى دىنىي تەربىيە قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ)

**ئىسلام سەنئىتى ۋە ئارخېئولوگىيە بۆلۈمى:**

بۆلۈم باشلىقى: پروفېسسور، دوكتور باربارافىنتەر.

(ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، يەمەن سەنئەت تارىخىنى، تۈركىيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ).

**ئەرەب بۆلۈمى:**

بامبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىكى پروفېسسور دوكتۇر مارىيئاننا بودوجكەر خانىم بىزگە ئۇنىۋېرسىتېت شەرقىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇردى:

ئادرېسى: An der universitut

D—8600 Bamberg

West Germany

**تۈركولوگىيە بۆلۈمى:**

بۆلۈم مۇدىرى: پروفېسسور، دوكتور كلاۋوس . تەتقىقات خىزمىتى دائىرىسى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تارىخى، مەدەنىيەت ساھەسى، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخى، سەنئەت، سىياسى، دىنى، تەربىيىۋى جەھەتلەر تارىخى.

دوتسېنت سەمىخ تەزجان.

(ئورخون تۈركچىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، قۇتادغۇبىلىك، دىۋان لۇغات تۈرك، نەجول، فەراپىس، ئوسمان تۈركچىسى، هازىرقى زامان تۈرك تىلى، تاتار تىلى، ئەرەبچە بىلىدۇ)

ئاسسىپتان: ئىنگەبورك بالدائوف

(ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تىللىرى، ئۆزبېكچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەلق ئەدەبىياتى، فولكلورى، ئىسلامدا خەلق ئېتىقادلىرى، هازىرقى زامان ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىل-يېزىق ئىشلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.)

دوكتور مارتىن ستروهم جىئەر.

(تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىسىگە ئائىت يېقىنقى زامان تارىخىنى، تۈركىيىنىڭ مائارىپ، ئۇنىۋېرسىتېتلار ئەھۋاللىرىنى، گېرمانىيىدىكى تۈركلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدۇ)

# ئىزاھات

بۇ ئەسەر سوۋېت ئىتتىپاقى تېخى پارچىلانمىغان، گېرمانىيە بىرلىككە كەلمىگەن چاغلاردا يېزىلغان بولغاچقا، ئەسەر مەزمۇنىدا شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دۆلەت ئىسىملىرى ۋە شەھەر-جاي ناملىرىمۇ تارىخقا ھۆرمەت قىلىنغان ھالدا ئەينى چاغلاردىكى ئاتىلىشى بويىچە ئېلىنغان. كىتابخانلارنىڭ ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىنى سورايمىز.

بۆلۈم باشلىقى: پروفېسسور، دوكتور ف. د. ئانكالىكا نەئۇۋىرت.

(ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام چۈشەنچىلىرى، ئەرەب كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدۇ)

دوتسېنت: ۋىئەبكە ۋالتەھەر.

(ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاياللار مەسىلىسىنى، ئەرەب ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدۇ)

**خەلق مۇزىكىسى بۆلۈمى:**

بۆلۈم باشلىقى: پروفېسسور، دوكتور، مارئاننا بىرۆجكەر.

بېيجىڭ تىياترى، شىنجاڭ كلاسسىك ۋە خەلق مۇزىكىلىرى، خەلق ئۇسسۇللىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. گېرمانىيىگە قىلغان زىيارەت ۋە ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئاخىرى بامبېرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇشۇ سۆھبىتىمىز بىلەن ئاخىرلاشتى.



مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئىمىن

مەسئۇل كوررېكتورى: كامىل تۇرسۇن
مەرۇپجان مەتتىمىن

# بىلىم ۋە زىيارەت

مەتتىمىن يۈسۈپ

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ.
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64228007)
تىزغۇچى: بوغدا ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1998-يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1998-يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 25.00 يۈەن